www.kitaphumar.net

# نادىر ماقالىلەر توپلىمى

## (14)

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2014 ـ يىلى 11 ـ ئاي

مەنبە: شىنجاڭ يازغۇچىلار مۇنبىرى، باغداش مۇنبىرى، ئىزدىنىش تورى قاتارلىقلار

www.kitaphumar.net

# مۇندەرىجە

1. يېپەك يولىدا قەغەزنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ شەرق-غەرپ مەدەنىيىتىنى ئۇچراشتۇرۇشتىكى رولى ئۈستىدە تەھلىل ..................ماخمۇد ئابدۇۋېلى 3.

2. ئىجادىيەت ئاشناسى، ئانا تىلنىڭ سادىق پەرۋىشكارى.........................
.............................................سادىر تۇرسۇننىياز ئۇدۇنلۇق16

3. كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى ۋە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى مەسىلىسى.................
سەمەت مەمتىمىن تىلچىن ......................................................37

4. قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ مەككە شەھرىدىكى ئۆي - زېمىنى توغرىسىدا........
................................................يۇنۇس سادىق48

8.5-ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ-جۇغراپىيىسىگە ئائىت قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ۋە قولىيازمىلار.................گېزا ئۇراك (ۋېنگرىيە)55

6. بىزگە مەمتىلى ئەپەندىدەك ئوغلانلار كېرەك!................داۋۇت ئوبۇلقاسىم82

7. ئىلى سۇلتانى ئوبۇل ئەلانىڭ چەت ئەلدىكى تۇتقۇنلۇق ھاياتىغا دائىر مۇھىم ئۈچ ھۆججەت.....................................ئابدۇۋەلى مۇقىيت96

8. ئۇيغۇرلاردا پۇل بارمۇ؟...................................غالىپ بارات ئەرك111

9. شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈشلەر ۋە قەدىمكى تۈركچە ۋەسىقىلەرنىڭ بايقىلىشى.......
...................................................تۇگۇشېۋا (روسىيە)138

10. سۇفىزىمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شىنجاڭغا كىرىشى ھەققىدە ئومۇمىي بايان........
.......................................................جوۋ شىيېفەن149

11. ئۇيغۇرلاردىكى تەڭئات مەسىلىسى ..................پەرھات مەمتىلى جىلان173

12. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرئىجادىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتى............
..........................................پولات غەنىزات غەيۇرانى185

www.kitaphumar.net

# يىپەك يولىدا قەغەزنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنى ئۇچراشتۇرۇشتىكى رولى ئۈستىدە تەھلىل

ماخمۇد ئابدۇۋېلى

**مۇھىم مەزمۇنى:** جوڭگو مەدەنىيىتى بىلەن ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا قاتارلىق جايلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى خىلى بۇرۇنلا ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىپ كەلگەن بولۇپ بۇ قەدىمقى مەدەنىيەتلەر ئالاقە قىلىشىشتا دەل يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان شىنجاڭ رايونى كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كالگەن.مەزكۇر ماقالىدا ئاساسلىغى ياۋروپا قىتئەسى بىلەن ئاسىيا قىتئەسى ئوتتۇرىدىكى قەدىمكى بۇ يىپەك يولى دەپ ئاتالغان مۇھىم تۈگۈنىنىڭ قەغەزنى ۋە قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى ئوتتۇرا دېڭىز رايونلىرىغا تارقىتىشتىكى مۇھىم ئورنى ۋە قەغەزنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى رولى ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە تەھلىل يۈرگۈزىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:**يىپەك يولى قەغەز مەدەنىيەتنىڭ ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتىشى

جۇڭگو بىلەن باشقا ئەللەرنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى جەريانىدا قەغەز ئىنتايىن ھالدا جۇڭگو مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ كەلدى،شۇڭلاشقا بىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە دائىملا جۇڭگونىڭ قەغەزچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ باشقا ئەللەرگە تارقىلىشىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلدۇق، ئەلۋەتتە جۇڭگونىڭ قەغەزچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ باشقا ئەللەرگە تارقالغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان پاكىتلار بۇ تېمىنى تېخمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېتەرلىك ماتېريال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەمما قەغەزنىڭ باشقا ئەللەرگە بولۇپمۇ ياۋروپا ئەللىرىگە قانداق تارقىلىپ بارغانلىقى ھەم قەغەزنىڭ شۇ جايلارغا تارقالغاندىن كېيىن پۈتكۈل دۇنيا ئەللىرى مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە ئىنتايىن سەل قارىلىپ كەلدى. بولۇپمۇ قەغەزنىڭ ۋە قەغەز ياساش تېخنىكىسىنىڭ ياۋروپاغا تارقىلىشىدا ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭ رايونىنىڭ ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولى ئىنتايىن نەزەرگە ئېلىنمىغاي كەلدى. بۇ ئەھۋال

www.kitaphumar.net

تەتقىقاتچىلىرىمىزنى بۇ مەسىلە ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىشى ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزىشىنى كۈتمەكتە.

1877-يىلى گېرمانىيىلىك مەشھۇر جۇغراپىيەشۇناس ئېكسپېدىيىچى رىچتوفىن ئۆزىنىڭ «جوڭگو» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە تۇنجى بولۇپ «يىپەك يولى» (Seidenstrassen) دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتتى.مەزكۇر ئەسەردە رىچتوفىن ئەپەندى « يىپەك يولى» غا « مىلادىدىن ئىلگىرىكى 114-يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 127-يىل ئارىلىغىدىكى جوڭگو بىلەن ئىككى دەريانى تۇتاشتۇرۇدىغان (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەريالىرىنى كورسەتكەن) ھەمدە جوڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك سودىسىنى ئاساس قىلغان غەربىي يۇرتتىكى قاتناش يولى» (1) دەپ ئېنىقلىما بەرگەن. بۇ ئاتالغۇ ناھايىتى تېزلا غەرپ ئىلىم ساھەسىدىكى كۆپ قىسىم ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئەنگلىيە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يولنى« Silik Roads» دەپ ئاتىغانلىقتىن تا ھازىرغىچە پۈتكۈل غەرپ دۇنياسىدا مۇشۇ خىل ئاتاش ئادەتكە ئايلىنىپ كەلدى.1910-يىلى گېرمانىيىلىك خەنزۇشۇناس ئالبېرت ھېرمان (Albert Herrmann) ئارخىلوگىيىلىك تېپىلمىلار ۋە ۋەسىقەشۇناسلىق تەتقىقاتى مەۋقەسىدە تۇرۇپ يىپەك يولى ئۇقۇمىنى قايتىدىن شەرھلەپ ئۆزىنىڭ « جوڭگو ۋە سۈرىيە ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك قەدىمى يولى » دېگەن ئەسىرىدە « بىز بۇ ئاتالغۇ كۆرسەتكەن قەدىمىي يولنىڭ غەربىي ئۇچىنى ناھايىتى يىراق بولغان سۈرىيىگىچە بارىدىغان يولغىچە ئۇزارتىشىمىز كېرەك» (2) دېگەن قاراشنى ئوتتۇرۇغا قويدى. رىچتوفىن ئەپەندى يىپەك يولىغا بەرگەن ئېنىقلىمىسىدا جاك چىيەنىنىڭ غەربىي يۇرتقا ئىككى قېتىم ئەلچىلىككە بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن يېزىلغان سى ماچيەننىڭ«تارىخنامە پەرغانە تەزكىرىسى» دىكى غەربىي يۇرت رايونىدىكى يىپەك سودىسىنىڭ ئاۋات بولىشىدەك تارىخى پاكىتنى ئاساس قىلغان. ھېرمان يىپەك يولىنىڭ غەربىي ئۇچىنى سۈرىيەگىچە تۇتاشتۇرۇشىدىكى سەۋەب جاك چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي جوڭگو يىپەكلىرى غەربىي يۇرتتىكى قاتناش يولىدىن سۈرىيە قاتارلىق جايلارغا كەلتۈرۈلگەن بولغاچقا كۆپلىگەن ئەللەر يىپەك يولى دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئىشلىتىشكە باشلىغانلىغىنى ئاساس قىلغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە جۇ سۇلالىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقىتتىلا يىپەك جوڭگو ۋە غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق سودا بۇيۇمى بولۇپ قالغان بولۇپ بۇ سودا بۇيۇمىنىڭ شەرقتىن غەرپكە توشۇلىشىدىكى ئاساسلىق تۈگۈن بولغان شىنجاڭ رايونى يىپەك

www.kitaphumar.net

سودىسىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغاچقا بۇ رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. يىپەكتىن باشقا يەنە قاشتېشى، ئەينەك قاتارلىق بۇيۇملارمۇ شەرق-غەرب سودىسىدىكى ماددى بۇيۇملار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە شىنجاڭ رايونىدىكى يىپەك بۇيۇملىرىنىڭ يىراق شەرققە ۋە ياۋروپاغا توشۇلغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر. بىراق يىپەك يولىدا يىپەكتىن سەل كېيىنلا ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپا ئەللىرىنى تاڭ قالدۇرغان قەغەزنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە قەغەز ياساش تېخنىكىسىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز رايونلىرىغىچە تەسىر كۆرسىتىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە ناھايىتى مۇھىم رولىنى ئوينىغان. ئەلۋەتتە قەغەزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتىدىكى رولى يىپەك، قاشتېشى، ئەينەك قاتارلىق ماددى بۇيۇملاردىن زور پەرقلىق بولغان .

قەغەزنىڭ قانداق ئۇسۇلدا ياسىلىشى ھەققىدە كۆپ توختالمىساقمۇ ئۇقۇرمەنلىرىمىزگە مەلۇم بولسا كېرەك. ئەزەلدىن ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە ئېيتقاندا قەغەز ئەڭ دەسلەپ مىلادىيە 89-يىل بىلەن 105-يىلىنىڭ ئارىلىغىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سەيلۇن تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، ھەم مىلادىيە 105-يىلى سەيلۇننىڭ بۇ ئىجادىيىتى شەرقىي خەن سۇلالىسى خانىنىڭ تارتۇقلىشىغا ئېرىشكەن. دەرھەقىقەت ھازىرغىچە قەغەزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىجاد قىلىنىپ ئاندىن ئوتتۇرا شەرق ۋە غەرب دۇنياسىغا تارقالغانلىقىدەك قاراشلار ھازىرغىچە ئىلىم ساھەسىدە پۈت تىرەپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما يېقىنقى دەۋردىكى ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئارقا-ئارقىدىن بايقالغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بۇ روناقى ئەنئەنىۋى قاراشلارغا گۇمانى سوئال قويدى. شۇئەن دىكى بېيچاۋ خارابىسىدىن تېپىلغان غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان قەغەز پارچىلىرى سەيلۇننىڭ قەغەز ئىجاد قىلغان يىل دەۋرىدىن ئىككى يۈز يىل بۇرۇنقى قەغەز ئىكەنلىكى ئىسپاتلىدى(3). بېيچاۋ خارابىسىدىن تېپىلغان بۇ قەغەز پارچىلىرىدىن بۇرۇنلا يەنى 1933-يىلى خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندى شىنجاڭنىڭ لوپنۇر رايونىدىكى خەن دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان قەدىمىي قەبرىدىن غەربىي خەن سۇلالىسى شۈەندىي خان مەزگىلىدىكى قەدىمىي قەغەز پارچىلىرىنى تاپقان، خەن سۇلالىسى شۈەندى خان مەزگىلى بولسا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 73-يىلدىن 49-يىلغىچە بولۇپ لوپنۇردىن تېپىلغان بۇ قەدىمىي قەغەزلەر سەيلۇننىڭ قەغەز ئىجادىيىتىدىن 100يىل بۇرۇنقى قەغەزلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ(4) . ئەينى ۋاقىتتا لوپنۇردىن تېپىلغان بۇ قەدىمىي قەغەز غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بىردىن بىر قەدىمىي قەغەز بولۇپ شۇئەن

www.kitaphumar.net

دىكى بېيچاۋ رايونىدىن تېپىلغان بۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولغان قەغەزنىڭ بايقىلىشى ئوتتۇرا تۆزلەڭلىك ۋە شىنجاڭ رايونىدا سەيلونىنىڭ قەغەز ئىجادىيىتىدىن بۇرۇنلا قەغەزنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ۋە خېلى كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى يىتەرلىك ئىسپات بىلەن تەمىن ئېتىدۇ (5). ئارخىلوگلار شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى قەغەزنىڭ ئەۋرىشكىسىنى خېمىيىلىك ئۇسۇلدا ئانالىز قىلىش ئارقىلىق قەغەز ياساشقا ئىشلەتكەن ماتىريالنىڭ دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمقى قەغەز نىڭ ماتىريالى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇ خىلدىكى قەغەزلەر ئوخشاشلا كەندىر ياكى دەرەخ قوۋزاقلىرىدىن ياسالغان بولۇپ ياسىلىش ئۇسۇلى ئاددى ھەم ماتىريال مەنبەئەسى يىتەرلىك بولغاچقا ئەتراپتىكى رايونلارغا تارقىلىش سۈرئىتىنىڭ تېز بولىشى تەبىئى ئىدى.1901-يىلى ئاۋرېل ستەيىن لوپنۇر رايونىدىن كۆپلىگەن قەغەز پارچىلىرىنى تاپقان 1910-يىلى ۋىنالىق فىزئولوگ ۋىنسىر خېمىيىلىك ئانالىز قىلىش ئارقىلىق بۇ قەغەزنىڭ لاتا قېتىلغان ئۆزمە قوۋزاقلىرىدىن ياسالغانلىغىنى ئىسپاتلاپ چىققان(6) بۇ شىنجاڭ رايونىدا قەغەز ياساشقا ئىشلىتىلگەن ماتىرياللار ئوتتۇرا تۆزلەڭلىك رايونىدىكى ماتىرياللاردىن مەلۇم جاھەتتىكى پەرقلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلىغان. گەرچە بىر قىسىم ئىلىم ئەھلىلىرى قەغەز ئەڭ دەسلەپتە ئوتتۇرا تۆزلەڭلىك رايونىدا كەشىپ قىلىنىپ ئاندىن شىنجاڭ رايونىغا كەلگەن دىگەن قاراشنى ئىزچىل قوللاپ كىلىۋاتقان بولسىمۇ ئەمما شىنجاڭ رايونىدىكى قەدىمى خارابىلەردىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە ئوتتۇرا تۆزلەڭلىكتىكى قەغەز ياساشقا ئىشلىتىلگەن ماتىرياللار بىلەن پەرقلىق بولغان ماتىرياللاردا ياسالغان قەغەز پارچىلىرىنىڭ بايقىلىشى بۇ كونا قاراشقا قايتىدىن قاراپ چىقىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئارخىلوگىيىلىك بىلىممىزنىڭ چەكلىك بولىشى تۈپەيلى بىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز شۇنداقتىمۇ ئارخىلوگىيە پېنىنىڭ تەرەققىياتى بۇ مەسىلىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلالايدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

قەغەز ياساش تېخنىكىسى سىرتقا تارالغاندا دائىم دىگۈدەك يەرلىك ئالاھىدىلىگىنى ساقلاپ يەرلىكتىكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ ئوخشاش تېخنىكا بىلەن خىلمۇ-خىل ماتىرياللار ئىشلىتىلىپ قەغەز ياساش ئۇسۇلى بارلىققا كەلگەن. بۇ خىلدىكى قەغەز ياساش ئۇسۇلى ئەڭ بالدۇر جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن جۇڭگو بىلەن خوشنا بولغان مەدەنىيەت جەھەتتە جۇڭگو مەدەنىيەت چەمبىرىگە مەنسۇپ بولغان چاۋشيەن، ياپون قاتارلىق شەرقي ئاسيا دۆلەتلىرىگە تارقالغان.

www.kitaphumar.net

قەغەز ئەڭ دەسلەپ نەرسە-كېرەكلەرنى ئوراشقا ئىشلىتىلگەن بولۇپ مىلادىنىڭ ئالدى كەينىدە كىشىلەر دەرەخ قوۋزاقلىرى، تارشىلارغا بەلگە خەت چۈشۈرۈپ خاتىر قالدۇرۇشقا قارىغاندا قەغەزگە خاتىرە قالدۇرۇشنىڭ كۆپ قولاي ئىكەنلىكىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن قەغەزنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىدا ئۆزگىرىش بولۇپ ئۇنىڭ قىممىتىمۇ يۇقۇرىلىغان. بۇددا راھىپلىرىنىڭ بۇددا نوملىرىنىڭ شەرھىسىنى قەغەزگە يېزىپ ساقلىشى ۋە ئۇنىڭ تارقىتىلىشى قەغەزنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇنۇمدارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان ۋە بۇددا دىنىنىڭ تېز سۈرئەتتە تارقىلىشىغا تۈرتكە بولغان. قەغەزنىڭ تۇۋارغا ئايلىنىشى بولۇپمۇ جوڭگوغا يېقىن بولغان دېڭىز بويى رايۇنلىرىنىڭ جۇڭگودىن (ھىندونىزىيە، ياپونىيە، چاۋشيەن، مالاي تاقىم ئاراللىرى ) ئىمپورت قىلىدىغان ئاساسلىق بۇيۇم ئىكەنلىكىگە دائىر تارىخي ئىسپاتلار ئەينى دەۋردە مۇشۇ رايۇنلارغا كەلگەن غەرپلىك سەيياھلار ۋە دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە قەيىت قىلىنغان(7).

يىپەك يولىنىڭ تۈگىنى ۋە بۇ تۈگۈن بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايۇنىنىڭ قۇرغاق ھاۋا كىلىماتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايۇنىنىڭ ھاۋا كىلىماتى بىلەن ئوخشىمىغاچقا قەغەز ياساش تېخنىكىسى ۋە قەغەز ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ياساش ئۇسۇلى ۋە ماتېرىياللار دىن پەرقلىق بولدى. بۇ رايۇندىكى قەغەزلەر ئەسكى-تۈسكى پاختا رەخت ۋە كەندىردىن ياسالغان تاشلاندۇق رەختلەردىن ياسالدى، بۇ خىلدىكى ماتېرىياللاردىن باشقا يەنە ئۈژمە يوپۇرمىغى ۋە قوۋزاقلىرىن ياسالغان قەغەزلەرمۇ كۆپ سالماقنى ئىگەللىگەن.1972-يىلى شىنجاڭ ئارخىلوگىيە خادىملىرى تۇرپاندىكى ئاستانە قەۋرىستانلىقىدىن بىر پارچە ھۆججەت تاپقان بولۇپ بۇ ھۆججەتتە تۇرپاندىكى قەغەز ياساش دۇكانلىرى تىلغا ئېلىنغان(8). بۇ ھۆججەتتىن مۇتەخەسسىسلەر ئەينى دەۋردە يەنى مىلادىي 7-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى تۇرپاندا كەڭ كۆلەمدىكى قەغەز ياساش ئورۇنلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان. بۇ يىپەك يولىدىكى بۇ مۇھىم ئۆتكەلدە قەغەز سودىسىنىڭ ناھايىتى گۈللەنگەنلىكىنىڭ روشەن بەلگىسى ئىدى.

ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن ئىلگىرى غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا دېڭىز رايۇنلىرىدا شىنجاڭ رايۇندىكىگە ئوخشاش قەغەز ۋە قەغەز ياساش ئۇسۇلىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ھازىرچە بىرەر يىتەرلىك ئىسپات يوق، ئارخىلوگىيىلىك تېپىلمىلارمۇ ھازىرچە بۇنى ئىسپاتلىغىنى يوق. ئەمما شۇ دەۋردىكى يازمىلار، تارىخي ھۆججەتلەر ئوتتۇرا شەرق رايۇنىنىڭ ئالاھىدىلىگى بويىچە ياخشى ئاشلانغان قوي تېرىسى، كالا تېرىسى قاتارلىقلارغا

يېزىپ قالدۇرۇلغان، مانا بۇ بىز دائىم ئاتاپ كېلىۋاتقان تېرە قەغەزدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا مىسىر قاتارلىق جايلاردا قەغەز ئورنىدا ئىشلىتىلگەن چوڭ يۇپۇرماقلىق ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ بۇ خىل ئۆسۈملۈكلەر مىلادىدىن ئىلگىرى3000يىللار بۇرۇنلا مىسىرنىڭ نىل دەرياسى بويىدا بار بولغان.كېيىنچە بۇ خىل ئۆسۈملۈك گىرىتسىيەگە كىرگەن بولۇپ گىرىك تىلىدا كارتېس(Khartes) دەپ ئاتالغان . كېيىنچە بۇ ئاتالغۇ ياۋرۇپادىكى كۆپلىگەن ئەللەرنىڭ قەغەز ئاتالغۇسىنىڭ سۆز يىلتىزى بوپ قالغان. ئىتالىيە تىلىدىكى Carta سۆزى دەل مۇشۇ نى يىلتىز قىلغان. رىملىقلار بۇ خىل قەغەز ئورنىدا ئىشلىتىلگەن ئۆسۈملۈكنى Paprus دەپ ئاتىغان بولۇپ ئېنگىلىس تىلىدىكى قەغەزنى ئىپادىلەيدىغان Paperسوزى ئىتالىيە تىلىدىكى paprus تىن ئۆزگۈرۈپ كەلگەن.

هايۋانات تېرىسىدىن ياسالغان قەغەز قەدىمقى ئوتتۇرا دېڭىز رايۇنىنىڭ مەدەنىيەت هادىسىسى بولۇپ غەرب ئەللىرى ئومۇمەن دىگۈدەك بۇ خىل قەغەزنى Parchment دەپ ئاتىغان بۇ ئاتالغۇ تۈركىيىنىڭ Pargamon دىگەن شەهرىنىڭ نامىدىن ئۆزگۈرۈپ كەلگەن. بۇ خىلدىكى قەغەزنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى ئاددى بولۇپ ئۇنىڭ ئۇستىگە چىدامىلىق ئۇزۇن ساقلىغىلى بولاتتى. ئەڭ دەسلەپكى يەهۇدىي دىنىنىڭ دىنني ئەقىدىلىرى ئىبراي تىلىدا مۇشۇ خىل قەغەزگە يېزىپ قالدۇرۇلغان. ئەڭ دەسلەپكى مۇكەممەل بولغان «قۇرئان» مۇ مۇشۇ خىل تېرە قەغەزگە يېزىلىپ ساقلانغان.

ئىسلام دىنىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى قەۋم-قەبىلىلەر بىرلىككە قەدەم قويىدى بىرلىكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بىلەن ئىسلام قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسيا رايۇنىغا كۆز تىكتى. مۇسۇلمان ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسيانى ئىستىلا قىلىشى 7-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 8-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كەلدى.مىلادىي 7-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا بۇگۈنكى ئوتتۇرا ئاسيادىكى ئامۇ سىر دەريا بويلىرىدىكى ئەللەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش رايونى بولۇپ 8-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئەرەپ ئەللىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ بۇ رايۇنلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئەرەپ خانلىغىنىڭ تالىشىش ئوبيېكتىغا ئايلانغان. 749-يىلى ئوتتۇرا شەرق رايۇنىدا ئابباسلار خاندانلىغى قۇرۇلغاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئابباسلار خاندانلىغىنىڭ ئوتتۇرا ئاسيا رايۇنىدا تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. بۇ تىركىشىش ئاخىرى تالاس ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەپ بولدى. ئەرەپ خانلىغى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا ئاسيانى تالىشىش سەۋەبىدىن پارتلىغان تالاس ئۇرۇشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن ئەرەپ ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەتلەر

www.kitaphumar.net

ئۈچرىشىشنى ۋە بۇ ئىككى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئىسلام دىنى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدە ئويلىمىغان نەتىجىلەرنى بەردى يەنى قەغەز ياساش تېخنىكىسىنىڭ غەربكە كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولدى (9) تالاس ئۇرۇشىدا ئەرەبلەرگە ئەسىرگە چۈشكەن غەربىي يۇرتلۇق ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن ئەسىرلەر ئارىسىدا كۆپلىگەن ھۈنەرۋەنلەر بار بولۇپ ئەرەپ قوشۇنلىرى ئەسىرلەرگە يېقىچە مۇئامىلە قىلىپ ئۇلار ئارىسىدىكى ھۈنەرۋەنلەرنى بولۇپمۇ قەغەز ياساش ئۇستىلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە باشلىدى. بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك قانلىق ئۇرۇش تۈپەيلى ئەرەبلەرگە ئەسىر چۈشكەن بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەربىي يۇرتلۇقلار مەدەنىيەت ۋە يېڭى تېخنىكىنى يەتكۈزۈش ئەلچىسى بولۇپ ئەرەپلەر ئىستىلا قىلغان رايونلارغا كەلتۈرۈلدى. مۇشۇ ئاساستا ئابباسىلار خانلىقى ئالدى بىلەن مەشھۇر شەھەر سەمەرقەنتتە كۆلىمى زور بولغان قەغەز ياساش زاۋۇتىنى قۇرۇپ چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى مەدەنىيىتىنىڭ روناق تېپىشىغا تۈرتكە بولغان. ئىلگىرىكى تارىخى ئەسەرلەردە ۋە بەزى ئىلمىي ماقالىلاردا دەل مۇشۇ قېتىمقى تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىسلام ئەللىرىگە قەغەز تارقالغان دېگەن قاراش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ كەلدى. بىراق ئارخېلوگلار سەمەرقەنت رايونىدىن مىلادى 4-ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان قەغەزنى بايقىغان بۇ خىلدىكى قەغەزلەر ھازىرقى تاجىكىستان رايونىدىنمۇ بايقالغان(10) سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېلوگلىرى يەنە كالايموگ رايونىدىن مىلادى 720-يىللارغا تەئەللۇق بولغان سوغدىچە، ئەرەبچە، خەنزۇچە يېزىلغان 76پارچە ۋەسىقىنى بايقىغان(11). يۇقۇرىدىكى ئارخېئولو-گىيىلىك تېپىلمىلار تالاس ئۇرۇشىدىن بۇرۇنلا بۇ رايونلاردا قەغەزنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بۇرۇنقى كونا قاراشلارنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە يېتەرلىك ئىسپات بولالايدۇ. بۇ ئەينى دەۋردىكى يىپەك يولىنىڭ پەقەت يىپەك سودىسىنى ئاساس قىلىپلا قالماي قەغەز سودىسىنىڭمۇ كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلغانلىقى غەربىي يۇرت رايونىدىكى قەغەزنىڭ ئاللى قاچان بۇ جايلارغا يېتىپ بارغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تالاس ئۇرۇشى جۇڭگونى مەركەز قىلغان شەرق مەدەنىيىتى بىلەن سۈرىيىنى مەركەز قىلغان ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ئۇچرىشىشى بولۇپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە يىپەك يولىنىڭ تۈگىنىگە جايلىشىپ ھەرخىل ئاربلاشما مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئىگە شىنجاڭ رايونىدىكى ئىلغار قەغەز ياساش تېخنىكىسىنىڭ غەرپ دۇنياسىغا كەڭ دائىرىدە تارقىلىشىغا تۈرتكە بولغان. 762-يىلى ئابباس خەلىپىلىگى دەۋرىدە ئىسلام ئىمپىرىيىسى-نىڭ مەركىزى سۈرىيىدىكى دەمەشقتىن ئىراقنىڭ باغداتقا يۆتكەلدى بۇنىڭ بىلەن ئىسلام

www.kitaphumar.net

ئەللىرىدىكى قەغەز ياساش تېخنىكىسىنىڭ يېڭىلىنىشى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندى.

8-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە باغداتتىمۇ قەغەز ياساش ئورۇنلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 793-يىلى ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ بەشىنچى خەلىپىسى راشىد (786-يىلدىن 809-يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) پايتەخت باغداتتا كۆلىمى زور بولغان قەغەز ياساش زاۋۇتى قۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ كەڭ كۆلەمدە قەغەز ياساشقا كىرىشتى. بۇ ۋاقىتتا كىشلەر بۇ خىلدىكى قەغەزنىڭ تېرە قەغەز قاتارلىقلارغا قارىغاندا كۆپ قولايلىق، ئەپ يۈرۈشكىمۇ ئاسان ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەچكە تۇشمۇ-تۇشتىن قەغەز زاۋۇدلىرىنى قۇرۇشقا باشلىغان. ئەينى ۋاقىتتا ئىراقتىكى بىر سودا بازىرىدا100 گە يېقىن مەخسۇس قەغەز ياساش دۇكانلىرى بولغان. سۈرىيىدىكى دەمەشىق ئىسلام دۇنياسىنىڭ قەغەزچىلىك مەركىزى بولۇپ نەچچە يۈز يىللارغىچە ئىسلام ئەللىرىنىلا ئەمەس ياۋروپانىمۇ ئىزچىل تۈردە قەغەز بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان. 10-ئەسىرگە بارغاندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە شىنجاڭ رايونىدا پەيدا بولۇپ ئومۇملاشقان بۇ خىلدىكى قەغەزنى پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى ئومۇمي يۈزلۈك ئىشلىتىلىشكە باشلاپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

يىپەك يولىنىڭ تۈگىنى بولغان شىنجاڭدىن ئىلغارلىقىنىڭ سىمۋولى بولغان قەغەزنىڭ ۋە قەغەز ياساش تېخنىكىسىنىڭ ئىسلام ئەللىرىگە يەتكۈزۈلۈپ بېرىلىشى ئىسلام ئەللىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە تېز تەرەققىياتقا ئېرىشىپ ئىسلام دۇنياسى ئارقىلىق شىمالى ئافرىقا ۋە تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل قاتارلىق قەدىمىي مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە تارقىلىپ ئارقىدىن ياۋروپاغا يېتىپ بېرىپ ياۋروپا مەدەنىيىتىنى يېڭى ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلغان. 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەرەپ ئەللىرىدە ياسالغان قەغەز تۈنجى بولۇپ ئىسپانىيىدىكى خىرىستىيان مۇخلىسلىرىنىڭ قولىغا يەتكەن. ياۋروپالىقلار ئىسپانىيىدىكى مۇسۇلمانلاردىن بۇ خىل قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن.1150-يىلى ئەرەپلەر ئىسپانىيىنىڭ كوردىۋا شەھرىدە ياۋروپادىكى تۈنجى قەغەز ياساش زاۋۇتىنى قۇرۇپ چىققان. ئىتالىيە 11-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 12-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ خىلدىكى قەغەزنى ئىشلىتىشكە باشلىغان بولسىمۇ ئەمما 14-ئەسىرلەرگىچە بۇ خىلدىكى قەغەز ياساش تېخنىكىسى بۇ رايونلارغا تارقىلىپ كىرمىگەن. ياۋروپادىكى يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، ئىتالىيە قاتارلىقلار دۆلەتلەرنىڭ قەغەز مەھسۇلاتى باشقا دۆلەتلەرنى كۆچلۈك جەلىپ قىلغان. ئىتالىيىلىكلەر بۇ خىلدىكى

www.kitaphumar.net

تېخنىكىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن كەڭ كۆلەمدە قەغەز ياساپ قەغەز باھاسىنى چۈشۈرۈپ پۈتكۈل ياۋروپا ھەتتا شىمالىي ئافرىقا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى قەغەز سودىسىنى مونوپول قىلغان.مىسىردىن تېپىلغان قەدىمقى ۋەسىقىلەر مىسىردا 9-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى10-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇشۇ خىلدىكى قەغەزنى ئىشلىتىشكە باشلىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

يېڭى تېپىتىكى قەغەزنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ناھايىتى تېز كېڭىيىشى ئەرەپ دۇنياسىدىكى مەدەنىيەت مەرىپەت ساھەسىكى نوپۇزلۇقلارنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ ئىسلام ئەللىرىنى يېڭىچە قىياپەت بىلەن دۇنياغا تونۇشتۇردى. دۇنياغا مەشھۇر بولغان ئىسلام ئەللىرىگە مەنسۇپ بولغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئەسەرلەر مۇشۇ دەۋردە مەيدانغا كەلدى ۋە يىپەك يولى يەتكۈزۈپ بەرگەن قەغەزگە يېزىلىپ ساقلاندى. 848-يىلى مۇشۇ خىلدىكى قەغەزگە يېزىلغان ئەڭ دەسلەپكى ئەرەپ ئەدەبىياتى تا ھازىرغىچە مىسىردىكى ئالېكساندىر كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.971-يىلى«قۇرئان» نىڭ مۇكەممەل نۇسخىسى ئىرانلىق ئەلى بىن ئەل رازى تەرىپىدىن تۇنجى بولۇپ مۇشۇ خىلدىكى قەغەز گە كۆچۈرۈلگەن.

13-ئەسىردە موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيانى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن غەرپ ۋە شەرقنى تۇتاشتۇرۇدىغان قەدىمىي سودا يولى يېڭى ھاياتىي كۈچكە تولدى،يىپەك يولىدىكى قاتناشمۇ ئاۋاتلىشىپ ئىسلام ئەللىرىدىكى يېڭى ئىدىيە قاراشلار سىڭدۈرۈلگەن پەلسەپۋىلىكى كۈچلۈك بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەر نەچچە يۈز يىل بۇرۇن مەزكۇر ئۇرۇندىن ئىسلام ئەللىرىگە تارقالغان قەغەزگە پۈتۈلۈپ بۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. باغدات دەمەشىقلەردە ياسالغان قەغەزلەر بۇ رايوندىكى سودا دۇكانلىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلىدى. قەغەزنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىمۇ بۇ رايوندا ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىتالىيىلىك سەيياھ ماركىي پولو بۇ رايوندىن ئۆتكەندە كىشىلەرنىڭ سودا سېتىقتا قەغەز پۇل ئىشلىتىدىغانلىقىنى، بۇ قەغەز پۇل بىلەن خىلمۇ-خىل تاۋارلارنى سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران قالغان ۋە ئۇنىڭغا قىزىققان(12) ئەمىلىيەتتە بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ رايونىدا مەتبەچىلىكنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا ئاللىقاچان نەچچە يۈزيىل بولغان بولۇپ بازارلاردا ئوبروت قىلىنىۋاتقان قەغەز پۇللارمۇ قەغەز باسمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ مەلۇم دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. لوشۇن مۇزىيىدا قەدىمكى شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەن يېزىقلاردا يېزىلغان 300 پارچىدىن ئارتۇق كىتاپنىڭ ساق ۋە كەمتۈك ۋاراقلىرى رەتلىنىپ ئەينەكنىڭ قېتىغا ساقلانماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە سانسكرىت، توخرى، ساك، براھمى، تۈرك، ئۇيغۇر، تۈبۈت

www.kitaphumar.net

يېزىقلىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بار.يەنە بىر قىسىم يىپەك رەخت ۋە قەغەزگە سىزىلغان ياكى مەتبەئەدە بېسىلغان ئىدىقۇت خانلىغى دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن بىر ئىككى ئەسىر بۇرۇنقى قىممەتلىك گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىمۇ بار.ئەڭ مۇھىمى شۇكى،ئۇنىڭدىن بۇرۇن،مىلادى 5-ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان ئويما ۋە تامغا مەتبەئەدە بېسىلغان بۇددىزىم رەسىملىرىمۇ بار بولۇپ (13)بۇ تۇرپان رايونىدا 5-ئەسىردىلا مەتبەچىلىكنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىگىنى ئىسپاتلايدۇ. ھەم سوڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىشېڭ نىڭ مەتبە ئىجات قىلغان يىل دەۋرىدىن (1041-1048) 5 ئەسىر بالدۇر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنى مىلادىي 7-ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ياغاچقا ئويۇپ قەغەزگە بېسىلغان «خوتۇن-قىزلار رىسالىسى» دىگەن ئويما مەتبەدە بېسىلغان كىتاپتىن بىر يېرىم ئەسىر بۇرۇن تۇرپان ئويمانلىغىدا مەتبەچىلىكنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىگىدەك يەكۈننى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دىمەك يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بوپ كىلىۋاتقان شىنجاڭ رايونىدىن ئاۋال ئىسلام ئەللىرى ئۇنىڭدىن كېيىن ياۋرۇپاغا تارقالغان قەغەز ۋە قەغەز ياساش تېخنىكىسى مەزكۇر رايونلاردا ئومۇملىشىپ ئالقىشلىنىۋاتقان دەۋرلەردىن خېلى ئىلگىرىلا شىنجاڭ رايونىدا قەغەز ياساش تېخنىكىسىدىن بىر دەرىجە ئۈستۈن بولغان مەتبەچىلىك بارلىققا كەلگەن بولۇپ ئەزەلدىن ئىلغارلىققا ۋە يېڭى مەدەنىيەتكە سەزگۈر بۇ زىمىن يەنە بىر قېتىم مەدەنىيەت ئۆتكۈزۈش رولىنى ئۆتەپ مەتبەچىلىك تېخنىكىسىنى ئىسلام ئەللىرىگە يەتكۈزگەن.8-ئەسىردىن 13-ئەسىرلەرگىچە ئىسلام دۇنياسى پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى، پەلسەپىسى ۋە دۇنيا قاراش ئەقىدىلىرى بىلەن زور تەسىر كورسەتتى ئافرىقا، ئاسىيا ۋە ياۋرۇپادىكى ئىسلامىشقان بارلىق جايلار ھەم خىرىستىيان ئەللىرىمۇ بۇ دەۋردىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە قىزىقتى ھەم ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.بۇ خىلدىكى ئېرىشىش ھەم تونۇشۇش بىۋاستە ھالدا قەغەزنى ۋاستە قىلدى. قەغەز ياساش تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كىلىشى ۋە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بىرلىككە كىلىشى نەتىجىسىدە 8-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 9-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرى باشلاندى. شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەركىتىنىڭ تەسىرىدە ئىسپانىيىنىڭ كوردىۋا شەھرىدە مەخسۇس ئەرەپ تىلىدا يارىتىلغان ئىلمىي مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ياۋرۇپا تىللىرى(ئاساسلىغى لاتىن تىلى) غا تەرجىمە قىلىدىغان تولدا-كوردىۋا تەرجىمە مەكتىۋى قۇرۇلدى(14).بۇنىڭ بىلەن قەغەزچىلىك تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ بىۋاستە ھالدا خىلمۇ-خىل مەدەنىيەت ئەقىدىلىرى پۈتۈلىدىغان بويۇمغا ئايلىنىپ ئۆز رولىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن

www.kitaphumar.net

دەرىجىدە يۇقۇرى پەللىگە كۆتۈردى. ئوتتۇرا ئاسىيادا تېمۇرىيلەر ئىمپىرىيىسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى بىلەن بۇ تېررىتورىيىدە تۈركىي-موڭغۇل ۋە ئىران ئىسلام مەدەنىيەتلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان يېڭىچە مەدەنىيەت مەيدانغا كېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئۆز دەۋرىدىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت،سودا مەركىزىگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆتۈش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان تېمۇرىيلەر دەۋرى قەدىمقى تارىخنىڭ شەرق-غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يولىدىكى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ، شۇ دەۋردىكى مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى شەرق مەدەنىيەت ئۈلگىلىرىنى يارىتىشقا تۆھپە قوشقان. بولۇپمۇ ئاسىيا مەدەنىيەت ئەدەبىيات نەتىجىلىرى تېمۇرىيلەر دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئاخىرقى مەدەنىيەت ئۈلگىلىرى ئىلىمغا مەنبە بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە 15-16-ئەسىرلەردە ئىتالىيىدىن باشلانغان ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىغىمۇ مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتى(15) بۇنداق ھەرخىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتىشى، ئۆز-ئارا ئالماشتۇرۇلۇش ھادىسىسىدە قەغەزنىڭ ئوينىغان رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ ئەلۋەتتە. رىچتوفىن ئەپەندى ۋە ھاررىمان ئەپەندىلەر تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرغا چىقارغان شەرق غەربنى تۇتاشتۇرغان يىپەك يولىنىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسى ۋە مەتبەچىلىك تېخنىكىسىنى باشقا ئەللەرگە تونۇشتۇرۇشتىكى مۇھىم جۇغراپىيىلىك ئورنىغا يۇقۇرى باھا بەرگەن بىر تۈركۈم غەرپلىك ئالىملار يىپەك يولىنى «قەغەز يولى» (Paper Roads) دەپمۇ ئاتىغان.

قەغەزنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە قەغەز ياساش تېخنىكىسىنىڭ شەرقتىن غەرپكە تارقىلىشى ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىشىنىڭ ئەڭ روشەن نامايەندىسى بولسا ئوتتۇرا دېڭىز رايونلىرىدىكى ئىدىيە ئېقىملارنىڭ قەغەزنى ۋاستە قىلىپ يەنى شۇ رايونلارنىڭ ئىدىيە ئېقىملىرىنىڭ قەغەزگە يېزىلىپ يىپەك يولىدىكى غەرپتىن شەرققە بولغان لىنىيە بويىچە قايتا تەسىر كۆرسىتىشى شىنجاڭ رايونىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇنىڭغا شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان ھەرخىل يېزىقتا يېزىلغان ۋەسىقىلەر ، ھەرخىل دىنلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى،ئەرەپ،پارىسلارنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى مىسال بولالايدۇ. بۇ يىپەك يولىنىڭ تۈگىنىدىكى پارچە-پارچە بوستانلىقلاردىن تەركىپ تاپقان بۇ زىمىندىكى شەھەرلەر نىسبەتەن يۇقۇرى بولغان ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋىي مەدەنىيلىكنىڭ ياراتقۇچىلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ يېڭى تېخنىكا ۋە ئىدىيىنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، بەلكىي بۇ يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئىدىيەلەرنى قوشنا دۆلەتلەرگە تارقىتىپ مەدەنىيەتلەر ئارا ئۇچرىشىش، مەدەنىيەتلەر ئارا دىئالوگ ئېلىپ بېرىشتا ئۇزاق تارىختىن بۇيان كاتالىزاتورلۇق رول ئويناش ۋەزىپىسىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى جانلىق ئىسپات بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

www.kitaphumar.net

## ئىزاھاتلار:

(1) لىن مېيسۇن:« يىپەك يولى ئارخىلوگىيىسىنىڭ 50يىلى »، 2-بەت، بېيجىڭ ئۇنۋېرسىتتى 2006-يىللىق نەشرى. خەنزۇچە
(2) يۇقۇرىدىكى بىلەن ئوخشاش ، 3-بەت.
(3) مۇ يىلىڭ : « شىنجاڭنىڭ قەدىمكى قەغەزچىلىگى »، شىنجاڭ گېزىتى،1979-يىللىق 2-ئاينىڭ 13-كۈنىدىكى خەنزۇچە سانى
(4) يۇقۇرىدىكى بىلەن ئوخشاش.
(5)فەن جىشىڭ : « قەغەز ياساش تېخنىكىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە »،« يادىكارلىقلار » ژورنىلى 43-بەت،1973-يىللىق 9-سان(خەنزۇچە).
(6)ئىمىن تۇرسۇن:«قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» 264-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىللىق ئۇيغۇرچە نەشرى.
(Victor Puccel: 《The Chinese in Southeast Asia》, page 222 (8)(7)
مۇ يىلىڭ : « شىنجاڭنىڭ قەدىمكى قەغەزچىلىگى »، شىنجاڭ گېزىتى،1979-يىللىق2-ئاينىڭ 13-كۈنىدىكى خەنزۇچە سانى.
(9)ما مىڭلىياڭ:«ئىسلام مەدەنىيتى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئالاقە مۇساپىسى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى»،115-بەت،جۇڭگو ئىجتىمائى پەنلەر نەشرىياتى 2006-يىللىق خەنزۇچە نەشرى.
(10) Sims-Williams: 《Ancient letters》, 《Encyclopaedia Iranica》, Vol, 2, London, 1987, pp, 7-
(11) T. I. Zeymal: 《The Dictionary of Art》, Vol, 17, New York, 1996, pp, 735
(12) ۋاڭ شىياڭرۇ:«جۇڭگو مەتبەچىلىگىنىڭ غەرپكە تارقىلىش، ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹باس› سۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى» 78-بەت، 1987 -يىللىق 2-سان، خەنزۇچە.
(13)قۇربان ۋەلى:«بىزنىڭ تارىخي يېزىقلىرىمىز»،201-بەت،شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى1986-يىللىق نەشر.
(14)ئەسەت سۇلايمان:«تارىم قوۋقى چېكىلگەندە»، 222-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002-يىللىق نەشرى.

www.kitaphumar.net

(15)يۇقۇرىدىكى بىلەن ئوخشاش،229-بەت.

ئاپتۇرنىڭ خىزمەت ئورنى: ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى

مەنبە: شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى2008-يىللىق 3-سان

www.kitaphumar.net

# ئىجادىيەت ئاشناسى، ئانا تىلنىڭ سادىق پەرۋىشكارى

سادىر تۇرسۇننىياز ئۇدۇنلۇق

(خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى لېكتورى)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە شائىر ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى، نەسر ئىجادىيىتى، ئىلمىي ئەمگەكلىرى، راست ئىشلار خاتىرىسى ئىجادىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئابدۇرېھىم زۇنۇن؛ ئىجادىيەت؛ ئالاھىدىلىك؛ شېئىر

## كىرىش سۆز

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىمدا مەندە ئەدەبىياتقا نىسبەتەن ئوتتەك ھەۋەس بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئوقۇغۇدەك بىرەر كىتاب بولسىلا قىزىقىپ ئوقۇيتتىم، بۇ جەرياندا ئۆزۈم ئوقۇغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىغا دائىر مەلۇماتلارنى ئىگىلەشكە قىزىقاتتىم. ئالىي مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن، بۇ ھەۋەسىم تېخىمۇ كۈچەيدى، شۇڭا دەرسلەرنى بېرىلىپ ئۆگەندىم. ئەدەبىيات ئىلمىنىڭ نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنىپ ئوقۇتۇلىشى نەزەر دائىرەمنىڭ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولدى. شۇنىڭدەك دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشتۇم. مۇھىمى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئېسىل ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ بارلىقىدىن ۋاقىپلاندىم. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى دەرسىنى ئوقۇغاندا، نۇرغۇن ئېسىل نەمۇنىلەر بىلەن تونۇشقان بولساممۇ، لېكىن قەلەم ساھىبلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىنىڭ ھاياتىنىڭ ۋە ئىجادىيەتلىرىنىڭ مەلۇماتسىز، ئېنىقسىز بولۇشىدەك ئەھۋال مېنى ئەجەبلەندۈردى. باشقا مىللەتلەرنىڭ كىلاسسىك يازغۇچى-شائىرلىرىنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتىگە دائىر ئەھۋاللارنىڭ ئېنىق، پاكىتلىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى مەندە: «بىزنىڭ يازغۇچى-شائىرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىنى

www.kitaphumar.net

پۈتۈپ قويمىغان بولغىيمىدى، ئۇلارنى قەلەمگە ئېلىپ قويغۇدەك ئادەم چىقمىغان بولغىيمىدى؟» دېگەن سوئالنى پەيدا قىلاتتى. كېيىنكى مەزگىللەردە مەتبۇئاتلاردا كىلاسسىك يازغۇچى-شائىرلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە دائىر بايانلار، مەلۇماتلار ھەققىدە كەسكىن تالاش-تارتىشلارنىڭ بولۇشى مەندە: «ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەت ئەھۋاللىرىنىڭ مەلۇماتسىز قېلىشىدەك ئەھۋالنىڭ كېيىن تالاش-تارتىش پەيدا قىلىشىدەك ئەھۋالدىن ئاچچىق ساۋاق ئېلىپ، ھاياتلار ھەققىدە، يەنى بىز بىلەن زاماندىش ياشاۋاتقان قەلەم ساھىبلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالى ھەققىدە مۇكەممەل تەزكىرە يېزىپ قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ-نېمە؟» دېگەن ئويىنى پەيدا قىلدى. بارا-بارا ئويلىغانلىرىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم، شۇڭا بىر قىسىم ھايات پېشقەدەملەرنى قەلەمگە ئېلىپ قويدۇم، بەزىلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى مەتبۇئات يۈزىدە جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردۈم، بۇنىڭ تەسىرى ياخشى بولدى. ھايات پېشقەدەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى قەلەمگە ئېلىپ قويغانلىقىمدىن خۇشال بولۇشتى. شۇ چاغدا قىلغانلىرىمدىن رازىمەنلىك ھېس قىلدىم. ئەمما يېقىندىن بۇيان پېشقەدەم ھاياتلارنىڭ قەلەمگە ئېلىنىپ بولۇشى بىلەن چاغداشلارنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىنى قەلەمگە ئېلىپ قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇپ يەتتىم. مەن بىلەن چاغداش قەلەمكەشلەر 50 يىلدىن ئارتۇق ھايات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا چارەك ئەسىر بولغان، ئىجادىيەتتە سان، سۈپەت جەھەتتىن مەلۇم كۆلەم ۋە ئۈنۈم ھاسىل قىلغان، ئەلگە بەرگەنلىرى كۆپ ۋە سۈپەتلىك بولۇپ، ئەلنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشكەن، ئىجادىيەتكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشنى مىزان قىلغان، كۆپ قىرلىق ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان تۆھپىكارلار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىنى قەلەمگە ئېلىش زۆرۈر ئىدى. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئىجادىيەتلىرىگە ئىلھام بەرگىلى، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەينەن يەتكۈزۈپ بەرگىلى ۋە ئەۋلادلارغا ئۇرۇنسىز تالاش-تارتىش پەيدا قىلىدىغان مەسىلىلەرنى قالدۇرۇپ قويۇشتىن ساقلانغىلى بولاتتى. مىللىتىمىز كىشىلىرىدە بار بولغان ئاجىزلىق — خەلققە ئۆز ئەجرى بەدىلىگە تۆھپە كۆرسەتكەن تۆھپىكارلار ۋە ھەر ساھەدىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خاتىرە ـ مەلۇمات قالدۇرماسلىق بوشلۇقىنى تولدۇرغىلى بولاتتى ھەم ئەۋلادلارغا مۇشۇنداق ئەنئەنىنى ئۇدۇم قىلىپ قالدۇرغىلى بولاتتى، خەلقىمىزدە ئۆزئارا قەدىرلەش-قەدىرلىنىش تۇيغۇسىنى ھاسىل قىلغىلى بولاتتى. مۇشۇنداق ئويىنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ ئىشنى باشلىدىم، مەتبۇئات ئورۇنلىرىدىكى مۆھەررىرلەرنىڭ مەقسىتىمنى

www.kitaphumar.net

توغرا چۈشىنىپ، ماڭا ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. تۆۋەندە شائىر ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ ئىجادىيەت ھاياتىنى بىر نەچچە نۇقتا بويىچە خاتىرىگە ئالىمىز:

## 1. ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئابدۇرېھىم زۇنۇن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تۇپرىقىدا يېتىشىپ چىققان لىرىك شائىر، نەسر يازغۇچىسى، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، ئوقۇتقۇچى ئەمەلىيىتى، تەتقىقات خىزمىتىدە ئانا تىلىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىش، ساپلىقىنى ھەققىي قوغداشقا كۈچ سەرپ قىلغان پەرۋىشكار، ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ ئەينىكى بولغان مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندۇرغان ژۇرنالىست.

ئۇ 1962- يىلى 10-ئاپرېل قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ بۇلاقسۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتىدا تاماملىغان. 1984-يىلى 7-ئايدا خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل-ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتكۈزۈپ، ئانا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق ۋە مەمۇرىي خىزمەتلەر بىلەن مەشغۇل بولغان. 1991-يىلى 9-ئايدىن 1993-يىلى 7-ئايغىچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىدا ئوقۇپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن باكلاۋىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئېلىپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەن. 2000-يىلى 10-ئايدا تىل-ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە دوتسېنتلىق ۋەزىپە ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1989-يىلدىن باشلاپ تىل فاكۇلتېتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، ئىلمىي باشقارما ئىلمىي بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئىلمىي باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 2001- يىلى 8- ئايدىن باشلاپ خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ژۇرناللار تەھرىراتىنىڭ مۇدىرى؛ «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ ئىجرائىي باش مۇھەررىرى ۋە خەنزۇچە ژۇرنالنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1982-يىللىق 11-سانىدا ئېلان قىلىنغان «سۆي» سەرلەۋھىلىك شېئىرىدىن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە 1000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، نەسر، رۇبائىي، تۇيۇقلىرى؛ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىملا قائىدىسى» ۋە «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى»نى تەتقىقات نىشانى قىلغان نۇرغۇن ئىلمىي، نەزەرىيەۋى ۋە ئوبزور ماقالىلىرى ھەرقايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ 1990-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن

www.kitaphumar.net

«تاڭدىكى ئۇچقۇنلار» (باشقىلار بىلەن)، 2000-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن «بۇلاقتا سىرداش خىياللار» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. «ئارزۇ بوستانى»، «مۇھەببەت لىرىكىلىرى»، «مۇكاپاتلانغان شېئىرلار»، «تاللانغان رۇبائىيلار»، «يۇرۇقلۇق ئۈنچىلىرى»... قاتارلىق سەككىز كىتابقا 80 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ تۈزگەن كىتابلىرىدىن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (باشقىلار بىلەن)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى»؛ «خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئومۇمىي تەكرارى» (باشقىلار بىلەن) قاتارلىقلار؛ تەرجىمە قىلغان كىتابلىرىدىن: «ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «ماركسىزملىق پەلسەپە قائىدىلىرى»، «قانۇن دەرسلىكى»، «ئەخلاق تەربىيەسى»، «پېداگوگىكا»، «پسىخولوگىيە» (باشقىلار بىلەن) قاتارلىق 12 كىتابى نەشر قىلىنىپ، بىر قىسمى دەرسلىك ۋە پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە قوللىنىلغان ۋە قوللىنىلىۋاتىدۇ. 2006 ـ يىلىدىن بۇيان «خوتەن دىيالېكتى ھەققىدە تەتقىقات» (2 ـ ئاپتور)، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى قسمەن كىلاسسىك شەكىللەر ئۈستىدە تەتقىقات» ۋە «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى تۈرلەر ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق تەتقىقات تېمىلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ ھەمدە ئۆزى مۇستەقىل ھالدا مۇشۇ تېمىلار ھەققىدە 12 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى.

ئۇ 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالتۇن چاغ» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا، 2003-يىلى مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ناخشا تېكىستى ئىجادىيىتىدە «جۇپ گۆھەر» بىلەن 2-دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، 2005-يىلى «گەپتە ئەشكەن قامچىلار» سەرلەۋھىلىك بىر يۈرۈش ھەجۋىي شېئىرلىرى بىلەن 14 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» قاتارلىق بىر قەدەر نوپۇزلۇق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەندىن باشقا، «جۇڭگو مىللەتلىرى»، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللار تەرىپىدىن 20 قېتىم ھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش ۋە شەكىلداش سۆزلەر توغرىسىدا» قاتارلىق ئۈچ پارچە ئىلمىي ماقالىسى مەكتەپ پارتكومى ۋە مەمۇرىيىتى تەرىپىدىن 1 ـ دەرىجىلىك ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئالاھىدە بولغاچقا، 1999 ـ يىلى دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «زېڭ شەنجىيې فوندى» 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان. «جۇڭگودىكى مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى»، «خەلق گېزىتى» قاتارلىق كىتاب، گېزىت-ژۇرناللاردا جەمئىي تۆت قېتىم ئىش ـ پائالىيەتلىرى

www.kitaphumar.net

تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ ھازىر شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئىلمىي ژۇرناللىرى بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى.

ئابدۇرېھىم زۇنۇن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شېئىرىيەت ساھەسىدە ھەم شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئەمەلىيىتى، ھەم شېئىرىيەت نەزەرىيەسى بىلەن تەڭ شۇغۇللىنىپ تونۇلغان شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ يەنە شېئىرىيەتنىڭ كۆپ خىل تۈرلىرى بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆپ خىل تۈرلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشقۇچىلارنىڭ بىرى. شۇڭا، ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدە سىستېمىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 2. ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدە

ئابدۇرېھىم زۇنۇن ئىجادىيىتىنى دەسلەپ شېئىردىن باشلىغان ۋە 1981-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ شېئىرلىرىنى ئېلان قىلىشقا باشلىغان. بۇ مەزگىل دەل «سول»چىل سىياسەتكە خاتىمە بېرىلىش بىلەن تەڭ باشلانغان يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتى پېشقەدەملەرنىڭ غەيرەتكە كېلىشى، ياش بىر تۈركۈم كۆچلەرنىڭ ئىجادىيەت سېپىگە كىرىشى بىلەن ھەرقايسى شېئىرىي شەكىللەر بويىچە گۈللەپ ياشناش باسقۇچىغا قەدەم قويغان مەزگىل بولۇپ، بۇنداق پۇرسەت ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بۇ ياش ھەۋەسكارغا شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ياخشى ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ بەرگەن ۋە ئالتۇن دەۋرنى ئاتا قىلغان. شۇڭا، ئۇ بۇ مەزگىلدە پۇختا تەييارلىق قىلىپ ئاندىن شېئىرىيەت قەسىرىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان. ئۇ ئىجادىيىتىنى باشلىغاندىن بۇيان ئىجادىيەت ئىزچىللىقىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرىيەت تارىخىنى ۋاراقلىغاندا، كۆزىمىزگە چېلىقىدىغىنى ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدىكى ئىزچىللىقىنى ساقلىغانلىقى بولىدۇ. بىزدە بىر قىسىم كىشىلەر ئىجادىيەتنى ئالدى بىلەن شېئىردىن باشلىغان ھەم بۇ ساھەدە مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدا ھېكايىنىڭ بازىرى چىقسا ھېكايە، پوۋېستنىڭ بازىرى چىقسا پوۋېست، ھەتتا رومان بازارلىق بولسا، يەنى رومان نەشر قىلدۇرۇش ئاسان بولسا رومان يېزىپ، خەلق ئېتىراپ قىلغان «شائىر» دېگەن بىر چىرايلىق نامنى بۇلغىغاننىڭ ئۆتىسىگە، يا يازغۇچى بولالماي ياكى يازغۇچى دەپ ئېتىراپ

www.kitaphumar.net

قىلىنالماي شېئىرغا، شېئىرىيەتكە ئاسىيلىق قىلغانىنىڭ ئازابىنى تارتىپ يۈرگەنلەر خېلى بار. ئەمما ئابدۇرېھىم زۇنۇن ئۇنداق قىلمىدى، دەسلەپكى ۋاقىتتا ئۆزىنى مۇشۇ كوچىغا سۆرەپ كىرگەن، ئۆزى خالاپ شۇغۇللانغان شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە ئىشتىياق باغلاپ، ئۇنى چارەك ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت داۋاملاشتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن ئالقىشلانغان، خېلى كۆچلۈك مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولغان، كەسىپ ئەھلىلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان شائىرغا ئايلىنىپ، شېئىرغا مۇھەببەت باغلىغان ئەقىدە ئىخلاسىنىڭ تەمىنى تېتىدى. شائىر ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ شېئىرلىرى مۇھەببەتلىرىكلىرى ۋە خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت، مىللىي كىملىك تۇيغۇسىنى ئىپادىلەش ھەققىدىكى ئېتىخارلىق پىكىر تۇيغۇلىرى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن ئەسەرلەر بولۇپ، بۇ خۇسۇسىدا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆز مىللىتىنى سۆيگەن، ئۆز مىللىتىگە مېھىر بەرگەن، ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇشىنى كۆيلەشنى بىلگەن، ئۆز مىللىتى كىشىلىرىنىڭ ئارزۇ-ئارمىنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تەقدىر-ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى بىلگەن بىر شائىرنىڭ مىللەتكە بولغان ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، بىر شائىرغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھەرگىزمۇ خىيالىغا كەلگەن، ئالدىغا ئۇچرىغان ئىشلار، ئادەملەر، تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ھەققىدە خالىغانچە بىر نەرسىلەرنى يېزىپ چىقىش ئەمەس، بەلكى ئۆز خەلقىنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى تۇرمۇشىنى، ئۆز پىكرىنى تۇتقا قىلىپ، ھېسسىيات ۋاستىسىدە ئىپادىلەش جەريانىدۇر. ئابدۇرېھىم زۇنۇن شۇنداق قىلدى، شېئىرلىرىنىڭ پىكرىنى ئۆز خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، ھېسسىياتىدىن تاللاپ ئالدى، بۇ ئارقىلىق شېئىرلىرىنى مىللىي تۇرمۇش يىلتىزى مەنبەسىگە ئىگە قىلدى. شېئىرىي شەكىل جەھەتتە ئەنئەنىۋى كىلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ ياخشى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى، شېئىرىي شەكىل، ئۇسلۇپ يارىتىمەن دەپ، شېئىرىي شەكىللەرنىڭ ئايىغى چىقماس چۆللىرىدە تېنەپ يۈرمىدى. چۈشىنىكسىز قۇرۇلمىلارنى قۇراشتۇرۇشتىن خالىي بولدى. شېئىرىي تىل ئىشلىتىش جەھەتتە شېئىرلىرىنىڭ تىلىنى ئاممىبابلىققا ئىگە قىلدى. ئوبىناق ۋە مول مەجازىي ۋاستىلەر بىلەن شېئىرلىرىنى بېزەپ، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە تويۇندۇردى. لېكىن، شېئىرلىرىنى تىل جەھەتتىن ئاممىبابلىققا ئىگە قىلىمەن دەپ، ئاددىيلاشتۇرۇۋەتمىدى، شېئىرلىرىنىڭ تىل ئۇسلۇبىدا چوڭقۇر ئەدىبىيەۋى قاتلامنى نامايان قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. ئۇ بىر شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا مىللەت شېئىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش مۇمكىنچىلىكىدىن خالىي ئەمەس تۇرۇقلۇقمۇ يەنە بۇنداق شېئىرلارنىڭ

www.kitaphumar.net

مەزمۇن ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدى. شېئىرلىرىنى باشتىن ـ ئاخىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئىگە قىلىشتا چىڭ تۇردى. گەرچە باشقا مىللەت شېئىرىيىتىدىكى يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىش يوللۇق بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىدارى يار بەرگەن، قۇربى يەتكەن ئەھۋالدا شېئىرلىرىنى مىللىي شېئىرىيەتنىڭ يىلتىزى بىلەن يىلتىزداش، تومۇرداش قىلىش شائىرلار ئۇچۇن ئاقىلانە تاللاشتۇر. شائىر دەل مۇشۇ خىلدىكى شائىرلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، دوستلۇق، ئىلىم ـ مەرىپەتنى قەدىرلەش، ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەندىن ئىپتىخارلىنىش، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت جۇغلانمىسىدىن پەخىرلىنىش، ئاتا ـ ئانىلارنى ئۇلۇغلاش، مىللەتنىڭ ئار ـ نومۇسلىرى، مىللەتنىڭ گۈل ـ غۇنچىلىرى بولغان قىز ـ ئاياللارنى قەدىرلەش، ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ھەققىدە تەلقىن قىلىش ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىدۇر. ئابدۇرېھىم زۇنۇن شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنىدا يەنە ئادىمىي پەزىلەتلەر جۇملىسىدىكى ئېزگۈلۈكلەر ئۇلۇغلىنىش بىلەن بىرگە رەڭۋازلىق، مەنمەنلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر قامچىلانغان.

ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان شېئىر توپلاملىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى مۇنداق:

1. 1990 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى مۇتەللىپ مۇھەممەت خۇرسەندى، ئابابەكرى تۇيغۇن قاتارلىق ياش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن تەرتىپلەنگەن «تاڭدىكى ئۇچقۇنلار» ناملىق بىرلەشمە شېئىرلار توپلىمىدا شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى «ئۈمىدلىك يول» نامىدا توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. ئاپتور توپلام نامى ئارقىلىق شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئۆزى ئۇچۇن ئۈمىدلىك يول ئىكەنلىكىدەك تۇيغۇدىن بېشارەت بەرگەن.

2. «بۇلاقتا سىرداش خىياللار». بۇ شائىرنىڭ مۇستەقىل شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، 2000 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. شېئىر توپلاملىرىغا نام قويۇش ئوخشاشلىقتا ئىگە بولۇۋاتقان، قېلىپلىشىپ قالغان تۇراقلىق سۆزلەرنى توپلام نامى قىلىش باش كۆتۈرۈپ قالغان ئەھۋالدا بۇنداق ئوخشاشلىقنى، قېلىپبازلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، يۇقىرىقىدەك چىرايلىق، جەلپ قىلارلىق، ئۆزگىچە نام بىلەن نەشر قىلىنغان بۇ توپلامغا شائىرنىڭ 100 پارچىدىن ئارتۇق ئېسىل شېئىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، توپلامدىكى ئەسەرلەر مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن ھەرۋاقىت ئۇيغۇر

www.kitaphumar.net

شېئىرىيىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. بىر شائىرغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، شېئىرلار توپلىمىنى كۆپ نەشر قىلدۇرۇش ئۇنىڭ ھەقىقىي شائىر بولۇشىدىكى مۇھىم ئاساس ئەمەس. ئۇنىڭ شائىر بولۇشىدىكى مۇھىم ئاساس ئۇنىڭ ئۆز شېئىرلىرىنى ئۆز خەلقىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، شېئىرلىرىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندۇرالىشىدا. بۇ جەھەتتە ئابدۇرېھىم زۇنۇن يازغان شېئىرلىرىنى سان جەھەتتىن كۆلەمگە، سۈپەت-ساپا جەھەتتىن خەلقىگە يېقىنلاشتۇرغان شائىر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھازىرغىچە يازغان شېئىرلىرى 1500 پارچىدىن ئاشىدۇ، بۇلارنىڭ 1000 پارچىدىن ئارتۇقراقى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدى. ئېلان قىلىنغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلب تارىنى چەككەن. نەتىجىدە، ئۇ شائىر، دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىك شېئىرلىرىنىڭ بولغانلىقى سەۋەب بولغان. ئەدەبىيات ساھەسىدە قەلەم تەۋرەتكەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ جۇملىدىن ھەرقانداق شائىرنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى بولىدۇ، بۇنداق ۋەكىللىك ئەسەر ئۆز نۆۋىتىدە ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى نوپۇزىنى تىكلەيدىغان مەنبە، ئاساس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىرلارنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى مەزمۇن، بەدىئىيلىك، تىل جەھەتتىن ئۆزگىچە پۇراقتا ئىگە بولۇشى شەرت. ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ «تارىم»، «جۇڭگو مىللەتلىرى»، «قەشقەر»، ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان «دوستلارغا سۆز» ناملىق مۇخەممىسى، «نوچىمەن»، «ئۆگەنگەن خوي ئۆلگۈچە»، «باشلىق ئۈچۈن ئىشلەيمەن» قاتارلىق ئۈچ پارچە ھەجۋىي شېئىرى، «ئايال-ھېكمەت، ئايال -گۈل»، «ھايات چەكلىك، چەكسىز ھاياتلىق»، «قاشتېشى»، «قەشقەر دېسەم»، «بارىم ئانامنىڭ»، «ئۇيغۇر قىزى»، «غەزەللەر»، «قايتماس ئەقىدە»، «ئېقىن سۇ»، «ئۇيغۇر تىلى» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بۇ ئەسەرلەر پۈتكۈل يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇساپىسىدىكى ۋەكىللىك ئەسەرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شائىر مەرھۇم شائىر روزى سايىتنىڭ «ئۇيغۇر قىزى» ناملىق غەزىلىگە يازغان «ئۇيغۇر قىزى» ناملىق تەخمىسىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بىر ئەزاسى، مىللەتنىڭ كېلىچىكىنىڭ ئاساسچىلىرى بولغان ئۇيغۇر قىزىنىڭ نۇرانە ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق بىزدە مىللەت ھاياتلىقىنىڭ داۋاملىشىشىدىكى مەنبە بولغان قىز-ئاياللاردىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئويغاتسا، «ئۇيغۇر تىلى» ناملىق شېئىرىدا مىللەتنىڭ

www.kitaphumar.net

مۇھىم ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت بەلگىسى بولغان ئانا تىلغا نىسبەتەن كۈچلۈك مۇھەببەت ھېسسىياتى ئويغىتىدۇ. شائىر «ئۇيغۇر قىزى» ناملىق شېئىرىدا:

چاپتى كىشنەپ زەر قەلەم تۇلپارى دەپ: ئۇيغۇر قىزى،
شوخ، قارا، ئويناق كۆزى گويا دېڭىزنىڭ قۇندۇزى،
ئۈز-گۈزەللىكتە يېگانە، ئاڭا قايىل يەر يۈزى،
كۆر ئەنە، بىر قىزكى چېھرى، مېھرى نۇر، ئاتەش ئۆزى،
زىلۋا بوي، سەرۋى بەدەن، چولپان كەبى پارلار كۆزى.

بويىدىن تارقار ئىپار-ئەنبەر، سىياقى گۈل-چېچەك،
تەبئىي ئۈز، ئاڭا كەتمەس قىلچە پەرداز-گۈل بېزەك،
ئۈزلىقى توزدەك، جۇلا يايغان جاھانغا كەڭ ئېتەك،
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك، كىرپىكى تال-تال يېپەك،
مەڭزى ئانار، لېۋى ياقۇت، خۇددى ئاي رۇخسار ــ يۈزى.

ئۆڭى سۈتتەك ئاق، شاماللەك يۈرىشى سىلىق ئەجەب،
بوغۇزىدىن كۆرۈنەر سۇ ئىچسە، خوپ جىنەستە لەب،
تۈنجى كۆرگەنلەر سورار: «پەرىمۇ بۇ، ئادەممۇ؟» دەپ،
قاڭشىرى چىمداپ چىقارغاندەك گويا، چىشى سەدەپ،
ھەم ئۈزۈن، ھەم توم، قارا سۇمبۇل چېچىنىڭ ئەڭگىزى.

شۇنچىلىك ئوڭلۇق، مۇلايىم، ھەم ئەقىلدە بەركامال،
چېھرىدىن كەتمەس تەبەسسۇم، مىسلى بىر ساھىبجامال،
تۆكۈلەر غۇنچە لېۋىدىن سۆز ــ سۇخەن، دۇردانە، بال،
چامدىشى ئوخشار كېيىككە، كۈلكىسى بۇلبۇل مىسال،
شەرم-ھايالىق باقمىشى، شۇنچە ئەدەپلىك گەپ-سۆزى.

قالدۇرار ئادەمنى تاڭ تەمى، ئەگەر ئەتسە غىزا،
قىلىدۇ تۆرگە ئېلىپ مېھماننى ھۆرمەت ھەم رىزا،

www.kitaphumar.net

يار ئاڭا شەرمۇ ھايا، بارچە ئېسىل خىسلەت، ئىزا،
سۆيگۈگە سادىق، ۋاپالىق، قەلبى ئاپتاپتەك تازا،
ئاچقۇزار خۇش ھىد چېچەكنى گۈل قولى، باسقان ئىزى.

نۇرلىنىپ چىقسا، رەشك ئەيلەپ، مۆكەر شەمشى، قەمەر،
ئەجرۇتەرى، مېھرىدىن گۈللەر، كۆچەتلەر سۇ ئىچەر،
چەكسە گۈل رەختلەرگە ئۇ، بۇلبۇل ناۋا ئەيلەپ كېتەر،
ناخشا ئېيتسا، تاڭ ساباسى ئۇيقۇسىدىن ۋاز كېچەر،
چالسا دۇتار، شوخ ئۇسسۇلغا دەسسىگەي كۆك يۇلتۇزى.

بۇ ئانا تارىمدا ئۇ يىلتىزلىغان چوڭقۇر-تېرەن،
يۇز، چېچى ئاي، تۇنگە رەڭ بەرگەن، ئۆزى نازۇك بەدەن،
ئۇ غەزەل، ناخشا-ئۇسسۇلنىڭ پىرى، تاپماق تەس ئېۋەن،
كۆڭلىكى تورنىڭ قاناتى، دوپپىسى رەڭدار چىمەن،
چىگكىنى ياغلىق دېمەڭ، ئىپپەت-نومۇسنىڭ ئەندىزى.

«پەرىپەيكەرنىڭ ئۆزى بۇ...» دەيدۇ يۇرگەنلەر ئۇنى،
«ئوتمۇ بۇ، ئاتەشمۇ بۇ، ۋاھ!...» دەيدۇ كۆيگەنلەر ئۇنى،
«بالمۇ بۇ، قەنتمۇ، ناۋاتمۇ؟...» دەيدۇ سۆيگەنلەر ئۇنى،
«پاھ، ئايالنى ئاي تۇغامدۇ؟...» دەيدۇ كۆرگەنلەر ئۇنى،
جەننەتۇل پىردەۋسمۇ يوق بۇ كەبى ئۇزنىڭ ئۆزى.

«ئۇ پەرى، بولمايدۇ ئادەم زاتى مۇنداق»، دەرسىلەر،
«توۋا دەپ، چىشلەپ ياقا، ئادەم ئەمەس، ياق!» دەرسىلەر،
«بولسا ئادەم ئۇ گۈزەللىكتە پەقەت تاق»، دەرسىلەر،
«سىرت-سىياقى شۇنچە، ئەمما كۆڭلى قانداق؟» دەرسىلەر،
ئۇ ئەقىل، ئەخلاق، لاتاپەتتە جاھاننىڭ يۇلتۇزى.

قەلبى ئاپتاپ، ئاي مەسەلنىڭ تەرىپى بولدى زىكىر،

www.kitaphumar.net

تىلى شېرىن بال-ھەسەلنىڭ تەرىپى بولدى زىكىر،
بۇلىقى ناخشا-غەزەلنىڭ تەرىپى بولدى زىكىر،
ئىچ-تېشى ئوخشاش گۆزەلنىڭ تەرىپى بولدى زىكىر،
كىم دېسەڭ، ئۇ مەرد، غۇرۇرلۇق، شەرق گۈلى - ئۇيغۇر قىزى.

(«جۇڭگو مىللەتلىرى» 2005-يىللىق 6-سان)

دەپ يازسا «ئۇيغۇر تىلى» ناملىق شېئىرىدا:

بىل شۇنى، ئۇيغۇر ئۈچۈن پۈتمەس گۆھەر ئۇيغۇر تىلى،
مەڭگۈ پاتماس زەر قۇياش، نۇرلۇق قەمەر ئۇيغۇر تىلى،
بىپايان تىل كۆكىدە، چولپان، ئۈكەر ئۇيغۇر تىلى،
مەنىلەرگە باي، تېرەندۇر شۇقەدەر ئۇيغۇر تىلى،
بولدى تارىختىن بېرى بىزگە پەدەر ئۇيغۇر تىلى.

ئانا تىل ھەر دەم قوۋم-مىللەت ئۈچۈن روھ تۈۋرۈكى،
ئانا تىل پەن-مەرىپەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆۋرۈكى،
ئانا تىل چوڭ-كىچىكنىڭ يۈرىكى، تاغ-يۆلىكى،
ئانا تىل ۋاستە-قورال ئالاقىدە، قەلب ئەينىكى،
بىزنى قۇچتۇرغان جىمى ئىشتا زەپەر ئۇيغۇر تىلى.

پەنگە ئاشىق-بىقارار قىلدى مېنى دىلبەر تىلىم،
تارتتى رايىمنى ئۆزىگە ھەرقاچان ئەمبەر تىلىم،
ئەلگە دىل رىشتىمنى چاتتى بال-شېكەر، كەۋسەر تىلىم،
بولدى ئەل دۈشمەنلىرىگە تىغ-تەبەر، نەشتەر تىلىم،
ھەممىمىزنى قىلدى دائىم بەھرىۋەر ئۇيغۇر تىلى.

«ئا»بىلەن كىردى ئېغىزغا، تىل-زۇۋانغا مەڭگۈ تەم،
قىلدى تىل ئاقىل، نادانلارغا بېرىپ ئىدراكۇ پەم،

www.kitaphumar.net

تىل چىچىلغاننى يىغىپ قىلدى ھامان بىر يەرگە جەم،
تىل بىمار، ئاجىز-ئورۇققا ئەم-داۋا، ئاچلارغا يەم،
خاسىيەتلىك تىلتۇمار، قالقان ــ سىپەر ئۇيغۇر تىلى.

يۈرىكىمگە كەلدى سۆزلەپ مۇشۇ تىلدا جان بوۋام،
مەن ئىجاد ئەتتىم مۇشۇ تىلدا، قىلىپ پەرۋاز داۋام،
مۇشۇ تىلدا سايرىدى بۇلبۇل كەبى ھەقدار بالام،
مۇشۇ تىل بەردى چىدام، مەردلىك، ۋاپادارلىق مۇدام،
قان قېرىنداشلارغا رىشتە، جانجىگەر ئۇيغۇر تىلى.

سۇ بېرىپ ياشناتتى بىزنى ئانا تىل ــ ئالتۇن بۇلاق،
ئۇ ــ چىراغ، پەرۋانە بىز، ھەرگىزمۇ كەتمەيمىز يىراق،
ئانا تىل ــ يىلتىز، ئۇزۇق ئالغۇچى بىز ــ نوتا-ئۇلاق،
ئانا تىلدا دەرس ئېلىپ، تاپتۇق ئەقىل، سەمرىپ قۇلاق،
بىزگە پۈتمەس كان، خەزىنە شام-سەھەر ئۇيغۇر تىلى.

قويدى تاڭ دۇنيانى شۇ تىلدا قىلىپ بۇلبۇل ناۋا،
تاپتى شۇ تىلدا پۈتۈلگەن كۈي-غەزەل يۈكسەك باھا،
ھەر تەرەپتىن ياغدى ئالقىش، «مىڭ ياشا!»دېگەن سادا،
مۇشۇ تىل شۆھرەتكە نائىل ئەيلىدى، سالدۇق ساما،
ئېپتىخارغا پۈركىدى ئۇيغۇرنى زەر ئۇيغۇر تىلى.

شاھ مۇقامنى مۇشۇ تىلدا ئاڭلىدى ئەھلى جاھان،
مۇشۇ تىل دىللارنى دىلغا ئۇلىغان رىشتە ھامان،
مۇشۇ تىل بىرلە يۈسۈپ، ھەزرەت نەۋايى تاپتى شان،
مۇشۇ تىلغا جان بېرىپ مەھمۇد بوۋام تۈزدى دىۋان،
مەڭگۈ ئەڭگۈشتەر، يېزىشتا شاھ ئەسەر ئۇيغۇر تىلى.

مۇشۇ تىل بىزگە جاھاندا تەڭدىشى يوق، بىباھا،

www.kitaphumar.net

مۇشۇ تىل بىرلە بىلىپ يەتتۇق نىمە توغرا، خاتا،
مۇشۇ تىل مەڭگۈ قەدىردان، مېھرى ئاتەش جان ئانا،
مۇشۇ تىلنىڭ شۆھرىتىنى قىل ھىمات، جاننى ئاتا،
پىر بولۇپ بىزگە ئۆگەتتى كەسىپ ـ ھۈنەر ئۇيغۇر تىلى.

ئانا تىل قالغان ئانامنىڭ ئانىسىدىن يادىكار،
ئانا تىلغا يۇغۇرۇلغان چىن غۇرۇر ۋە ئىپتىخار،
ئانا تىلنى ئاڭلىسام جۇتنى سېزەرمەن گۈلباھار،
ئانا تىل بار ـ ئەلمۇ بار، ھېكمەت، مۇھەببەت... ھەممە بار،
بىزگە ئاش-ناندەك زۆرۈردۇر، ھەمسەپەر ئۇيغۇر تىلى.

بولغۇسى قەدرىم پاخال-خەس، بولمىسا گەر ئۆز تىلىم،
ئۆز تىلىم بار، ئاي، قۇياشتەك تۇرىدۇ پارلاپ دىلىم،
بارمۇ مەندەك باي جاھاندا، ئۆتتى شاد ھەرئاي، يىلىم،
ئۆز تىلىمدا بۇ ھايات دەرياسىدىن سۈزدۇم بىلىم،
ماڭا ئۇستاز، رەھنەما چىن ئىچ كۆيەر، ئۇيغۇر تىلى.

خىسلىتى يازغانغا پۈتمەس، تىل ھايات، بىزمۇ ھايات،
مۇشۇ تىل بەركاتىدىن تاپتۇق روناق، ئەل-يۇرت ئاۋات،
كۆنسىرى ئۆرلەشكە بولدى مۇشۇ تىل تالماس قانات،
مەن ئاڭا دىل بەرگىنىمچۈن، ئارمىنىم بىخ ياردى شاد،
ئۆتتى مەيلىمنى، بىرىپ دىل، ھۆددىگەر ئۇيغۇر تىلى.

تىزگىنىن چىڭ تۇت ۋاقىت تۇلپارىنىڭ، باش قاشلىما،
بولسا بىل كۆپ تىل، ئەقىل، كۈچ تاپ ھامان، يانپاشلىما،
بۇ قورالدىن پايدىلان ياخشى، كىيىن كۆز ياشلىما،
شاھ بولۇپ كەتسەڭمۇ، ئەمما ئۆز تىلىڭنى تاشلىما،
قىلغىنى بىزنى مۇزەپپەر، مۆتىۋەر ئۇيغۇر تىلى.

www.kitaphumar.net

هەر كىشى كۆپ زوق ئالار سۆز سۆزلىسە ئۆز تىلىدا،
مەن ئانا تىل ـ ئۆز تىلىمغا قىلىمەن مىڭ جان پىدا؛
ئۆز تىلىم يوق بولسا شۇئان بولىمەن جاندىن جۇدا،
چىن يۈرەكتىن ئەيلىدى ئابدۇرېھىم مۇنداق نىدا :
سۆلىرىدا ئاق، ئۇتىدا كۆي! گۆھەر ئۇيغۇر تىلى!...
(«جۇڭگو مىللەتلىرى 2006-يىللىق 4-سان)

دەپ يېزىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئانا تىلىغا، يەنى ئۆزىگە ئاق-قارىنى تونۇتقان، ئۆزىنىڭ مۇھىم ئالاقە ۋاستىسى بولغان تىلغا بولغان مۇھەببىتىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ شېئىرلاردىكى ئورتاقلىق ۋە خەلقنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ئىگە بولىشىدىكى سەۋەب، شېئىرلاردىكى ھېسسىياتنىڭ كۈچلۈك، راۋان بولغانلىقى ۋە شائىرنىڭ مىللەتكە بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئىپادە قىلىنغانلىقىدا بولۇپ، شائىرنىڭ بۇ يەردىكى ئانا تىلغا بولغان ھېسسىياتى، مۇھەببىتى دەل پۈتكۈل ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ ئانا تىلغا بولغان ھېسسىياتى ۋە مۇھەببىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر. شۇڭا بۇ شېئىرلاردىن «ئۇيغۇر تىلى» ناملىق شېئىر «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىللىق مۇقاۋىسىدا، «ئۇيغۇر قىزى» ناملىق شېئىر مەركىزىي ژۇرنالنىڭ 2005-يىللىق 6-سان مۇقاۋىسىدا ئېلان قىلىنغان ھامان ئالقىشلانغان ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا تەسىر پەيدا قىلغانىدى. شائىر بۇ شېئىرلىرىنى يېزىپ، بولۇپمۇ «ئۇيغۇر تىلى» ناملىق شېئىرىنى يېزىپ، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلارنىڭ بۇ ھەقتە يازغان شېئىرلىرىدىكى ئانا تىل مۇھەببىتىنى يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈردى. مەلۇمكى، بۇ ھەقتە تارىخىمىزدا قۇتلۇق شەۋقى، مەمتىلى ئەپەندى، ھاجى ئابدۇلھېمىد يۈسۈفى، تېيىپجان ئېلىيېف، روزى سايىت قاتارلىقلار شېئىر يېزىپ، ئانا تىلىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى نامايان قىلغانىدى. ئارىدىن يەنە بىر نەچچە يىل ئۆتكەندە ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ بۇ شېئىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى خەلقىمىزنىڭ ئانا تىل مۇھەببىتىنىڭ ئىزچىللىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى شېئىرىي شەكىللەرنىڭ كۆپلۈكى ھەم بۇ شەكىللەرنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى دائىرىسىدە مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىنغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىشىمۇ ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۆزىگە

www.kitaphumar.net

خاس نەزەرىيەۋى قانۇنىيەتكە ئىگە بىر خىل ئىجادىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرلىرى كۆپ ھەم بۇ تۈرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا مۇكەممەل قانۇنىيەتكە ئىگە. بىر ئادەمنىڭ مۇشۇنداق كۆپ ھەم ئۆزگىچە خاس قانۇنىيەتكە ئىگە شېئىرىي شەكىللەر ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئاسان ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئادەمدە چېدامچانلىق روھى ۋە بەدىئىي تالانت، ئىقتىدار بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ھەرقايسى شېئىرىي شەكىللەر ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىپ ئىجاد قىلغان بىر يۈرۈش شېئىرلىرى ئۆز تۈرلىرى ساھەسى بويىچە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 3. ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ نەسر ئىجادىيىتى

20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر نەسر ئىجادىيىتىنىڭ گۈللىنىشى تېز بولدى، ئالدى بىلەن نەسر ئىجادىيەتچىلىرى قوشۇنى زورايدى، كېيىن نەسرنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى ۋە مەۋقەسىدە ئۆزگىرىش بولدى ۋە تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى كېڭەيدى. نەسر تىلى يېڭىلاندى. نەتىجىدە، ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان، ئادەم ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇسى كېلىدىغان بىر تۈركۈم نەسرلەر روياپقا چىقتى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئەخمەت ئىمىن، نۇرمۇھەممەت توختى، بەگمەت يۈسۈپ، ئوسمان قاۋۇل، ئەنۋەر تاشتۆمۈر قاتارلىقلار بۇ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ئابدۇرېھىم زۇنۇنمۇ مۇشۇ سەپتە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ نەسرلىرىنىڭ سانى كۆپ ئەمەس، لېكىن قۇرۇلمىسى پۇختا، مەزمۇنى چوڭقۇر، ئىچكى مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئادەمنى ئويغا سالىدۇ. ئۇنىڭ يازغان نەسرلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئېلان قىلغانلىرى 100 پارچە ئەتراپىدا بولۇپ، بولار ئىچىدە «شائىر»، «دوستۇمغا»، «ھايات ھېكمەتلىرى»، «غەلىتە مەخلۇق»، «سايەمگە»، «دوستلۇق ئالبومى»، «كىم ئۇ...»، «ئارمان، سۆيگۈ، رېئاللىق»، «مەن ۋەتەننىڭ ھەممە نېمىسى»، «دېھقان»، «ئىككى خىل تەسۋىر»، «تىلەمچى»، «ناپاكلىق»، «بۇلاق»، «قەلەممگە» قاتارلىقلار ئۇنىڭ ۋەكىللىك نەسرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ نەسرلىرىدە تۇرمۇشنىڭ ئىللىغ تەرەپلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان غايە ۋە ئىدىيەلەر كۈيلەنگەن، قالاق ئىدىيەۋى ھەرىكەتلەر تەنقىد قىلىنغان. ئۇنىڭ «شائىر» ناملىق قىسقا نەسرىدە شائىرلارنىڭ ئورنى، رولى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولسا، «دېھقان» ناملىق نەسرىدە دېھقاننىڭ ئەجرى ئۇلۇغلانغان. «تىلەمچى» ناملىق نەسرىدە ئۇنىڭ ئاقكۆڭۈل، سەممىي روھى دۇنياسى

www.kitaphumar.net

نامايان قىلىنغان. ئۇنىڭ نەسرلىرىدە يەنە ۋەتەن تۇپرىقىدا ئۆسۈپ-يېتىلگەن بارلىق شەيئىلەرنى سۆيۈش؛ دېھقانلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۇنىڭسىز دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىزگۈ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ جەمئىيەتتە ۋابادەك يامراپ كېتىۋاتقان ناچار قىلمىشلارنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ مەنىۋى قىممەتلىرىنى كۈيلىگەن. ئۇنىڭ نەسرلىرى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر نەسرچىلىكى بىلەن چەت ئەل نەسرچىلىكىنىڭ بىرىكمىسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ تەسرى ئۇنىڭ نەسرلىرىنىڭ مەزمۇنىدا نامايان قىلىنغان. ئۇنىڭ «تىلەمچى» ناملىق نەسرىنى كۆرۈپ باقايلى:

مەن بىر تىلەمچى، ئەمما ئاش-نان، پۇل-پۇچەك تىلىمەيمەن، بەلكى تەمەخورلارغا تەمەسىزلىك، ئاجىزلارغا كۈچ-قۇۋۋەت، نەپسى بالا ئىنسابسىزلارغا ديانەت، كۆڭلى قارىلارغا ئاق كۆڭۈللۈك، نادانلارغا ئەقىل-پاراسەت، تاش يۈرەكلەرگە باغرى يۇمشاقلىق، تىلى تورۇپ سۆزلىيەلمەيدىغانلارغا غەيرەت-جاسارەت، مەنمەنچى، قىزىل كۆز كاززاپلارغا ۋە خۇشامەتگۈي-تەخسىكەشلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ، ئاقىناپچىلارغا ھالال ئەجىر تىلەيمەن.

مەن بىر تىلەمچى، ئەمما ئاش-نان، پۇل-پۇچەك تىلىمەيمەن، بەلكى ئۆز ئەجرىگە يارىشا ھەممىتكە نائىل بولالماي، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، سىرىق ئوتتەك سارغىيىپ يۈرگەن بىچارىلەرگە مەدەت، بەخت-سائادەت، نۇسرەت تىلەيمەن.

ئاتاقلىق شائىر، ئالىم، يېتۈك يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى 1980-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا «شېئىر ۋە شائىر» ناملىق مەشھۇر نەسرىي شېئىرىنى ئېلان قىلدۇرۇپ، نەسرىي شېئىرنىڭ جەزبىسىنى، قىممىتىنى، شائىرنىڭ ئورنىنى نەسرىي شېئىر تۈرىدە تۇنجى بولۇپ پەلسەپىۋى يۈكسەكلىك نۇقتىسىدىن ئىپادىلەپ بەرگەنىدى. بۇ قېتىم ئابدۇرېھىم زۇنۇن «يۇرت سۆيگۈسى» ناملىق نەسرىي شېئىرى ئارقىلىق ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، نەسرچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ نەسرىي شېئىر شەكلىنىڭ شەكىل، ئۇسلۇب، تىل، قۇرۇلما، پىكىر، ئىدىيە جەھەتتىن ئىزچىللىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. بىر پارچە نەسرىي شېئىر شەكىل جەھەتتىن نەسرگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا شېئىردا بولۇشقا تېگىشلىك ئامىللاردىن رىتىم، تۇراق، قاپىيە ۋە باشقا شېئىرىي ئامىللارنىڭ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقى نەسرىي شېئىرنى نەسرگە كۆرە شېئىرغا يېقىنراق ئىپادىلىگىنى ئۈچۈن، ئۇ «نەسر ۋە شېئىر» ئاتالغۇسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ تۈرنى شېئىرىيەتتە بىر قەدەر پىشقان شائىرلارلا ۋايىغا يەتكۈزۈپ يېزىپ چىقالايدۇ. بىز تەۋسىيىنى قىلىۋاتقان ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ نەسرىي شېئىرلىرى يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىگە

www.kitaphumar.net

مۇجەسسەملىگەن. ئۇنىڭ نەسرلىرى ئاتاقلىق لىۋان يازغۇچىسى خېلىل جىبران نەسرلىرىدەك ئىخچام قۇرۇلمىغا ۋە چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە.

### 4. ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى

ئابدۇرېھىم زۇنۇن ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە ئىزدىنىپ مۇناسىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىلىم ساھىبى. ئىلىم ئىشىغا راستچىل پوزىتسىيە تۇتۇش ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى. شۇڭا ئۇ بۇ ساھەدە ئىزدىنىپ تونۇلدى ۋە ئېتىراپقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئىككى خىل يۆزلىنىشكە ئىگە بولۇپ، بىرى، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ساھەسىدە، يەنە بىرى نەسر ۋە شېئىرىيەت تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئەمگەك مېۋىلىرىنىڭ مول ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىدىكى مول تەجرىبىسىنى ئاساسىي مەنبە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى ئەمگەك مېۋىلىرى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشتى. ئۇ ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا خەمىت تۆمۈر، نەسرۇللا يولبولدى، ئابدۇكېرىم باقى، مىرسۇلتان ئوسمان، مۇھەببەت قاسىم قاتارلىق مەشھۇر ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، تەتقىقاتنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىگە يۆزلەندۈرۈپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ ئىزچىللىشىشىغا، كۆلەملىشىشىگە ھەسسە قوشتى. ئوقۇتۇشتا ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى چۈشىنىشلىك ئۆتۈشتەك ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئېتىراپقا ئېرىشتى. شۇ ئاساستا دەرسلىك ماتېرىيال تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى. بۇ ھەقتە نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە نەسر ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى رۇبائىي ۋە تۇيۇق... ژانىرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمە ـ مۇنازىرىلەرنىڭ چوڭقۇرلىششىغا ھەسسە قوشتى. ئابدۇرېھىم زۇنۇن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن لىرىك شائىرلارنىڭ بىرى ۋە شېئىرىيەت تەتقىقاتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە شېئىرىيەت نەزەرىيەسى تەتقىقاتى بىلەنمۇ ئۇزۇن يىل شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىرى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە پايدىلىنىش قىممىتى ۋە ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بىر تۈركۈم ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى، ئۇ يەنە ئىجادىيەتتە ئەدەبىي تىل، ئىملا مەسىلىلىرى ھەققىدىمۇ قىممىتى بار

www.kitaphumar.net

ئەمگەكلەرنى قىلدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى، ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا ئىشلىتىشكە ياردەم بېرىدىغان ئەمگەكلەرنى قىلدى، ئۇنىڭ 100 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئاشۇ ماقالىلەرنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە خاس شېئىرىيەتكە تەئەللۇق ماقالىلىرىدىن تەرتىپلەنگەن «تىل ۋە شېئىر» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىنى تۈزۈپ نەشرگە سۇندى.

## 5. ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ راست ئىشلار خاتىرىلىرى ئىجادىيىتى

ئابدۇرېھىم زۇنۇن يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا راست ئىشلار خاتىرىسى تۈرىدىكى ئەسەرلەر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، بۇ جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن قەلەم ساھىبلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ 10 پارچىدىن ئارتۇق راست ئىشلار خاتىرىسى «تەڭرىتاغ»، «يېڭى قاشتېشى» ۋە «قۇمۇل ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر تۆۋەندىكىچە:

1. «تەسەللىيدىن تۇغۇلغان ئىلھام» «يېڭى قاشتېشى» 2007-يىللىق 2-سانىدا؛ 2. «كىچىككىنە كارتىنا» «قۇمۇل ئەدەبىياتى»نىڭ 2011-يىللىق 6-سانىدا؛ 3. «كەچمىشلىرىم ۋە ھەۋەسلىرىم» «تەڭرىتاغ»نىڭ 2012-يىللىق 3-سانىدا؛ 4. «ئۇستازلىرىمدىن پەخىرلىنىمەن» «تەڭرىتاغ»نىڭ 2012-يىللىق 3-سانىدا؛ 5. «مۇشۇكنىڭ دوستلۇقى» «تەڭرىتاغ» 2012-يىللىق 3-سانىدا؛ 6. «تەقدىرىمنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەبكار بولغان ئادەم» «تەڭرىتاغ»نىڭ 2013-يىللىق 2-سانىدا؛ 7. «ئادەتلىرىمدىن ئۈزۈندىلەر» («تەڭرىتاغ» نىڭ 2013-يىللىق 2-سانىدا؛ 8. «بىر ئىستۇدېنتنىڭ تېلېفون سۆزىدىن تۇغۇلغان ئويلار» «يېڭى قاشتېشى» 2013-يىللىق 6-سانىدا.

راست ئىشلار خاتىرىسى - ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ژانىر بولۇپ، ئۇ يازغۇچىلارنىڭ بىۋاسىتە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە كۆرگەن، ئاڭلىغان كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا يېزىلىدۇ، ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلار بەدىئىي ماھارەت ۋاسىتىسى بىلەن يېزىلىدۇ. تەپسىلاتلار تەسۋىرى چىن، ھەقىقىي بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ھايۋاناتلار، ئادەم بىلەن باشقا شەيئىلەر، شۇنىڭدەك باشقا شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي ئىشلار يېزىلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. لېكىن ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ئىشلارنىڭ يېزىلىدىغانلىقى بۇ ژانىرنىڭ قانداقتۇر ئاخباراتنىڭ تۈرلىرىدىن بىرى بولغان تەپسىلىي

www.kitaphumar.net

خەۋەر ئىجادىيىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. بۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇكەممەل ژانىر بولۇپ، تۈرلۈك ۋەقە، ھادىسىلەرنى ئەينەن يېزىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئوقۇرمەنلەرگە ھېس قىلدۇرىدۇ، بىلدۈرىدۇ. بۇ ژانىر 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن كېيىن ئەدەبىياتىمىزدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، شۇندىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەزىز ساۋۇت ئەپەندىدەك مەخسۇس مۇشۇ ژانىردا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان راست ئىشلار خاتىرىسى يازغۇچىلىرى بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ راست ئىشلار خاتىرىسى توپلىمى بولغان «ۋاپادار ئىت»، «نۇرخان ئاچام» قاتارلىق توپلاملىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇشۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ نادىر ئۈلگىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇرېھىم زۇنۇنمۇ مۇشۇ ژانىردا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتە ئىزدەنگەن بولۇپ، مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكلىكى جەھەتتىن ئالغاندا، ئەدەبىياتىمىز قوشۇنىدىكى نادىر راست ئىشلار خاتىرىسى يازغۇچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ راست ئىشلار خاتىرىسى ئىچىدە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2013-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلىنغان «تەقدىرىمنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەبكار بولغان ئادەم» ۋە «ئادەتلىرىمدىن ئۆزۈلدىلەر» ناملىق ئەسەرلىرى ۋەكىللىك بولۇپ، ئاپتور بۇلاردىن ئالدىنقى ئەسىردىكى ئۆزىنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى، ئۆسۈپ-يېتىلىش جەريانىنى تەپسىلىي بايان قىلىش ئارقىلىق ئۆزى تۇغۇلغان 1962-يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان ئۇزاق بىر دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى يىغىنچاق، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگەن. راست ئىشلار خاتىرىسى نامىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇلاردا جەمئىيەت، تەبىئەت، مائارىپ، شەخسىي تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇ ئەسەردە شۇ خىل قاراشقا ماس ھالدا مائارىپ مەسىلىسى يەنە كېلىپ يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ مائارىپ قارىشى مەسىلىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەسەرنى ئوقۇغاندا مائارىپ مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىز چوڭقۇرلىشىدۇ. بۇ ئەسەر ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى ۋە خۇسۇسىي كەچۈرمىشىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، ئەسەرنى ئوقۇغاندا ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى، مەرىپەتپەرۋەر كەنت كادىرى جۇمە زۇنۇننىڭ تەربىيەسى، تەسىرى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە يار-يۆلەك بولۇشى بىلەن مەكتەپتە ئوقۇپ بۈگۈنكىدەك ئالىي مەلۇماتلىق ئىختىساس ئىگىسىگە ئايلانغانلىقىنى بايقايمىز. ئەڭ مۇھىمى ئەسەرنى

www.kitaphumar.net

ئۇقۇش ئارقىلىق ئابدۇرېھىم زۇنۇننى ۋە ئۆزىنىڭ ئالتە پەرزەنتىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشقان جۇمە زۇنۇنغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىمىز، قايىللىقىمىز ئاشىدۇ. ئەسەرنىڭ تۇرمۇش ئاساسى پۇختا، پاكىتلىرى ئېنىق، رېئال ئەھمىيىتى زور بولۇپ، مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بۇ ئەسەرنى ئاپتور تۇغۇلغان مەھەللىنىڭ 50 يىللىق ئەھۋالىنىڭ تەزكىرىسى دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەرنىڭ ئەۋلادلارغا يۇرتنى سۆيۈش تەربىيەسى بېرىش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش قارىشى تىكلەش تەربىيەسى بېرىش، ئۆز يۇرتىدىن يېتىشىپ چىققان ھەرساھە تۆھپىكار كىشىلەرنى بىلىشكە يېتەكلەش تەربىيەسى بېرىش جەھەتتە رولى چوڭ. ئاپتورنىڭ «ئادەتلىرىمدىن ئۈزۈندىلەر» ناملىق ئەسىرى ئاپتورنىڭ شەخسىي تۇرمۇش ئادەتلىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، شەخسىي تۇرمۇش ئادىتىنى ئومۇمىيلىققا بويسۇندۇرۇش ئاساسىدا ياشاپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي خۇشاللىقىدىن ۋاز كېچىپ، باشقىلارنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىگە، ئۆگىنىشىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك، شەخسىي غەرەز بىلەن ياشاش يولىدىن ۋاز كېچىپ، جامائەت ئەخلاقىغا رىئايە قىلغاندا ئىززەت ۋە ھۆرمەت تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىش بۇ ئەسەرنىڭ بىزگە بېرىدىغان ھۇزۇرىدۇر. ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ بۇ ئەسەردە تىلغا ئالغان شەخسىي تۇرمۇش ئادەتلىرى 50 تۈر ئەتراپىدا بولۇپ، خىزمەت، تۇرمۇش، قوشنىدارچىلىق، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، جەمئىيەت ئەخلاقى، كەسىپ ئەخلاقى، دوستلۇق، ۋاپادارلىق، ئۆگىنىش، ئىجادىيەت، تەتقىقات قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقى بىلەن بىزنىڭ ئۆرنەك ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ راست ئىشلار خاتىرىسى تىپىدىكى ئەسەرلىرىمۇ تويلام ھالىتىدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشسە چوقۇم ئۇنىڭ خېرىدارلىرى كۆپ بولىدۇ.

## ئاخىرقى سۆز

يۇقىرىقىلار ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ ئىجادىيەتلىرى ھەققىدىكى قىسقىچە مۇھاكىمىلەر بولۇپ، بۇ مۇھاكىمىلەر بىزنىڭ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە بەرگەن باھالىرىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىر پارچە ماقالىدە مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرى ھەققىدىكى دېمەكچى بولغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ بىر پارچە ماقالىدە بىر ئادەمنىڭ ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن بېشارەت بەرگىلى بولىدۇ. مۇشۇ خۇسۇستا ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى تەتقىق

www.kitaphumar.net

قىلىشنى كۆچەيتىش يۈزىسىدىن مۇنداق ئىشلارنى قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن ۋە كەسپداشلارنىڭ بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن:

1. ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ شېئىر ئىجادىيىتى؛ 2. ئابدۇرېھىم زۇنۇن شېئىرلىرىنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى؛ 3. ئابدۇرېھىم زۇنۇن شېئىرلىرىدا مەجازىي ۋاستىلەرنىڭ قوللىنىلىش ماھارەتلىرى؛ 4. ئابدۇرېھىم زۇنۇن شېئىرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى؛ 5. ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ نەسر ئىجادىيىتى؛ 6. ئابدۇرېھىم زۇنۇن نەسرلىرىدە چەت ئەل نەسرلىرىنىڭ تەسىرى مەسىلىسى؛ 7. ئابدۇرېھىم زۇنۇن ئەسەرلىرىدە مىللىي ئالاھىدىلىك مەسىلىلىرى؛ 8. ئابدۇرېھىم زۇنۇن ئەسەرلىرى ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار تورى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە مۇناسىپ باھا بەرگىلى بولىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: دىلبەر تۇرسۇننىياز

创作知己，母语的忠诚培育者

沙地尔•吐送尼牙孜

摘 要：本文通过对诗人阿不都热依木•祖农创作情况的全面介绍，简。要分析了其诗歌创作，散文创作及现实文学创作的特点

关键词：阿不都热依木•祖农；创作；特点；诗歌

مەنبە:خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژورنىلى 2014-يىللىق 2-سان.
توردىكى مەنبە: شىنجاڭ يازغۇچىلار تورى
يوللىغۇچى: ئابدۇرېھىم زۇنۇن

www.kitaphumar.net

# كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى ۋە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى

كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى ۋە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى
计算语言学与维吾尔语研究
سەمەت مەمتىمىن تىلچىن

كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى كومپيۇتېر ئىلمى بىلەن تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان پەنلەرنىڭ بىرى. بۇ پەننى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى قوللىنىلىشىنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە تۆۋەندىكى ماقالە يوللاندى.
بۇ ماقالە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىلى 2-سانىغا بېسىلغان، ماقلە يېزىلغىلى خېلى بولغانلىقتىن بەزى تەتقىقات ئەھۋاللىرى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. تۈزەتتىپ ئوقۇشۇڭلارنى ۋە باھا-تەكلىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**قىسقىچە مەزمۇنى**: بۇ ماقالىدە كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىنىڭ ئېنىقلىمىسى، تەتقىقات مەزمۇنلىرى ۋە ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىق بىلەن بولغان پەرقى سۆزلەنگەن، ئاندىن مۇشۇ ئاساستا كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا قوللىنىلىش ئەھۋالى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر خۇلاسىلانغان ھەم كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.
**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر**: كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى؛ ئۇيغۇر تىلى؛ تەتقىقات ئەھۋالى.

كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ راۋاجلىنىشى نۇرغۇن ساھەلەردە يېڭى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلارنى بارلىققا كەلتۈردى، كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ ئىلىم- پەن تەتقىقاتىدىكى رولىمۇ كۈنسېرى كۈچەيدى، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن پەنلەر كومپيۇتېر ئىلمى بىلەن گىرەلەشتى ۋە بەزى يېڭى ئارىلىق پەنلەر (边缘学科) شەكىللىنىشكە باشلىدى. جۈملىدىن، بىر تەرەپتىن تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدا كومپيۇتېر تېخنىكىسى كەڭ

www.kitaphumar.net

قوللىنىلدى، بۇ تىل تەتقىقاتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن تىل تەتقىقاتىدىكى ئەڭ يېڭى نەزەرىيە ۋە بايقاشلار كومپيۇتېر ساھەسىدە ئىشلىتىلىپ كومپيۇتېر تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇردى ھەم ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. تەبىئىي تىلنى ئاپتوماتىك بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسى (自然语言自动处理技术) بارلىققا كېلىپ راۋاجلاندى، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تىل تەتقىقاتىغا نۇرغۇن تەلەپلەرنى قويدى، بۇنىڭ بىلەن كومپيۇتېر ئىلمى بىلەن تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ھەقىقىي گىرەلىشىشى ئىشقا ئېشىپ يېڭى بىر ئارىلىق پەن كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى (计算语言学) بارلىققا كەلدى. كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى پەن بولۇپ شەكىللەنگەندىن بۇيان تەتقىقاتچىلار قىزغىن تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى، ھازىرمۇ كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى ناھايىتى قىزىق پەنلەرنىڭ بىرى بولۇۋاتماقتا. كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى يەنە يېڭى بىر تەتقىقات ئۇسۇلى سۈپىتىدە ھەر قايسى تىللار تەتقىقاتىدا قوللىنىلىپ نۇرغۇن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتچىلىرى ۋە كومپيۇتېر تەتقىقاتچىلىرىمۇ بۇ يېڭى پەنگە دىققەت قىلىشقا ۋە تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى، شۇنداقلا بەزى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش، كەڭ تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ يېڭى پەنگە بولغان دىققىتىنى قوزغاش، باشقا مىللەتلەردىكىگە ئوخشاش تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ تىل تەتقىقاتىدىمۇ يۈكسىلىش ھاسىل قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇ ماقالىدە دەل مۇشۇ مەقسەت چىقىش قىلىنغان. يەنى ماقالىدە كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىش ئاساسىدا، كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا قوللىنىلىش ئەھۋالى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر خۇلاسىلاندى ھەم كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 1. كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى توغرىسىدا

1) ئېنىقلىمىسى

كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىنىڭ تەۋەلىكى توغرىسىدا تېخى بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق، تىلشۇناسلار ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ تەبىئىي تىل ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلىپ ئۇنى تىلشۇناسلىقنىڭ تارمىقى دەپ قارىسا، كومپيۇتېر تەتقىقاتچىلىرى قوللىنىلغان

www.kitaphumar.net

تەتقىقات ۋاستىسىنىڭ كومپيۇتېر تېخنىكىسى ئىكەنلىكىگە قاراپ ئۇنى كومپيۇتېر ئىلمىنىڭ تارمىقى دەپ قارايدۇ، ھەتتا بەزى ماتېماتىكا ئالىملىرى ئۇنى ئەمەلىي ماتېماتىكا ئىلمىنىڭ تارمىقى دەپ قارايدۇ. لېكىن خۇلاسىلەپ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى (Computational Linguistics) فورمۇلالاشتۇرۇلغان ھېسابلاش قىلىپ قورۇش ئاساسىدا تىلنى تەھلىل قىلىدىغان، چۈشىنىدىغان ۋە بىر تەرەپ قىلىدىغان پەن. كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى بىر ئارىلىق پەن بولۇپ، ئۇ تىلشۇناسلىق، لوگىكا، پسىخىك تىلشۇناسلىق، كومپيۇتېر ئىلمى، پەلسەپە، سۈنئىي ئىقتىدار ئىلمى، ماتېماتىكا ۋە ستاتىستىكا ئىلمىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قوللىنىپ كومپيۇتېر ئارقىلىق تىلنى تەھلىل قىلىدۇ .

2) تەتقىقات مەزمۇنى

ئادەتتە تىل تەتقىقاتىدا تىل فونېتىكا، لېكسىكا، گراماتىكا، سېمانتىكا ۋە پراگماتىكىدىن ئىبارەت بىر قانچە قاتلامغا بۆلىنىدۇ. كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىمۇ مۇشۇ ئاساستا بىر قانچە تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ ئۇلارنىڭ تەتقىقات مەزمۇنى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك:

(1) كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ تىل تاۋۇشلىرى ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، تىلنى ئاپتوماتىك سىنتېزلەش ۋە تونۇتۇشنى تەتقىق قىلىدۇ.

(2) تىلدىكى سۆزلەرنى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى، سۆزلۈك ئامبىرى، ئاتالغۇلار ئامبىرى قاتارلىق ماشىنىلاشقان لۇغەتلەرنى قۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

(3) كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ تىلنىڭ گراماتىكىسىنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىدۇ.

(4) تەبىئىي تىل ئىپادىلىگەن مەنىنى كومپيۇتېردا قانداق تەھلىل قىلىشنى تەتقىق قىلىدۇ.

(5) كۆپ مىقداردىكى تەبىئىي تىل ماتېرىياللىرىنى كومپيۇتېردا توپلاش، ساقلاش ۋە ستاتىستىكا قىلىش ئۇسۇلىنى، شۇنداقلا تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرى تىلشۇناسلىقى ئۇسۇلىنىڭ تىلغا قارىتا مىقدار ئانالىزى ئېلىپ بېرىش، لۇغەت تۈزۈش، ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىنى تەھلىل قىلىش، تەبىئىي تىلنى چۈشىنىش، ماشىنا تەرجىمىسى قىلىش قاتارلىق ساھەلەردە قوللىنىلىشىنى تەتقىق قىلىدۇ.

كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى مانا مۇشۇنداق ناھايىتى كەڭ بولۇپ، تەتقىقات دائىرىسى تەبىئىي تىلنى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىشقا ئائىت بارلىق

www.kitaphumar.net

ساھەلەرگە چېتىلىدۇ؛ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەتىجىلەر تىلشۇناسلىقتا قوللىنىلىشتىن سىرت ماشىنا تەرجىمىسى (ئاپتوماتىك ھالدا بىر تىلنى ئىككىنچى بىر تىلغا تەرجىمە قىلىش)، تاۋۇشلارنى بىر تەرەپ قىلىش (ئاۋازنى تونۇتۇش ۋە ئاۋاز ھاسىل قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئاپتوماتىك كوررېكتورلۇق قىلىش (ئالاھىدە ياسالغان يۇمشاق دېتاللار ئارقىلىق ئەسەر، كىتابلارنىڭ كوررېكتورلۇقىنى قىلىش)، ئاپتوماتىك ئۇچۇر ئىزدەش (كومپيۇتېر ئارقىلىق زور مىقداردىكى ئۇچۇرلار ئارىسىدىن ئېھتىياجلىق ئۇچۇرلارنى توپلاش)، سۆز-ئاتالغۇلار ئامبىرى قۇرۇش (ھەر خىل تىپتىكى بىر تىللىق ياكى كۆپ تىللىق ئېلېكترونلۇق لۇغەتلەرنى تۈزۈش)، تەبىئىي تىلنى چۈشىنىش (كومپيۇتېر بىلەن ئادەمنىڭ سۆزلىشىشى، تەبىئىي تىل بىلەن بېۋاستە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشى)، ھەر خىل ئوقۇتۇش ياردەمچى دېتاللىرىنى ياساش قاتارلىقلاردا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

3) كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى ۋە ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىقنىڭ پەرقى

كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى ۋە باشقا ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئوخشاشلا ئىنسان تىلىدىن ئىبارەت بولسىمۇ تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە ۋاستىسىدە پەرقلەر بولغاچقا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت.

(1) كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى كومپيۇتېرنىڭ تىلدىكى ئومۇمىيلىقتا ۋە پۈتۈنلۈككە ئىگە ئادەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى تەتقىق قىلسا، ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىقتا كۆپرەك تىلدىكى ئالاھىدە مەسىلىلەر، ھادىسىلەر تەتقىق قىلىنىدۇ.

(2) كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى تىل تەتقىقاتىدا ئاۋۋال تەھلىل قىلىپ ئاندىن چۈشىنىدۇ، چۈشىنىش تەھلىل قىلىشنىڭ نەتىجىسى. ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىقتا ئاۋۋال چۈشىنىلىپ ئاندىن تەھلىل قىلىنىدۇ، چۈشىنىش تەھلىل قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

(3) كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى چوقۇم كومپيۇتېر تەبىئىي تىلنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا سىنىلىدۇ. كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى تەتقىقاتىنىڭ يەكۈنى ئەمەلىيەتتە قوللىنالايدىغان بولۇشى كېرەك، يەنى نەزەرىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىقتا قائىدە-داۋلى سۆزلەش مۇھىم، كۈچلۈك لوگىكىلىققا ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

(4) ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىقتا تەسۋىرلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؛ كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىدا تىل نەزەرىيىسىنىڭ كۈچلۈك ئەمەلىي مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ، شۇڭا ھەر بىر جۈملىدىكى گىراماتىكىلىق ئۇچۇر ۋە مەنە ئۇچۇرلىرىنىڭ

www.kitaphumar.net

يۈكسەك دەرىجىدە فورمۇلالاشتۇرۇلغان بولۇشى، كومپيۇتېر چۈشىنەلەيدىغان دەرىجىدە قائىدىلەشتۈرۈلگەن بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 2. كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا قوللىنىلىشى

كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ ئارىلىق پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن كومپيۇتېر تەتقىقاتى ۋە تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى؛ جۇملىدىن تىلشۇناسلارمۇ بۇ ساھەگە دىققەت قىلدى. ئىنگلىز ۋە خەنزۇ تىللىرىدا مەخسۇس كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچىلار، مۇتەخەسسىس ـلەر قوشۇنى شەكىللەندى ۋە نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئېرىشتى. بۇ نەتىجىلەر بىر تەرەپتىن تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنى كۈچەيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ تىل ـ يېزىقنىڭ كومپيۇتېردا قوللىنىلىشىنى ۋە نۇرغۇن يېڭى تېخنىكا، يۇمشاق دېتاللارنىڭ ياسىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. جۇملىدىن ئۇيغۇر تىلى ۋە كومپيۇتېر تەتقىقاتچىلىرىمۇ بۇ پەنگە دىققىتىنى قاراتتى، شۇنداقلا بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن تەتقىقاتتا بەزى مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ، نۇرغۇن مەسىلىلەر بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتىۋاتىدۇ. تۆۋەندە بۇ جەھەتتە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1) ھازىرقى تەتقىقات ئەھۋالى

ئۇيغۇرلاردا كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى تەتقىقاتىنى تېخى ئەمدىلا باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ بەزى تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. ئەمما ھازىرچە بۇ خىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاساسلىقى كومپيۇتېر تەتقىقاتچىلىرى ۋە بەزى كومپيۇتېر ھەۋەسكارلىرى بىلەن چەكلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىدا كومپيۇتېر قىسمى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار يوق دېيەرلىك. تۆۋەندە تىلغا ئالماقچى بولغانلىرىمىزنىمۇ ساپ كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى دەپ ئېيتالمايمىز، لېكىن بۇلار تىل بىلەن كومپيۇتېرنىڭ مۇناسىۋىتىنى چىقىش قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىلىرىدىن ئىبارەت.

(1) ئۇيغۇرچە يېزىقنى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش دېتاللىرى ياسالدى.

www.kitaphumar.net

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ بېشىدا DOSمۇھىتىدا ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزۈش سىستېمىسى «بۇغدا» مۇۋاپىقىيەتلىك ياسالغاندىن تارتىپ ئۇيغۇرچە يېزىقنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈش، ھەر خىل يۇمشاق دېتاللاردا ئۇيغۇرچىنى تونۇتۇش، بىر قىسىم مىللىي يېزىقتىكى يۇمشاق دېتال ۋە ئۇسكۈنىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتلەردە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى.

ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ، ئۇيغۇر سوفت كومپيۇتېر شىركىتى قاتارلىق تەتقىقات ئورۇنلىرى كېيىنچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە باشقا تارماق ۋە شەخسلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئاساسىدا ھازىر ئۇيغۇرچە يېزىقنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈش، تونۇتۇش ۋە ئاددىي بىر تەرەپ قىلىشلار ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى.

(2) ئاددىي كوررېكتورلۇق قۇراللىرى ياسالدى.

بىزنىڭ بىلىشىمىزگە ئاساسلانغاندا، ھازىرچە ئۇيغۇر سوفت شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «ئەل كوررېكتور» يۇمشاق دېتالى (بازارغا سېلىنغان)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەتقىقاتچىلار تەتقىق قىلىپ ياسىغان «كۆپ تىللىق مۇھىتتىكى ئۇيغۇرچە يېزىق كوررېكتورلۇق سىستېمىسى» (تېخى تارقىتىلمىغان) ۋە غەيرەت توختى ئەپەندى ياسىغان كوررېكتورلۇق ئىقتىدارى بار «ئۇيغۇر ئېدىت UyghurEdit» قورالى (ھەقسىز تارقىتىلغان) قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. بۇلار بۇ جەھەتتىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش بولغاچقا تېخى ئىقتىدارى تازا مۇكەممەل، توغرىلىق دەرىجىسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس.

(3) ئېلېكترونلۇق لۇغەتلەر ياسالدى.

ئېلېكترونلۇق لۇغەت گەرچە كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىنىڭ بىۋاستە تەتقىقات نەتىجىسى بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر خىل ئېلېكترونلۇق لۇغەتلەر (كومپيۇتېر لۇغىتى ۋە مەخسۇس ئېلېكترونلۇق ئۇسكىنە ھالىتىدىكى لۇغەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نى تەتقىق قىلىپ ياساشتا كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىنىڭ تەتقىقاتى كەم بولسا بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر سوفت شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»، ئىرپان شىركىتىنىڭ «ئىرپان ئېلېكترونلۇق لۇغىتى» ۋە باشقىلار.

(4) ماشىنا تەرجىمە تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلىپ بەلگىلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

ھازىرغىچە تېخى كەڭ ئومۇملاشقان ئۇيغۇرچە تەرجىمە يۇمشاق دېتالى ياساپ چىقىلمىدى، بۇنىڭغا كىرەكلىك تەتقىقات، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى يېتەرلىك ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بۇ جەھەتتە ئىزدىنىپ بەزى نەتىجىلەرنى قولغا

www.kitaphumar.net

كەلتۈردى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق تەتقىقات ئورۇنلىرىدا بۇ جەھەتتە تەتقىقاتلار قىلىنىۋاتىدۇ.

(5) تاۋۇش، بوغۇم، سۆز چاستوتا تەتقىقاتى قىلىندى.

كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ كۆپ مىقداردىكى تىل ماتېرىيالىغا قارىتا تاۋۇش، بوغۇم ۋە سۆزلۈكلەرنىڭ چاستوتىسى جەھەتتىن ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تەتقىقاتلار داۋاملىشىۋاتىدۇ؛ مەسىلەن، ئۇيغۇر سوفت شىركىتى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا 10 مىليون سۆزلۈك تىل ماتېرىيالىغا تاۋۇش، بوغۇم ۋە سۆزلۈك جەھەتتىن ستاتىستىكا ئېلىپ بېرىپ نەتىجىسىنى تور بېتىدە ئېلان قىلدى؛ بىلىشىمىزچە ئۇنىڭدىن سىرت شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى تەتقىقاتچىلارمۇ بۇ جەھەتتە ئىزدىنىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ ستاتىستىكىلاردا بەزى مەسىلىلەر ساقلانغان. يىغىپ ئېيتقاندا تېخى تولۇق ئېتىراپ قىلىنغان بىرەر نەتىجە چىققىنى يوق.

(6) سۆز، سۆز بىرىكمىلىرىنى پارچىلاش ۋە ئاپتوماتىك بەلگە قويۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى.

سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىگە ئاپتوماتىك ھالدا گىراماتىكىلىق بەلگە قويۇش ئۇيغۇر كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىدىكى مۇھىم ئاساس خاراكتېرلىق خىزمەت بولۇپ، باشقا تەتقىقاتلار مۇشۇ ئاساستا راۋاجلىنىدۇ. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پروفېسسور يۈسۈپ ئەبەيدۇللا باشتىن- ئاخىرى بۇ جەھەتتە كۆپرەك ئىزدەنگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى، ئۇندىن سىرت باشقا يولداشلارمۇ تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. لېكىن كۆپىنچە تەتقىقات نەتىجىسى تېخى ئاشكارىلانمىغان ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالايدىغان يۇمشاق دېتاللارمۇ ئېلان قىلىنمىدى.

(7) يېزىق تونۇتۇش سىستېمىسى ياسالدى.

يېزىق تونۇتۇش سىستېمىسى دېگەندە قولىيازما ياكى باسما ماتېرىياللاردىكى خەتلەرنى كومپيۇتېردا ئاپتوماتىك تونۇتۇش ئىقتىدارىغا ئىگە قۇراللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەتقىقاتچىلار دەسلەپكى قەدەمدە يېزىق تونۇتۇش سىستېمىسىنى ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، بۇ سىستېما پات ئارىدا بازارغا سېلىنىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قولدا يېزىپ كومپيۇتېرغا خەت كىرگۈزۈش قورالى ئاللىقاچان ياسىلىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، لېكىن بۇ قورال قوشۇمچە ئۈسكۈنىنىڭ ياردىمىدە ئىشلەيدۇ، تېخى كومپيۇتېر بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ بولالمىدى.

www.kitaphumar.net

2) تەتقىقاتتا ساقلانغان مەسىلىلەر

گەرچە ئۇيغۇر تىلى كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىغا دائىر يۇقىرىقىدەك نەتىجىلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، باشقا مىللەتلەردىكىگە ۋە دەۋرىمىزدىكى ئىلغار سەۋىيىگە سېلىشتۇرغىنىمىزدا نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانغان:

(1) تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىش دەرىجىسى تۆۋەن.

بىلىشىمىزچە، كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىغا ئائىت تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار مەيلى كومپيۇتېر تەتقىقاتچىسى ياكى تىلشۇناسلىق تەتقىقاتچىسى بولسۇن خېلى سانىنى ئىگىلىسىمۇ، نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرى پەقەت شەخسلەرنىڭ قولىدىلا ساقلىنىپ باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئېلان قىلىنمايۋاتىدۇ. بەزى تەتقىقاتلارنىڭ قىلىنىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئاياغلاشقانلىقىنى ئاڭلىساقمۇ، بىر نەچچە يىلغىچە بۇنىڭغا ئائىت ماقالە ياكى ئېلان قىلىنغان باشقا يۇمشاق دېتاللارنى كۆرەلمەيمىز. بەلكىم شۇ تەتقىقاتچى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئويلىغان بولۇشى، يېرىم يولدا توختاپ قالغان بولۇشى، ئىقتىسادىي مەنپەئەت ياكى باشقا ئامىللارنى ئويلاپ نەتىجىسىنى ئېلان قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇنداق قىلىشمۇ توغرا، لېكىن بىرەر تەتقىقاتنىڭ پۈتۈنلەي مۇكەممەل بولۇپ كېتىشى ناتايىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جەھەتتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشنىلا كۆزلەش ئانچە ئاقىلانىلىق ئەمەس. شۇڭا تەتقىقات بولغانىكەن، نەتىجىسى ئېلان قىلىنسا، باشقىلار ئۇنىڭدىن پايدىلانسا ھەم شۇ ئاساستا يەنىمۇ تەتقىقات چوڭقۇرلاشسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

(2) تەتقىقاتتا ھەمكارلىق كەمچىل، ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتى تۆۋەن بولماقتا.

ئۇيغۇر كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى تەتقىقاتىدا كەمچىل بولۇۋاتقىنى ھەمكارلىق بولۇپ، تەتقىقاتلىرىمىز تارقاق ھەم تەكرار بولىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە رايونىمىزدا بۇ جەھەتتە تەتقىقاتقا ئۇيۇشتۇرىدىغان نوپۇزلۇق ئورگانلار بولمىغاچقا ھەمكارلاشماق ناھايىتى تەس. كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى بىر ئارىلىق پەن بولغاچقا تەتقىقاتچىدىن كومپيۇتېر بىلىمى ھەم تىلشۇناسلىق بىلىمى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ بىر ئادەمدە تەڭ بولۇشى ناتايىن، بۇ خىل ئەھۋالدا تىل تەتقىقاتچىلىرى بىلەن كومپيۇتېر تەتقىقاتچىلىرى ھەمكارلاشقاندىلا بىر بىرىنى تولۇقلاپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلى بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتى بەكلا تۆۋەن بولىۋاتىدۇ. تەتقىقات ئۈچۈن ياكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈنلا تەتقىقات قىلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بىر قىسىم چوڭ-چوڭ تەتقىقات

www.kitaphumar.net

تېمىلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى تېما تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىنمۇ ئەمەلىي ئىشلىتىلمەي مەخپىي ساقلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. دۆلەت مەبلەغ ئاجراتقان بۇ تەتقىقاتلار نېمە ئۈچۈن ئومۇمنىڭ پايدىلىنىش ئۈچۈن ئېلان قىلىنمايدۇ؟ ئەلۋەتتە بۇ بىر ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

(3) ساپ تىل تەتقىقاتىدا قوللىنىش يېتەرلىك بولماۋاتىدۇ.

ھازىرغىچە كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى تەتقىقات دېيىلگەندە ئاساسلىقى كومپيۇتېر ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەبىئىي تىل بىر تەرەپ قىلىش (自然语言处理)قا ئائىت تەتقىقاتى كۆپرەك نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى ساپ تىل تەتقىقاتىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىنىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تىل ساھەسىدە نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى قىلىش ۋە بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن تىل تەتقىقاتچىلىرى بۇ ساھەگە نەزىرىنى ئاغدۇرۇشى، يېڭى تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىشى ھەم بىر تۈركۈم كومپيۇتېرغا پىششىق بولغان تىل تەتقىقاتچىلىرى يېتىشىپ چىقىشى كېرەك.

(4) تەتقىقاتقا سېلىنغان مەبلەغ يېتەرلىك ئەمەس.

سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر ئامىل شۇكى، ھازىر ئۇيغۇر كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى تەتقىقاتىغا كېتەرلىك مەبلەغ كەمچىل. بۇمۇ تەتقىقاتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئامال قىلىپ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ، مۇمكىن بولسا شەخسلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش كېرەك. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە تەتقىقات تارماقلىرىمۇ كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى تەتقىقاتىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

3) بۇندىن كېيىن جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر

(1) ئۇيغۇر تىلىنىڭ كومپيۇتېرغا ماسلاشقان بەزى ئىملا قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقىش، توغرا ئىملانى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك.

يېقىندىكى بىر تەتقىقاتىمىزغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نەشر ماتېرىياللىرىدا ئېغىر دەرىجىدىكى ئىملا خاتالىقلىرى مەۋجۇت ئىكەن. مەسىلەن، خېلى نوپۇزلۇق گېزىت- ژۇرنالدىن ئېلىنغان 200 مىڭ سۆزلۈك تېكىستنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا ئىملاسىدا مەسىلە بار سۆز 1.5 پىرسەنت ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ كىچىك ساندەك كۆرۈلسىمۇ 200مىڭ سۆزگە نىسبەتەن 3 مىڭ سۆزدە ئىملا خاتالىقىنىڭ كۆرۈلۈشى ھەقىقەتەن كىچىك ئىش ئەمەس. گەرچە بۇ ئىملا خاتالىقلىرى ئوقۇرمەنلەرگە سىزىلمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن كومپيۇتېر بىر

www.kitaphumar.net

ماشىنا بولغاچقا بىر سۆزدە بىرەر ھەرپ خاتا ياكى ئارتۇق-كەم بولسا ئۇنى توغرا تونيالمايدۇ.

بۇ ئىملا خاتالىقلىرىدىن سىرت، كومپيۇتېردىكى تېكىستلەرنىڭ ئىملاسىدا بەزى قالايمىقانچىلىقلار مەۋجۇت. يېزىقتىكى ئىملا ۋە تىنىش بەلگىلىرى توغرىسىدا ئېنىق قائىدىلەر تۈزۈلگەن، گەپ شۇنى ئومۇملاشتۇرۇشتا. لېكىن كومپيۇتېردىكى ئىملاغا نىسبەتەن بەزى قائىدىلەرنى بېكىتىش زۆرۈر. مەسىلەن، سۆزلەرنى ئايرىشتا قوللىنىلىدىغان بوشلۇق بەلگىسىنىڭ قوللىنىلىشى بەكلا قالايمىقان بولۇۋاتىدۇ، خەتلەر بېسىپ چىقىرىلغاندا بوشلۇق گەرچە مۇھىم بولمىسىمۇ، كومپيۇتېردا سۆزلەرنى پارچىلاش، سۆزلەرنى تەھلىل قىلىش جەھەتلەردە ئۇنىڭ رولى بەك چوڭ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە پەش (،)، چېكىت (.)، ئۈندەش (!)، سوراق (؟)، چېكىتلىك پەش (؛) ۋە قوش چېكىت ( : ) بەلگىسىنىڭ ئالدىغا ئەمەس، كەينىگە بىر بوشلۇق بەلگىسى قويۇلۇشى؛ ئىككى تىنىش بەلگىسى بىللە كەلسە بىرلا بوشلۇق بەلگىسى قويۇلۇشى كېرەك؛ ھەر خىل تىرناقلارنىڭ تېشىغا بوشلۇق بەلگىسى قويۇلۇشى كېرەك. ئۇندىن سىرت سىزىقچە (-) بىلەن سىزىق (ــ) پەرقلەندۈرۈلۈشى؛ ئۇيغۇر تىلىدا بولمىغان "“” ، قاتارلىق تىنىش بەلگىلىرى ئىشلىتىلمەسلىكى، مۇمكىن بولسا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار كومپيۇتېردىكى ئىملا توغرىسىدا ئىنچكىرەك بەزى قائىدىلەرنى بېكىتىشى كېرەك. چۈنكى بۇ جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق تىلىمىزنى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشقا توسالغۇ بولىدۇ.

(2) ئۆلچەملىك كوررېكتورلۇق قوراللىرىنى ياساپ چىقىش كېرەك.

توغرا ئىملانىڭ ئومۇملاشماسلىقىدىكى يەنە بىر سەۋەب ئۆلچەملىك كوررېكتورلۇق قوراللىرىنىڭ بولماسلىقىدا. بەزى ئىملا خاتالىقلىرىنى بايقاش خېلىلا قىيىن، ئەگەر توغرىلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان كوررېكتورلۇق يۇمشاق دېتاللىرى ياسالسا كوررېكتورلۇق خىزمىتى تېزلەشكەن ھەم سۈپىتىمۇ يۇقىرى بولغان بولاتتى. ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ خەت كىرگۈزۈش داۋامىدا كوررېكتورلۇق قورالىنىڭ ياردىمىدە ئىملادىكى خاتالىقلىرىنى تۈزىتىۋالغان بولاتتى.

(3) ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكا ئۇچۇر ئامبىرى (لۇغىتى) قۇرۇش كېرەك.

خەنزۇ تىلىدا ئاللىقاچان "现代汉语语法信息词典" تەتقىق قىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلدى. «تىلىنىڭ گىراماتىكا ئۇچۇرلىرى لۇغىتى» تىل تەتقىقاتى ۋە تىل ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئۇل خاراكتېرلىق قۇرۇلۇش بولۇپ، بۇنداق لۇغەتتە تىلدىكى ھەر بىر

www.kitaphumar.net

سۆزگە قەدەر ئۇنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئىنتايىن تەپسىلىي بېرىلىدۇ. بۇنداق چوڭ لۇغەت نۇرغۇن تەتقىقاتچىنىڭ ھەمكارلىشىپ ئۇزۇن مۇددەت ئىزدىنىشى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەگەر بۇ لۇغەت ياساپ چىقىلسا كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى تەتقىقاتى ۋە باشقا تەتقىقاتلار زور دەرىجىدە ئالغا باسىدۇ.

(4) ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز چاستوتىسى تەتقىقاتىنى قىلىش كېرەك.

ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر ئىشلىتىلىش چاستوتىسىغا ئاساسەن دەرىجىگە تۇرغۇزۇلمىدى. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى باشقا تىللاردىن نەچچە يىل كېيىن قالدى. بۇنىڭدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە تېخى كەڭ كۆلەمدىكى سۆز چاستوتىسىنى ستاتىستىكىلاش خىزمىتى ئىشلەنمىدى ياكى ئىشلەنسىمۇ نوپۇزلۇق ئورگانلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى.

سۆز چاستوتىسىنى ستاتىستىكىلاشتا ھەر خىل ژانىر، ھەر خىل تېمىدىكى ۋەكىللىككە ئىگە بولغان تىل ماتېرىياللىرىدىن كۆپ مىقداردا توپلاپ كومپيۇتېر ئارقىلىق سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ۋە تارقىلىش چاستوتىسىنى ستاتىستىكا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئائىت تەتقىقاتلار ئاللىقاچان باشلاندى، يېقىن كەلگۈسىدە نەتىجە چىقىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ خىزمەت تاماملانسا، تىل ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

## پايدىلانمىلار:

[1] ۋېلىك فۇلياك، ۋاڭ يىيى قاتارلىقلار تۈزگەن: «كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى توغرىسىدا بايان»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1998

[2] فېڭ جىۋېي: «كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىدىن ئاساس»، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 2001

[3] ليۇ يىڭ: «كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى»، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002

[4] خۇاڭ چاڭنىڭ، لى جۈەنزى قاتارلىقلار: «تىل ماتېرىيال ئامبىرى تىلشۇناسلىقى»، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 2002

مەنبە: نۇرقۇت تورى

www.kitaphumar.net

# قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ مەككە شەھىرىدىكى ئۆي - زېمىنى توغرىسىدا

يۇنۇس سادىق

1991- يىلى8 - ئايدا نەشر قىلىنغان «قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى» دە: «قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ ئاخىرقى ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ ئىلكىدە 30 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى، ئورمانچى نەنلياڭدا 150 مو كۆلەمدە ئۆي - زېمىنى، بېيجىڭدا ‹قومۇل سارىيى›، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە شەھىرىدە ئۆي زېمىنى بار ئىدى» دەپ يېزىلغان.

ئۇنداق بولسا، شامەخسۇتنىڭ مەككىدىكى زېمىنى قاچان، قانداق سېتىۋېلىنغان؟ مەن بۇ مەسىلىگە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 -، 90- يىللىرىدا مەككە شەھىرىگە بېرىپ، ھەج قىلىش پائالىيىتىگەقاتناشقان بىر قىسىم پېشقەدەم زاتلار ۋە تارىخي ۋەقەلەرنى بىلىدىغان بىر قىسىم ياشانغانلاردىن ئەھۋال ئىگىلەش ھەمدە تارىخي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، بىر قىسىم مەلۇماتلارغا ئېرىشكەنىدىم. شۇنداقتىمۇ، مەن بۇ ئىشقا قىزىقىپ، تېخىمۇ ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەنىدىم. «تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگەنىدەك، 1999 - يىللىق «شىنجاڭ مۇسۇلمان- لىرى ھەج ئۆمىكى»نىڭ خىزمەتچىسى سالاھىيىتى بىلەن مەككىگە باردىم. بۇ، مەن ئۈچۈن قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ مەككە شەھىرىدىكى يەر-زېمىنىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى. چۈنكى، مەن قومۇلدىن سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى، شۇ ۋاقىتتىكى قومۇل ۋىلايەتلىك تاشقى ئىشلار - مۇھاجىرلار خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئابدۇرېھىم راخمان سەئۇدى ئەرەبىستانغا بارغاندىن كېيىن، قومۇل ۋاڭىنىڭ زېمىنى قەيەردە ئىكەنلىكىنى، ئورنى، كۆلىمى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلىيرەك ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىشىمنى، بۇ ئىشقا ۋالىي ئابدۇراخمان كېرەمنىڭمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ تاپىلىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

مەن مەككىگە بېرىپلا قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ زېمىنى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى سۈرۈشتە قىلدىم. مەككە شەھىرىدە مۇھاجىر بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان قومۇللۇق ئابلىمىت ھاجى (تۆمۈر ھاجى)، ئابلا مەككە ھاجى، تۇرپانلىق مۇھەممەت قارىيھاجى،

www.kitaphumar.net

توقسۇلۇق ئابدۇرېقىپ ھاجى، ئاتاقلىق تىلشۇناس غۇلام غوپۇر ھاجىنىڭ تۇغقىنى ئابلىز ھاجى قاتارلىق كىشىلەردىن «قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ زېمىنى قەيەردە؟» دەپ سورىغىنىمدا، ھەممىسى بىردەك مەككە شەھىرىنىڭ مىسفەلى كوچىسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 100 مېترچە، كەڭلىكى 30 – 40 مېترچە كېلىدىغان، ئىچىدە دەل ـ دەرەخى بار باغچە شەكلىدىكى (بۇ جاي شۇ چاغلاردا مەككە شەھىرىدىكى دەل ـ دەرەخى بار، يېشىللىق كۆلىمى چوڭراق بىردىنبىر جاي ئىكەن) بىر پارچە زېمىننى قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ زېمىنى شۇ،دەپ كۆرسەتتى. 1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان قومۇللۇق ئابلا مەككە ھاجىدىن سورىغىنىمدا، ئۇ مېنى مىسفەلى كوچىسىغا باشلاپ بېرىپ، يولنىڭ شىمالىدىكى تۆمۈر رېشاتكا بىلەن قاشالانغان يېشىللىق جايىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، تۇرپان تەلەپپۇزىدا:

–مۇنۇ، مۇنۇ يېشىللىق جاي قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ زېمىنى، – دېدى. يەنە ئۇ:

–مەن سەئۇدى ئەرەبىستانغا 1981-يىلى كەلگەن. بۇ ئىشنى تۇرپانلىق مۇھەممەت قارىيھاجى مەندىن ياخشى بىلىدۇ. بۇ جاي مەككە شەھىرى بويىچە بەيتۇللاغا ئەڭ يېقىن تۈزلەڭ جاي بولغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشىدىغان ئالتۇن بۇرجەك جاي ئىدى. يېقىنقى يىللاردا ھۆكۈمەت بۇ جاينىڭ شەرقىي تەرىپىگە كۆدەي رايونلۇق ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى بىناسى، غەربىي تەرىپىگە يەسلى سېلىۋالدى، – دەپ چۈشەندۈردى.

مەن ئۇ كىشىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغاچ، يەسلى تەرىپىگە قارىغىنىمدا، دەرەخلەر ئارىسىدىن باللار ئوينايدىغان ئۈسكۈنىلەر، توك بىلەن ئايلىنىدىغان چاقپەلەك قاتارلىقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەتىسى تۇرپانلىق مۇھەممەت قارىيھاجى دېگەن كىشىمۇ بىز چۈشكەن مېھمانسارايغا ھەج قىلغىلى تۇرپاندىن كەلگەن قىزىنى كۆرگىلى كېلىپ قالدى. تۇرپانلىق ياتاقدىشىم مۇھەممەت ئەبەيدۇل مېنى بۇ ئاقساقال بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئاقساقال مېنىڭ مەقسىتىمنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ: «تارىخنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ قويۇش ناھايىتى ياخشى ئىش.

قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ زېمىنى مىسفەلى كوچىسىدىكى باللار باغچىسىنىڭ ئورنى بولۇشى مۇمكىن. مەن 1947-يىلى شىنجاڭدىن مەككە شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتىم. بۇ ئىشنى ئېنىق بىلىدىغان بىردىنبىر شاھىت قومۇللۇق ئابلىمىت ھاجى، ھازىر ئۇ كىشى تېخى ھايات، شۇڭا ئاشۇ كىشىدىن ئەھۋال ئىگىلىسىلە، – دېدى. ئۇ ئاقساقال يەنە قوشۇمچە قىلىپ،– مەككە شەھىرى ئېگىز ـ پەس تاغ ئېدىرلىق جاي بولۇپ، قومۇل

www.kitaphumar.net

ۋاقىلىرىنىڭ زېمىنىدەك بەيتۇللاغا يېقىن، شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان، تۇرالغۇ سېلىشقا باب كېلىدىغان تۇپراقلىك جايىنى تېپىش ئىنتايىن تەس. 70 – 80 يىلدىن بۇيان بۇ جايغا ھېچكىم بىرەر ئۆي، بىنا سالمىغىنىغا قارىغاندا، ئىگىسىز قالغان جاي بولۇشى مۇمكىن، ھازىر ئەتراپىغا ئېگىز ـ ئېگىز بىنالار سېلىنىپ، مۇشۇ بىر پارچە يەرلا ئاق قالدى» دېدى.

بۇ ئاقساقالئاخىرىدا سەممىيلىك بىلەن ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى ئەسكەرتىپ:

–سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەخسۇس ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى يوق، پەقەت «قۇرئان كەرىم» لا قانۇن ئۆلچىمى قىلىنىدۇ، يەر ـ زېمىن دەۋاسىدا يەر خېتى، خەت ـ چەك دېگەنلەر بولمىسىمۇ، پەقەت ئىككى كىشى قازىخانا(سوت)دا شاھىت بولسىلا بولۇۋېرىدۇ، – دەپ چۈشەندۈردى.

يېشى 80 دىن ئاشقان، ئاق كۆڭۈل، كىشىلەرگە ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، كۆزلىرىدىن سەممىيلىكى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئاقساقالنىڭ سۆزلىرى مېنى خېلىلا ئۈمىدلەندۈردى. شۇڭا، مەن ئۇ كىشىدىن ئامال قىلىپ ئابلىمىت ھاجى بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۆتۈندۈم. ئاقساقال مېنىڭ تەلىپىمنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، يېقىندىن ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كېيىن بىز كۆپ ئارىلاپ دېگۈدەك بۇ ئاقساقال بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغان بولساقمۇ، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئارىدىن 20 كۈنلەر ئۆتكۈچە ئابلىمىت ھاجى بىلەن كۆرۈشەلمىدىم.

ئاقساقالنىڭكۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ئابلىمىت ھاجى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئاخىر ئېرىشتىم. بىز ۋەتەنگە قايتىشقا ئۈچ كۈن قالغان كۈنى كەچتە، ئەھمەد دېگەن بالىنىڭ باشلىشى بىلەن 300 دىن ئوشۇق پەلەمپەيلىك ئېگىز تاغ بېشىدا ئولتۇراقلاشقان ئابلىمىت ھاجىنىڭ ھۇزۇرىغا باردۇق (قومۇلنىڭ راھەتباغ يېزىسىدىن ھەجگە بارغان ئىسمائىل قاسىم ھاجىمۇ مەن بىلەن بىللە باردى.) بىزنىڭ كېلىدىغانلىقىمىزدىن خەۋىرى بولغانلىقتىن ئابلىمىتھاجى بىزنى كۆرۈپلا: «ھە، سىلەر قومۇللۇقمۇ؟ قاچان كەلدىڭلار؟» دەپ ئەھۋاللىشىپ، قومۇلدىكى باللىرى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى توختىماستىن سوراپ كەتتى. قومۇلنىڭ نامىنى ئاڭلاپ بوۋاينىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزىگە لىق ياش تولدى. ئۆز ۋەتىنىنى، يۇرتىنى سېغىنمايدىغان كىم بار دەيسىز؟ بىز بىر ھازاغىچە ئامان ـ ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن، ئۆز پارىڭىمىزغا چۈشتۇق. ئابلىمىت ھاجى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

–مەن بۇ يىل بىر كەم يۈز ياشقا كىردىم، مەككىگە 1927 ـ يىلى كەلگەنىدىم، يۇرتتىن ئايرىلغىلى 72 يىل بولدى. ۋەتىنىمنى، يۇرتۇمنى، قېرىنداشلىرىمنى ئىنتايىن سېغىندىم.

www.kitaphumar.net

قانتىم بولسا هازىرلا ئۇچۇپ بىرىپ ئاخىرقى ئۆمرۈمنى يۇرتۇمدا ئۆتكۈزۈپ، يۇرتۇمنىڭ تۇپرىقىدا ئۆمۈرلۈك ياتقۇم بار، لېكىن هازىر ياشىنىپ قالغانلىقىم ۋە ئۈچ بالام بۇ يەردە بولغانلىقتىن، بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمايدىغاندەك قىلىدۇ... ياش ۋاقتىمدا يۇرتۇمدا دادامدىن ئورغاق، كەتمەن داپداش، ئات تاقىسى سوقۇشنى ئۆگىنىۋالغانىدىم. مەككىگە كېلىپ كۈچالىق بىر كىشى بىلەن يەتتە يىل ئۆز ئالدىمىزغا تۆمۈرچىلىك قىلدۇق. 1935 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلىغىچە هەيۋەتلىك بەيتۇللا هەرەم مەسچىتىدە 27 يىل مىخانىك بولۇپ ئىشلىدىم...

بۇ چاغدا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، قانداق دەرىجىدىكى مىخانىك بولغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ:

–مەندە قانچىلىك هۈنەر بار دەيسىز، مەن ئارانلا كەتمەن، ئورغاق داپداش هۈنىرىلا بىلىدىغان تۇرسام. مەن هەرەم مەسچىتىگە بىرىپ ئاساسەن تۈۋرۈكلەرنى بىر ـ بىرىگە چاتىدىغان تۆمۈر چاتقۇ سوقۇپ بەردىم. پېنسىيەگە چىققىلى 37 يىل بولدى، هازىر 5500 ريال پېنسىيە پۇلى ئالىمەن، ياشىنىپ قالغاچقا، قۇلىقىم ياخشى ئاڭلىمايدۇ، پۇتۇم ئاغرىيدۇ، ئۆيدىن سىرتقا چىقمىغىلى 25 يىل بولدى،– دېدى.

مەن بۇ چاغدا سۆھبەت تېمىسىنى يۆتكەپ:

–بىز جانابلىرىدىن قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ مەككە شەھىرىدىكى زېمىنىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىغىلى كەلگەن، ئۇ يەرنىڭ ئورنىنى بىزگە كۆرسىتىپ بىرىشلىرىنى ئۆتۈنىمىز، – دېدىم. ئۇ بىرئازئويلىنىۋېلىپ:

–مەن مەككىگەكېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قومۇللۇق ئىككى- ئۈچ كىشى بۇ يەرگە كېلىپ، مەككىنىڭ مسفەلىكوچىسىدىن زېمىن سېتىۋېلىپ، رابات (مېهمانساراي) سېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، يەر ئېلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرگەنىدى، لېكىن ئۇلار سارايىنى پۈتكۈزۈپ بولالمايلا «كېيىن يەنە كېلىمىز» دەپ، مەن بىلەن خوشلىشىپ قومۇلغا كېتىپ، قايتىپ كەلمىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60، 70-يىللىرىغىچە بۇ يەر توپا، تاش-كېسەكلەر دۆۋىلەنگەن، قۇرۇلۇشنى كېيىنكى يىللا كېلىپ داۋاملاشتۇرىدىغاندەك قىياپەتتە تۇردى. كېيىنكى يىللاردا قومۇلدىن هەج قىلغىلى كەلگەن هاجىلارغا «قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ زېمىنى مۇشۇ يەردە» دەپ كۆرسىتىپ بەردىم. شۇڭا، ئۇ جاي مېنىڭ ئېسىمدە چىڭ ساقلىنىپ قالغانىدى، – دېدى. مەن ئۇنىڭ شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ يەنىلا نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلەپ بەرگەنلىكىنىكۆرۈپ، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ خېلىلا ياخشى ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم.

www.kitaphumar.net

مەن يەنە:

– ھاجىدادا، ئەتە ئادەم ئېلىپ كېلىپ سىلىنى كۆتۈرۈپ بولسىمۇ مىسفەلى كوچىسىغا ئېلىپ بارايلى، زېمىننى كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ كۆرستىپ بەرسىلە، – دەپ ئۆتۈندۇم. لېكىن، ئۇ كىشى:

– ئۇ جاي سىلەركۆرگەن مىسفەلى كوچىسىدا، مەككىدە شۇ بىرلا مىسفەلى كوچىسى بار، باشقا مىسفەلى كوچىسى يوق. مېنىڭ پەسكە (بۇ كىشىنىڭ تۇرالغۇسى 325 پەلەمپە-يلىك ئېگىز تاغ بېشىدا بولغانلىقتىن، ئۆيدىن چىقىشنى «پەسكە چۈشۈش» دەپ ئاتايدىكەن) چۈشۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق، – دەپ تۇرۇۋالدى. شۇ كۈنى كەچتە ياتىقىمىزغا ئامالسىز قايتىپ كەلدۇق...

مەن شۇنىڭدىن كېيىن، باشقىلاردىن داۋاملىق سۈرۈشتە قىلىش، ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، ئابلىمىت ھاجىنىڭسۆزلەپ بەرگەنلىرىنىڭ راستلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئۆمەك بىلەن بىللە قومۇلغا قايتىپ كەلدىم.

مەن بۇ ئەھۋاللارنىئىگىلەش جەريانىدا، ئەسلىي مەككىگە كېلىشتىن ئىلگىرى قومۇلدىكى بۇ ئەھۋالنى بىلىدىغان پېشقەدەم كىشىلەردىن بىر قىسىم ئەھۋاللارنى ئالدىن ئىگىلىۋالمىغانلىقىمغا پۇشايمانمۇ قىلدىم. مېنىڭ مۇنداق قىلىشىم قومۇل ئۇيغۇر ۋاقىلىر-نىڭ مەككىدىكى يەر - زېمىننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بولماستىن (شەرت - شارائىت يار بەرگەندە ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئارقىلىق يەر ـزېمىننى قايتۇرۇۋېلىش مۇددىئاسىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ)، بەلكى شامەخسۇت ۋاڭنىڭ يەر - زېمىن سېتىۋېلىشىغا ئائىت تارىخىي ۋەقەلەرنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ قويۇش ئىدى.

قومۇل ئۇيغۇرۋاڭلىرىنىڭ ئاخىرقى ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ مەككە شەھىرىدە «قومۇل سارىيى» سالدۇرۇش پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇش جەريانى مۇنداق بولغان: شامەخسۇت ۋاڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىش نىيىتىگە كېلىدۇ ھەمدە بۇ ئارزۇسىنى ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلار باش ئەمەلدارى جىن شۇرېنغا بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىجازىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئىلتىماس يازىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلتىماسىنىڭ تېزلا تەستىقلىنىپ ھەج قىلىش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشەنچ بىلەن قاراپ، مەككىگە بارغاندا ئۆزى تۇرۇش ھەمدە قومۇللۇق ھاجىلارنىڭ مەككىگە بارغاندا ھەقسىز يېتىپ - قوپۇشى ئۈچۈن ئورتاق ئىشلىتىشكە بولىدىغان قومۇل سارىيى (رابات) سالدۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ، 1927 - يىلى يازدا ھەسەن بالا ھاجى، ئابدۇللا باقى ھاجى (سوپى ھاجى) ۋە ھاجى سوپى دېگەن ئۈچ كىشىنى تاللاپ،

www.kitaphumar.net

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەككە شەھىرىدىن مۇۋاپىق كۆلەمدە زېمىن سېتىۋېلىپ، بەش ـ ئون ئېغىزلىق مېھمانسارايى سالدۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. ھەسەن بالا ھاجى 1878ـيىلى ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەندە مەككىگە ھەج قىلىشقا بارغانلىقتىن، «مەككىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدۇ»دەپ شامەخسۇت ۋاڭ بۇ ئادەمنى تاللىغان. ئابدۇل باقى دېگەن كىشى شۇ زامانلاردا تامچىلىق، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، تىككۈچىلىك قاتارلىق ھۈنەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغان داڭلىق ئادەم بولغاچقا، شامەخسۇت ۋاڭ بۇ كىشىنى تاللىغان. ھاجى سوپىمۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇلار 1929ـيىلىنىڭ ئاخىرلىرى مەككىنىڭ مىسفەلى كوچىسىدىن 20 موغا يېقىن يەرنى 10 جىڭ ئالتۇنغا سېتىۋېلىپ، رابات سېلىشقا تەييارلىق قىلغان. لېكىن، مەككىدە توپا، سۇ كەمچىل بولغاچقا، تۆگە بىلەن سىرتتىن سۇ، توپا، تاش يۆتكەپ كېلىپ كېسەك قۇيدۇرغان. ئۇلار نۇرغۇن جاپالارنى چېكىپ، 1930 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە چوڭ ـ كىچىك ئون ئېغىز ئۆي سالغۇدەك تاش، كېسەك تەييارلاپ، بەل بويى ئېگىزلىكتە تاش بىلەن ئۆي ئۇلىنى قۇرۇپ چىققان. دەل مۇشۇ كۈنلەردە يەنە شىنجاڭدىن مەككىگە ھەج قىلغىلى بارغان بىر تۈركۈم ھاجىلار شامەخسۇت ۋاڭنىڭ كېسەل بىلەن ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى مەككىگە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ھەسەن بالا ھاجى قاتارلىقلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ھازا تۇتۇپ بىرەر ئايغىچە قولى ئىشقا بارمىغان... بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يۇرتتىن ئايرىلغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقانىدى. ئۇلار يەنە يېرىم يىلدەك تىرىشسا، قومۇل سارىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تاماملىشى مۇمكىن ئىكەن. لېكىن، بۇ يەردە يەنىلا سۇ، توپا، ئەمگەك كۈچى تېپىش ئىنتايىن قىيىن بولغاچقا، يەنە كېلىپ ئۇزاق ۋاقىت يۇرتى ۋە خوتۇن ـ بالىلىرىدىن ئايرىلغا ـ چقا، ئۈچ نەپەر ئۇستىنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىشقا كۆزى يەتمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قالغان ئىشلارنى قومۇللۇق ۋە كۇچالىق كىشىلەرگە قالدۇرۇپ، «بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن كېلىپ يەنە داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى »نى بىلدۈرۈپ، يەر خېتىنى ئېلىۋېلىپ، 1931 ـ يىلى 4 ـ ئايلاردا قومۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ دەل قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان چاغ بولغانلىقى ئۈچۈن، قومۇلنىڭ ۋەزىيىتىمۇ قالايمىقان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى «قومۇلدا ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» سىياسىتىنى يولغا قويغاچقا، تەۋرىنىپ قالغان قومۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بېجىرىۋاتقان نەزەر «ۋاڭ»مۇ ئاتىسىدىن كېيىن ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىپ، ھەسەن بالا ھاجى قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ مەككە شەھىرىدىكى قومۇل سارىيىنىڭ ئاخىرقى ئىشلىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سورۇشتۇرمىگەن. شۇنداق بولسىمۇ، ھەسەن بالا

هاجى قاتارلىق كىشلەر قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ مەككىدىكى قومۇل سارىيىنىڭ يەر خېتىنى شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئوغلى نەزەرگە تاپشۇرۇپ، قومۇل سارىيىنىڭ يەر سېتىۋېلىش، قۇرۇلۇش جەريانىنى ئۇنىڭغا دوكلات قىلىپ قويغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە ۋە بىر قىسىم پېشقەدەم زاتلارنىڭ ئېيتىشىچە، قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ كۇتۇپخانا ۋە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلانغان ماتېرىياللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، پۇختا ساقلانغان. قوزغىلاڭ جەريانىدا، شا مەخسۇت ۋاڭ ئوردىسىغا ئوت قويۇلغاندا، نۇرغۇن كىتاب ۋە ماتېرىياللار كۆيۈپ كەتكەن. بۇ ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى نەزەرنىڭ ئوغلى بېشىرنىڭ قولىدا ساقلانغان بولسىمۇ، 1950-يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتى جەريانىدا يىغىۋېلىنغان ياكى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. گەرچە يەر خېتى قاتارلىق ھۆججەتلەر يوقاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەر- زېمىنلار ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئاپتورى: قومۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر – دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ پېنسىيونېرى

ئەسلى مەنبە :جۇڭگو مىللەتلىرى ژورنىلى 2013-يىللىق سانى
توردىكى مەنبەسى: باغداش تورى

www.kitaphumar.net

# 8-ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ-جۇغراپىيىسىگە ئائىت قەدىمكى تىبەت پۈتۈكلىرىدىكى ھۆججەتلەر ۋە قولىيازمىلار

## گېزا ئۇراي (ۋېنگرىيە)

گېزا ئۇراي ۋېنگرىيىلىك مەشھۇر تىبەتشۇناس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ تەتقىقاتچىسى. ئەڭ مۇھىم بولغىنى «تىبەت ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقان كېيىنكى گەنسۇ ۋە خوتەن ئوردىلىرىدا تىبەت تىلىنى ئىشلىتىش مەسىلىسى» دېگەن ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ماقالىسى ب د ت يەن- مائارىپ مەدەنىيەت ئورگىنىنىڭ ئالدىنقى ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخي ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش كومىتېتىغا تاپشۇرۇلغان ئىدى. كېيىنچە بۇ ماقالە ھارماتتا تۈزگەن «ئالدىنقى ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخي ماتېرىياللىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دېگەن ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن. ماقالىنىڭ ئىلمىيلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلدى.

تىبەت ئېگىزلىكى جۇڭگو، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىسىغا قاپسىلىپ قالغان بولسىمۇ لېكىن جۇغراپىيىلىك مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن دۇنيا بىلەن ئايرىۋېتىلگەن، تاكى مىلادىيە 7- ئەسىرگە كەلگەندە بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئاۋۋالقىدەكلەر قەبىلە تۈزۈمى ۋە كىچىكرەك قەبىلە ئىتتىپاقى تۈزۈمى ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ ئەمدىلىكتە ئاستا- ئاستا بىرلىشىپ بۈيۈك ئىمپېرىيىنى تەشكىل قىلغان ئىدى. مىلادى 6- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 670- يىللارغىچە تىبەت ئېگىزلىكىدە مۇھىم سىياسىي ۋەقە مەيدانغا كەلدى. 670- يىلى تىبەت مەركىزىنىڭ سەل شەرقىي جەنۇبىي رايونىدىكى يارلۇڭ (yar-lun)يىلىدىكى بەگ تۆرىلەر تەدرىجى ھالدا يارلۇڭزاڭبۇ (Gsan-90)، بىرھمانپوترا دەرياسىنىڭ يوقىرى ئېقىمى) ۋادىللىرىدىكى تىبەت قەبىللىرىنى بويسۇندۇردى، كېيىنچە يەنە تىبەت ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي قىسمى، غەربىي قىسمى ۋە شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى تىبەتلەردىن بولمىغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى بويسۇندۇردى، مۇشۇنداق قىلىپ بىر يېرىم ئەسىردە تىبەت ئىمپېرىيىسى قۇدرەتلىك بىر كۈچكە ئايلاندى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا مۆلچەرلىگىلى بولمىغان مۇھىم رول ئوينىدى، ئىمپېرىيىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا ئەگىشىپ

www.kitaphumar.net

ساقلانغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۆپلىگەن قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى ھۆكۈمەت ئارخىپى، تارىخى ھۆججەتلەر ۋەردىنى ئەسىر قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت قىممەتلىك ماتېرىياللار مۇخىلى كۆپ.

(2)

بۈگۈنگە قەدەر ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى قەدىمكى تىبەت ماتىرىياللىرىنى تۇنجى بولۇپ بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك رەتلەش ۋە تەپسىلى ئىزاھلاپ خاتىرە قالدۇرۇش خىزمىتىنى يېرىم ئەسىر ئىلگىرى توماس (.Thomas. W.F) ئىشلىگەن.

ئەڭ باشقا ئۇ «جۇڭگو شىنجاڭ قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر» ( Tidetam (Documents concernin9 chinese دىگەن نامدا بىر تۈركۈم ماقالىلارنى ئېلان قىلدى («ئاسىيا ژورنىلى» 1927،1928، 1930،1931،1933،1934 ـ يىللىرى)، كېيىن يەنە بۇلارنى كېڭەيتىپ تۆت توملۇق قىلىپ «جۇڭگو شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى ۋەسىقە ۋە ھۆججەتلەر» دېگەن نامدا ئېلان قىلدى.

Tidetam Litarary texts and Docments concerning chinese Turkestan, (london, 1935, 1951, 1955, 1963

بۇ ئىككى ئەسەردە توماس تۇنجى بوۋپ مازارتاغ (Mazar- tagh) خارالىق (khadalik)، مىرەن (Miran)، ۋەدۇنخۇاڭ مىڭئۆيدىن تېپىلغان كۆپ قىسىم قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى ئېلان قىلىپ، ئوقۇپ، تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلاپ چىقتى ھەم مورفولوگىيە نوقتىسىدىن تەپسىلي تەكشۈرۈپ چىقتى، بۇلاردىن باشقا بۇددا نوملىرى ۋە 14 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرگىچە بولغان تىبەت يېزىقىدىكى تارىخ ئەسەرلىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك نورغۇن ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلدى ۋە ئىزاھلاپ چىقتى.

توماسنىڭ ئەسىرى بىر پارچە بۈيۈك ماتېرىياللار توپلىمى ئىدى. ئوخشاش بىر ۋاقىتتا يەنە شۇ ئەسەرنى تىبەت تىلشۇناسلىقى ۋە تىبەت تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى بىر قېتىملىق زور ئىسلاھات دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ گەرچە ھەرقانداق «يول ئاچقۇچىلار» ساقلىنالمايدىغان ئاشۇ خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن، ھەتتا ئۇسۇل نەزەرىيىسىدىمۇ ئاز بولمىغان مەسىلىلەر ساقلانغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى توغرا ئوقۇپ يەشكەن. ئۇ تارىخشۇناسلىق ۋە جۇغراپىيىشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئوتتۇرىغا قويغان بىر بۆلۈك قاراشلىرىنىڭمۇ ئاساسى بار ئىدى.

www.kitaphumar.net

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە ئۇنىڭ ئەسىرى يەنىلا تىبەتشۇناس ئالىملار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان قورال كىتاب بولالايدۇ.

بىراق، يېڭۋاشتىن پىلان بويىچە ئوتتۇرا ماتېرىياللىرىنى توپلىغان، بىز پەقەت قىسمەن ھالدا تۇماسنىڭ قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردىن ئالغان نەقلى ۋە شەرھلەرگە تايىنىمىز. بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

(1) تۇماس ئىلان قىلغان ماتېرىياللارنىڭ يىرىمىدىن كۆپرەكى پىرىنسىپ جەھەتتىن ئالغاندا يېقىندىن تۆزۈلگەن ماتېرىياللار توپلىمىدىن چىقىرىۋېتىلىشى كېرەك، چۈنكى ئۇ چېتىشلىق بولغان ۋاقىت بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپمۇ جۇغراپىيىلىك دائىرىسى ناھايىتى چوڭ ئىدى.

(2) ئوخشاش ۋاقىتتا بىز يېقىندىن تۈزگەن ماتېرىياللار توپلىمىغا نۇرغۇنلىغان يېڭى مەزمۇنلارنى قوشىشىمىز زۆرۈر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ماتېرىياللار بىلەن تۇماس ئەزەلدىن ئۇچىشىپ باقمىغان، بەزى ماتېرىياللارنى تۇماس دەۋرىدە كىشىلەر پەقەتلا بىلمىگەن

(3) پىرىنسىپ جەھەتتىن ئالغاندا بارلىق ماتېرىياللارنى چۇقۇم تەنقىدى يوسۇندا بايان قىلىشىمىز لازىم. بۇنى بۈگۈنكى كۈندە قىلغىلى بولسىمۇ بىراق تۇماس دەۋرىدە قىلغىلى بولمايتتى.

يېقىندىن تۈزۈلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ ماتېرىياللىرى توپلىمى بىلەن تۇماسنىڭ ئەسىرىنى سىلىشتۇرغاندا ھەرقايسى جەھەتتىن ئۇزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى نامايەن بولىدۇ. بىرىنچى قەدەمدە ئىشلەيدىغان خىزمەت بولسا بارلىق قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى ماتېرىياللار ۋە ماتېرىياللار بارچىسىگە قاراپ چىقىش كەينىدىنلا بۇ ماتېرىياللارنى ئىلان قىلىش، ئوقۇپ يېشىش، تەتقىقلەش قاتارلىق مەسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇ ماقالىنىڭ بىر سانى چەكلىك بولغاچقا يۇقارقى خىزمەتلەرنى قىلغىلى بولمايدۇ. پەقەت مىلادى 7- ئەسىردىن 10- ئەسىرگىچە بولغان تىبەت يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنى سۆزلەش، يېزىش بىلەنلا چەكلىنىمىز. شۇنداقتىمۇ يەنە يۇزەكى ھالدا مۇھىم تارىخى ماتېرىياللارنىڭ ئىزناسىنى سىزىپ چىقىمىز، قالغانلىرىنى مۇنداقلا سىزىپ كېتىمىز خالاس. ئەلۋەتتە، بەزى چاغلاردا مەلۇم مەسىللەرنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كىچىك ھالقىلارنىمۇ تىلغا ئالماي بولمايدۇ.

(3)ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن مىلادى 7- ئەسىردىن 9- ئەسىرگىچە بولغان قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە مەمۇرى ۋە شەخسى ھۆججەتلەر ئەڭ

www.kitaphumar.net

ئىشەنچلىك چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەينى چاغدىكى ياكى ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇنقى ۋەقەلەرنى دوكلات قىلغان.

ئەپىسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ خىل خاراكتېرگە ئىگە ھۆججەتلەر يېقىندىن تۈزۈش پىلانلانغان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ ماتېرىياللىرى توپلىمىغا ئاساسەن كىرگۈزۈلمىدى ئۇلار تىبەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمى، تارىم ئويمانلىقى ۋە دۇنخۇاڭدىن بايقالغان قانۇن ھۆججەتلەر خان جەمەت يارلىقلىرى تاشقا ئويۇلغان بېغىشلىملار قاتارلىقلارنى يەنە تارىم ئويمانلىقى ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ھەرخىل ۋەسىقىلەر قەرز ھۆججەتلىرى، سالام خەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئەمەلدارلا تۈزگەن ئۇمۇمىي تارىخ باشقارمىسى بۇ قارىقىغا تەۋە ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى 8- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ياكى 9- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى تەۋە بولۇپ تېخىمۇ بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى ۋەقەلەر بىلەن قىلچىمۇ چېتىشلىقى يوق.

بۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بىز يەنىلا بىر قانچە ھۆججەتنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچىمىز. ئۇزۇن تىبەتلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندا ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى يەنىلا يەرلىكلەر ئۆز قولىدا تۇتۇپ كەلگەچكە قەدىمكى بىر قىسىم ئۆرپ ئادەت ۋە تۈزۈملەرنى ساقلاپ قالغان، بىز ھازىر تاغدىن تېپىلغان قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىن بىر قەدەر بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئۇرۇن دۆلىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىگە ئالاقىدار قىممەتلىك ماتېرىياللارنى تاپالايمىز. ھازىر تاغ، خادالىق ۋە مىرەن قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان باشقا بىر قىسىم ھۆججەتلەر قەدىمكى خوتەن رايونى ۋە كىروروەن رايونىنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىياللاردۇر، ۋەسىقىلەردە دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىران تىلىدىكى يەرناملىرى ساقلىنىپ قالغان. خىرى سرون

- لىبدئو برىسان (779 -755 -brcan -sronlde -khri يىللار (؟) دا تەختتە ئولتۇرغان) زەنپونىڭ بىر پارچە خېتىدىن ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ نامىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ گەرچە بۇ خەلقنىڭ يېزىلغان ۋاقتى تالاش ئۇرۇشىدىن 20، 30 يىل كېيىن يېزىلغان بولسىمۇ، 751- يىلىدىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا ياردىمى زور، (يۇقارقى ماتېرىيال ئۇچۇن: «جۇڭگو شىنجاڭ توغرىسىدىكى قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ۋە ۋەسىقىلەر» دېگەن ئەسەرگە قاراڭ.

www.kitaphumar.net

(4)قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى ئوردا تۈزگەن ئومۇمىي تارىختا بىر گۇرۇپپىتا ئالاھىدە ۋەسىقىلەر ساقلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تارىخ جۇغراپىيە ھۆججەتلىرى دىيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدا تىبەت ئىمپېرىيىسى ۋە ئىمپېرىيىدىكى بىر سىياسىي گۇرۇھنىڭ كۆندىلىك سىياسىي پائالىيتى يىلمۇ- يىل خاتىرىلەنگە. بۇ نەرسىلەرنى خاتىرلەش سىياسىي ياكى ئىدىلوگىيە ساھەسىدىكى تەشۋىقات ئۈچۈن ئىشلىتىلىپلا قالماستىن بەلكى ھۆكۈمەت ۋە ھەرقايسى مەمۇرىي ئورگانلار ئۈچۈن ئەمەلىي پاكىت بىلەن تەمىنلىگەن بوۇپ تارىخ ئەسەرلىرى ئۈچۈن ماتېرىيال قىلىشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۈچۈن بىر تارىخى باسقۇچنى تەتقىق قىلىشتىكى ھەقىقى ئىشەنچلىك ماتېرىيالدۇر.

دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرى ئىچىدە قەدىمكى تىبەت يېزىقىدا يېزىلغان ئىككى پارچە سالنامىنىڭ كەمتۈك قىسمى بار. ئۇنىڭ ئىچىدە تىبەتلەر ھۆكۈنرانلىق قىلغان دەۋردە يېزىلغان «A-za khaganate سالنامىسى»

(stein collection. Val. 69, fol .84) بوزلۇشى ناھايىتى ئېغىر ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدا ھېچقانداق ماتېرىيال خاتىرلەنمىگەن، شۇڭلاشقا يىغىدىن تۈزمەكچى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ ماتېرىياللىرىدا بۇنىڭغا ئورۇن قالدۇرلمىدى.

بىر قەدەر مۇھىم بولغىنى تىبەتلەرنىڭ «خان جەمەت سالنامىسى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدا خاتىرلەنگەن مەزمۇنلار 7- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدىن ئىلگىرىكى، ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى تىبەت ھاكىمىيىتىنىڭ قورۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مىلادى 649- 650- يىلدىن ئىلگىرىكى تىبەت تارىخى ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا يېتىپ كەلگەن ئاغزاكى ماتېرىياللار ئاساسىدا ئادىيلا يېزىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ ئەك كېيىنكى تارىخى يەنىلا ئەسلىمە ئارقىلىق يېزىلغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن khri Manlson Man- rcan زەنپۇ (650- 651- يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن خەت چەكلەر پەيدا بولۇشقا باشلىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ خىل يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللار ھەرىيل ئارتىلىپ بارغان.

ھازىر ساقلىنىپ قالغان «خان جەمەتى سالنامىسى» نىڭ كەمتۈك قىسىملىرى ئەمەلىيەتتە كۆپ قىسىم تاللاش ئارقىلىق كېيىنچە قىسقارتىلغان نوسخا قىلىپ تۈزۈلگەن يەنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تاللاپ تۈزۈپ چىققان. بىراق مېنىڭ تەكشۈرۈشىمچە بۇخىل مايىلىقتا ئىگە تىلغا نوسخا تۈزۈتىلىپ باقمىغان. ئۇنىڭدا مىلادى 629- يىلىدىن 747- 748- يىللارغىچە، 755- 756- يىلىدىن 763- 764- يىلىغىچە

www.kitaphumar.net

بولغان خەتچەكلەر دوكلاتى ساقلىنىپ قالغان. تۆت يىللىق (743- 744- 747- 748- يىلىغىچە بولغان) خاتىرىلەر ئىككىنچى قىسقارتىلما نۇسخىسىدا كۆرۈلىدۇ. (قىسقارتىلغان 1- نۇسخا: پېلليئوت. تىبەتچە 1288- نومۇرلۇق ھۆججەت، سىستەيىن 79- viii, ch 7- نومۇرلۇق ھۆججەت، قىسقارتىلغان 2- نۇسخا: بۈيۈك بىرتانىيە موزېيىدا ساقلانغان [187] or .8212 نومۇرلۇق ھۆججەت)، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «خان جەمەتى سالنامىسى» نىڭ قىسقارتىلغان نۇسخىسىدىن مىلادى 675- يىلىدىن 760- يىلىغىچە بولغان تىبەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان تاشقى ئالاقە ۋە ئۇرۇش ئىشلىرى بىلەن ئالاقىدار بىر قانچە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى تېپىپ چىقالايمىز.

7- ئەسىرنىڭ ىېرىمىدىن كېيىنكى ماتېرىياللاردىن Dru-gu-yui (تۈرك خانلىقى) ۋە تونبانجۇقاغان (Ton ya-bgo kha- gan) ئىسمىلىك بىر تۈرك (Dru- gu) ھۆكۈمدارىغا ئائىت خاتىرىلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز مەسىلەن، 675- يىلى يازنىڭ ئاخىرى «ۋەزىر ( بۈيۈك مىگار)...(idam-bu) bcan- asn تۈرك (Dru-gu-yui) لەرنىڭ ltan yo غا باردى» ؛ 676- 677- يىلى قىشتا «ۋەزىر bcan- sha (تارماق قوشۇننى باشلاپ) تۈرك (Dru-gu-yui) لەرگە ئاتلاندى» ؛ 686- يىلى يازدا «بىر قوشۇنغا ۋەزىر -khri-brin (bcan (brod قوماندانلىق قىلىپ Dru-gu-yui (تۈركلەر) گە ئاتلاندى، بۇنىڭدىن كېيىن (ئۇ (تىبەتلەرنىڭ) سىرتنى قوغداشقا قولدۇدى»؛ 687- يىلى يازادا «(بىر قوشۇن) ۋەزىر -khri brin قوماندانلىغىدا Dru-gu-yui غا يۈرۈش قىلدى»؛ 689- يىلى يازاغا قەدەر. «ۋەزىر khri- brin Dru-gu-yu (تۈركلەر) دىن نۇسرەت قوچۇپ قايتتى». 694- 695- يىلى قىش ۋە 699- 700 يىلى قىشتا، «Ton ya- bgo kho- gan (تىبەت زەنپوسىغا) ئىسھتىرام بىلدۇردى.»، بۇنىڭدىن كېيىن 700- يىلى يازادا » -Dhu-gu- yui, Tohya bgo kha gan» غا ئۇرۇتۇپ قويۇلدى».

خەنزۇ يىزىقىدىكى يارىخى ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا بۇ دەۋىر (626- يىلىدىن 705- يىلىغىچە) دەل تىبەتلەر غەربىي تۈركلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن چاغ بولۇپ تىبەتلەر بىلەن تۈركلەرنىڭ ئىتتىپاقچى قوشۇنلىرى ئېلگىرى تارىم ئويمانلىقى ۋە پەرغانە (Fergana) گە يۈرۈش قىلغان. بۇ يەردە مەن توماسنىڭ پىكرىنى كېڭىشىپ بىقىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارايمەن. ئۇ Dru-gu-yul نى قوچۇ (ku-cheng, Gucheng) بىلەن تۇرپاننىڭ يىقىن ئەتراپى دەپ تەستىقلىگەن، بىزلە، لىسگىت (L.LiGet) نىڭ قارىشىنى قوللىشىمىز كېرەك، ئۇ Dru-gu-yul نى غەربىي تۈركلەر ئولتۇراقلاشقان جاي دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە Dru-gu-yul دېگەن سۆز تەڭرى يىغىنىڭ جەنۇپ شىمالىدىكى

www.kitaphumar.net

«ئون ئوقلا» نىڭ ئۇلتۇراقلاشقان جايلارنى ئىكز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن يەنە تارىم ئويمانلىقى ۋە پەرغانە، ھەتتا توخارىستان (Toxaristan) ۋە قەندىھار (gan dhara) نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدۇ، لېكىن Dru-gu-Gu- zan yul (تۈرك گوزان دۆلتى) قوچۇ ۋە تۈرپاننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغاندەكمۇ قىلدۇ، ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى كۈسەن (kuca)، تۈرك تىلىدا kusanدىيىلدۇ) نى كۆرسەتكەن ياكى تۈرك شاھى سۇلالىسى (the turk sahi dynasty) ھۆكۈمرانلىقىدىكى قەدىمكى زېمىنلىرىنى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ھە، ساتو H. (sato) بىلەن ج. ھارماتتا (J.Harmatta) لارنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىياش قىلىشقان. ئەڭ ئاخىردا بىر ل. پېتېچ (L.petech) نىڭ تەلماتىدىن Ton-ya-bgo khagan غەربىي تۈركلەرنىڭ قوتلۇق ئۇرۇقنىڭ ئاتامانى ئاشىنا تۇزى (A-shih-na tui- tzu) نى كۆرسىتىدۇ. دەپ ھېسابلىدۇ. ئۇ تىبەتلەر ئۇن ئوق قاغانى دەپ نام بەرگەن قاغان بولۇپ 674- يىلى جۇڭگۇ ( تاڭ سۇلالىسى) قوشۇنى تەرپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. 700- يىلىدىن كېيىن ئاشىنا تۇزى تىبەتلەرنىڭ يۆلىنىشى بىلەن بىر مەزگىل پەرغانىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغان Dru-gu-yul پەرغانىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ ( «خان جەمەتى سالنامىسى» قىسقاتىلغان بىرىنچى نۇسخا.)

7- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى خاتىرىلەردە يەنە سوغدى (sag-dag) لارمۇ تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، 694- يىلى يازادا Mgar sta- gu Ri- zun) سوغداق (sog- dog) لار تەرپىدىن ئەسىر ئېلىنغان» دېگەندەكلەردىن ئىبارەت. بۇ يەردە بىز sog-dag (سوغداق) لارنىڭ زادى شىنجاڭدىكى سوغدى كۆچمەنلىرى ياكى سوغدىيانىدىكى يەرلىك سوغدىلارنى كۆرستەمدۇ بۇنى تېخى ئېنىق مۇئەييەنەشتۇرەلمەيمىز. مىنىڭ قاشىمچە بۇ خاتىرە خوففمانىن (H.H.R. Hffmann) نىڭ قارىغىنىدەك ئۇنچىۋالا ئۇشىنكسىز ئەمەس ئىدى. مىنىڭ قارىشىم ئەمەلىيەتتە خواامانىن بىلەن ئوخشىمايدۇ. مەن «شىنجاڭدىكى ئازغىنە سوغدى كۆچمەنلىرى تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ ئەينى ۋاقىتتىكى قۇدرەتلىك تىبەت ئەمەلدارلىرى» نى تۇتقۇن قىلىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايمەن. 692- يىلى تىبەتلەر تارىم ئويمانلىقىغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يوقۇتۇپ قويىدى. تىبەت ھۆكۈمرانى جۇڭگۇدىن بۇ رايوننى قايتا تارتىۋېلىش نىيىتىدە قىلغان ھەركەتلىرىدىمۇ 694- يىلى باھاردا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. خۇددى كىلياشتورنى (klyashtornx) قىياش قىلغاندەك شىنجاڭدىكى سوغدىلار ئەينى چاغدا جۇڭگۇ بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى چاغدا زېمىنى پەرغانە نىڭچە يەتكەن تىبەت ئىمپېرىيىسى ھەتتا

www.kitaphumar.net

سوغدىيانىدىكى سوغدىلارنىڭ ھەرقايسى ئەللىرى بىلەن بىۋاستە جەڭ قىلغان بولۇشى مۇمكىن. («خان جەمەتى سالنامىسى» قىستارتىلغان بىرىنچى نوسخا).

«قان جەمەتى سالنامىسى» 8- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىكى خاتىرىلەر بىلەن «يۇقارقى رايون» (upper Region) نىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر بىر قانچە مەزمۇنلار بار. يۇقارقى رايون دېگىنىمىز ئەينى چاغدىكى تىبەتنىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنى بولۇپمۇ پامىر ئەتراپىدا قورۇلغان دۆلەتلەرنى كۆرسىتەتتى. 731- يىلى يازدا يۇقارقى رايوندىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان ئەلچىلەر (تىبەت زەنپوسىدىن) ئامانلىق سوردى. 737- 738- يىلى «ۋەزىر bzan -skyes (بىر قوشۇنغا بېشچىلىق قىلىپ Bru- za لارنى زېمىننى بويسۇندۇردى، قىشتا (تىبەت زەنپوسى) شىن، bra- za, brog- mar خانلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، (ئۇ يەردە) تىبەت زەنپوسىدىن ئامانلىق تىلىدى.»؛ 740- يىلى يازادا مەلىكە khri- ma- lod پادىشا بىروزا (Bru-za) غا ياتلىق قىلىندى. 745- يىلى يازدا «كوگيول (kog- yol)دىكى ئاتلىق لەشكەرلەر، خەنزۇلاردىن ماجاگجۇن (Ba can- kun)، خەنزۇ تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى 夫蒙灵 ? نى كۆرستىشى مۇمكىن) قوشۇن تارتىپ يىراققا يۈرۈش قىلغان». 747- يىلى يازادا، «جۇڭگۇنىڭ ئاتلىق قوشۇنى (byim-po (Bru- sa, Gog- yol ۋە Gog دا پەيدا بولۇپ يۇقاپ كەتتى»، بىراق ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى تېز بولدى. 756- 757-يىل «يوقارقى رايوندىكى ئەلچىلەر، (يەنى) قارا Gog, Ban- Jog ۋە sig- nig قاتارلىق يەرلەردىن كەلگەن ئەلچىلەر، (تىبەت زەنپوسىنى) تاۋاپ قىلىپ قايتتى. pa- gor- na- don ۋە ce snan- rcan ئىككى كىشى ئۆز ئارا ئەلچى ئەۋەتىپ تۇرۇش توغرىسىدا ھۆكۈم چۈشۈردى» 760- يىلى «يۇقارقى رايوننىڭ ئەلچىللىرى (تىبەت زەنپوسىغا) ھۆرمەت بىلدۈردى.

بۇ ۋەقە خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخ كىتابلاردا خاتىلەنگەن شۈڭلاشقا تىلغا ئېلىنغان كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنى تەكشۈرۈش تەھقىقلەشتىمۇ ناھايىتى قىيىن ئىش. مەسىلەن، Bur- za كېيىنكى تارىخچىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا ناتونۇش دۆلەتنى لائوخېر (B.laofer) خەنزۇ ئەسەرلىرىدە خاتىرىلەنگەن كىچىك بۇلۇر ۋە ئەرەپ يازما ۋەسىقىلىرىدە خاتىرىلەنگەن Belur يەنى بۇگۇنكى گىلگىت (Gilgit) قەدىمكى Buruso دۆلىتى ئىكەنلىكىنى تەھقىقلەپ چىقتى. لائوخېرنىڭ تەكشۈرۈپ تەھقىلىشى ئالىلقاچان ئىسپاتلاندى. چۈنكى «خان جەمەتى سالنامىسى» بىلەن خەنزۇ يېزىقىدىكى ماتېرىياللار بىلەن ماس كېلىدۇ. يەنە مەسىلەن. Sig- nig نى توماس پامىرغا جايلاشقان سىغناق (sugnan) ئىكەنلىكىنى تەھقىقلەپ چىقتى. خەنزۇ تارىخ ئەسەرلىرىدە ؟؟؟ياكى ؟؟؟ دەپ ئاتالغان بۇلۇپ خەنزۇ

www.kitaphumar.net

تىبەت ناملىرىنىڭ ئوقۇلۇشىنىڭ ئوخشاشلىقمۇ بۇ نوقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. Ban- jag بەلكىم هازىرىقى بۇنجى (Bun ji) رايونىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ يەردە پۈترا دەرياسى بىلەن ھىندى دەرياسى ئۆز ئارا قوشۇلغان يەرگە جايلاشقان. پەقەت Gog- yul- kog- gol نى بېكىتىش بىر قەدەر قىيىن بۇ يەردە تەپسىلى مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرمايمىز.

## «خان جەمەتى سالنامىسى» دا تىبەتلەر بىلەن ئەرەبلەر

(? Ta- chig. 大) ھەممە تىبەتلەر بىلەن غەربى تۈركلەرنىڭ باشقا بىر قەبىلىسى تۈرگەش (turgis, Dur- gyis) بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بار خاتىرگە ئاساسلانغاندا، 732- يىلى يازدا، «جۇڭگۇ ئەلچىسى Li khen ۋە ئەرەپ، تۈرگەشلەنىڭ ئەلچىسى Bcan- yul دا (تىبەت زەنپوسىنى) تاۋاپ قىلدى.» 734- يىلى مەلىكە Dron- ma lod تۈرگەش قاغانى (Turgis qavax) غا ياتلىق قىلىندى». 744- يىلى يازدا «جۇڭگۇ ئەلچىسى can, cvan- ge بىلەن تۈرگەشلەرنىڭ بىر ئەلچىسى (تىبەت زەنپوسىنى) زىيارەت قىلغىلى كەلدى. بۇ ماتېرىياللار بىلەن خەنزۇ تارىخ ماتېرىياللىرى ئۆز ئارا ماس كېلىدۇ. خەنزۇ تارىخنامىلىرىدا خاتىرلىنىشىچە تىبەتلەر ئېلگىرى تۈرگەش، ئەرەبلەر بىلەن ئۆزۈنغىچە ئىتتىپاق تۈزگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركەشلەرنىڭ قاغانى سۇلۇ 717 (su-Lo- يىلىدىن 737- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) تىبەت مەلىكىسىدىن بىرنى خوتۇنلۇققا ئالغان.

726- يىلىدىن تارتىپ 750- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تىبەت قوشۇنى ئىككى قېتىم Dru-gu-yul (تۈرك دۆلىتى) گە يۈرۈش قىلغان، «خان سالنامىسى» دە بۇ توغرىسىدا خاتىرلەرمۇ بار: 729- 730- يىلىنىڭ ئاخىرىدا«Dru-gu-yul نىڭ ئاتلىق قوشۇنغا زەربە بېرىلدى»؛ 736- يىلى يازادا، «khxi-chun, cog- roman- po- rje» قوشۇن تارتىپ Dur-gu-yul غا قارشى ئاتلاندى»؛ بۇ يەردىكى Dru-gu-yul زادى قەيەرنى كۆرسىتىدۇ بۇنى يەنە تەكشۈرۈش تەھقىقلەشكە توغرا كېلىدۇ. بەلكىم تارىم ئويمانلىقنى كۆرسىتىشى مۇمكىن، بىراق خەنزۇ يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردا مىلادى 717- يىلى ۋە 727- يىلى تىبەت تۈركەش بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا ھۇجۇم قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ ئىككىسىدىكى مەزمۇنلار بىر- بىرىگە زىت ئىدى. بىراق قانداق بولۇشىدىن قەتئىنەزەر Dru-gu-yul غەربىي تۈركلەرنىڭ يېرىنى كۆرسەتكەن، چۈنكى بىزنىڭ بىلىشىمىزچە تىبەتلەر ئەزەلدىن شەرقىي تۈركلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ باقمىغان.

www.kitaphumar.net

(5)

بۇ يۇقىرىدا بايان قىلغان ئىككى خىل سالنامە ئەسىرىدىن باشقا دۇنخۇاڭدىنمۇ بىر قىسىم تىبەت يېزىقىدىكى تارىخى ئەسەرلەر بايقالغان بولۇپ بەزىللىرى ناھايىتى تولۇق ساقلانغان بەزىللىرى بولسا پۇتۇنلەي بوزۇلۇپ كەتكەن ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە «تىبەت سالنامىسى» (پېئىلىئوت تىبەتچە ھۆججەت 1287 ـ نومۇر. peLLiot tidetqin NO 1287 ) شەكىشۋبھىسىزكى ئەڭ قىممەتلىك ئىدى. بۇ ئەسىرنىڭ كۆپ قىسمى خېلى ياخشى ساقلانغان. بايان قىلىنغان تارىخنىڭ بېشى ـDri- gum bcan po نىڭ ئۆلىشىدىن باشلىنىپ ئاخىرى مىلادى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈگىگەن، بۇ كىتابنىڭ ئالاھىدىلىكى مەزمۇنى مۇرەككەپ بولۇپ ئۇنىڭدا رىۋايەت، بايانامە، ئېيتىشىش سۆزلىرى، مەلۇم زەنپونىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى تۆھپىللىرىنىڭ بايان، دۆلەت مۇراسىم ناخشىلىرى، يەنە مۇنازىرە سۆزلىرى قاتارلىقلار بار،

«تىبەت سالنامىسى» مىلادى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا دۇنخۇاڭدا يېزىلغان. مۇئەللىپىنىڭ ئەسىر تۈزۈش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر ماھاتىنى ئىنىق ئىپادىلەنگەن. بىز بىر كىتابنىڭ ئىچىكى تەرتىۋى ۋە مۇئەللىپ بىۋاستە نەقىل ئالغان باشقا بىر كەمتۈك تارىخ ئەسىرىدىمۇ بۇ نوقتىنى كورىۋالالايمىز. مۇئەللىپ ئالدى بىلەن زەنپولارنىڭ تەرتىۋى بويىچە كونكرت تارىخى ۋەقەلەرنى تېرىپ چىققان. بىراق ھەمىشە ھەرقايسى زەنپۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا يۈز بەرگەن تارىخى ۋەقەلەرنىڭ يىل تەرتىۋىگە سەل قارىغان، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىككى زەنپۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى ئىككى بۆلەككە بۆلۈپ خاتىرلىمىسە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشلانغان جۈملە يېڭى تېكىستنىڭ باش ئاخىرلىق مۇناسىۋىتىگە ماس كېلىشى كېرەك. «ۋەزىرلەر جەدۋىلى» دە مىسال كەلتۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قانچە نام بەلكىم بۇ خىل ئەسىنى بېلىشتىن كەلگەن بولىشى مۇمكىن. باشقا تەرەپلەر توغرىسىدا. «تىبەتلەر سالنامىسى» بۇرۇنقى چاغدىكى قىسمەن تارىخى ئەسەرلەرنى سادىقلىق بىلەن كۆچۈرۈپ چىققاندەكمۇ قىلىدۇ. بىراق ھەربىر قىسمى قاچان تۈزۈلگەن. قانداق مايىللىق بار، قانداق ماتېرىيال قىممىتى بار، بۇنى كونكرت تەھلىل قىلىش كېرەك.

«تىبەت سالنامىسى» دىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت بۆلەكلەر توغرىسىدا مەن ئالدى بىلەن «zin- po- rje خاتىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان Dru-gu-yul (تۈرك دۆلىتى) دېگەن ئىشنى ئوتتۇرغا قويماقچىمەن بۇ خاتىرە ئاخىرقى مەزگىلدىكى قەدىمكى تىبەت يېزىقىدا

www.kitaphumar.net

يېزىلغان مايىللىق خاراكتېرگە ئىگە لىدىكلىق نەسرى ئەسەر ئىدى. ئۇنىڭدا Nas-po (لاسانىڭ شىمالىغا جايلاشقان) بىگى zin-po-rje khri pan- sum (يەنە Dgu-gri zin- po- rje دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ قانداق مەغلۇپ بولغانلىقى، ئۇنىڭ زىمىنىنىڭ 6-،7-ئەسىرلەردە قانداقلارچە تىبەت خانلىقىغا قوشۇلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر بايان قىلىنغان، zin- po- rje نى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى بايان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن بىر كوپلېت بېيىت قىستۇرۇلغان بولۇپ ئىنقىلاب بۇرۇنقى تارىخ كىتاب ياكى خەلق رىۋايەتلىرىدىن نەقىل ئېلىنغان. بېيت:

دەرياسۇي كۆتۈرلۈپ گۆركىرەپ ئاقتى،
سېپىل ئۆرۈلۈپ ھەممە يەرنى سۇ باستى.
yu- san قورغىنى ئىشغال قىلىندى،
Dru- gri- zin-po- rje يوقۇلدى،
Dru-gu-yul Man- rje-sum- bu تەرەپكە قاراپ قاچتى».

بېيتتىكى Man-po rje sum-bu بەگنىڭ Dru-gu-yul غا قاچتى ئىشى مۇئەييەن دەرىجىدىن ئالغاندا تارىخى ئەملىيەت ئۆز- ئارا ماس كېلىپ قىلىشقا بىر نىمە دېگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىكى Dru-gu-yul ھەققى تۈرك دۆلىتىنى كۆرسەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن، ئۇ كىشىلەر ناتونۇش يىراق جاي دەپ قارايدىغان شىمالغا سىمووۇل قىلىنغان ئىدى.

«تىبەت سالنامىسى» تىبەت ئېمپېرىيىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە 676) Dus-sron- يىلىدىن 704- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان)، 755) khrilde _gcug -brcan- يىلىدىن 779- (؟) يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) دىن ئىبارەت ئۈچ زەنپونىڭ ھەربىي مۇۋاپىقىيەتلىرىنى بايان قىلغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئائىت ئاز بولمىغان خەۋەرلەرنى خاتىرلىگەن، كۆرگىنىمىزنىڭ ھەممىسى ئاشۇ زەنپۇ ۋەتىبەت قوشۇنلىرىنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىرىنى مەدھىلەيدىغان سۆزلەر بولسىمۇ بىراق بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىدە ئاساسەن ھېچقانداق مەسىلەن يوق چۈنكى بىز بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا بىر قىسىم قوشۇمچە پاكىت ماتېرىياللىرىنى تېپىپ چىقالايمىز.

بۇ يەردە مەن پەقەت مۇناسىۋەتلىك بۆلەكتىلا تەرجىمە قىلماقچى، خاتىرلىنىشچە khridus- sron زەنپۇ تەختتە ئولتۇرغاندا «ئەتراپتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر مەسىلەن،

www.kitaphumar.net

Dru_gu (غەربىي تۈركلەر) قاتارلىق (مىللەتلەر) لار ئەل بوۋپ ئولپان تاپشۇردى». شۇ زەنپۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا «يۇقارقى رايوندىن كەلگەن يەنى (Bru_ za ۋە kog قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پادىشالىرى، چەنۇپتىكى رايون (ھىمالايا تېغىدىكى ھەرقايسى ئەللەر) لاردىن كەلگەن پادىشالار ئوردىغا كىرىپ ئەل بولغانلىقىنى بىلدۈردى.» 727-يىل جۇڭگۇنىڭ گۇاجۇ (kva_cu) شەھىرىنى ئىشغال قىلغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن بىر پارچە ئىسپاتنامىدە بۇ شەھەرنىڭ خەلقئارا سودىدا تۇتقان ئالاھىدە ئورنىنى ناھايىتى ئوبرازلىق بايان قىلىپ بەرگەن: «ئەينى چاغدا، جۇڭگودا كۇچلۇك ئىدى. بارلىق تۈركلەر ئۇنىڭغا قارام بولغان كەرەپ زىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگوغا تەۋە ئىدى. يۇقارقى رايون (upper Region) لارغا توشۇلدىغان جۇڭگونىڭ نورغۇن ئۈنچە مەرۋايىتلىرىنىڭ ھەممىسى تىبەتلەر تەرىپىدىن ئولجا ئېلىندى، ھەتتا قارا باشلىق قاللار (قارا بۇرۇن- بويسۇندۇرۇلغان خەلقنى كۆرسىتىدۇ) مۇ نۇرغۇنلىغان چىرايلىق جۇڭگو يىپەكلىرىگە ئىگە بولۇشى.» تۆۋەندىكى ئىككى پارچە ماتېرىيال قەدىمكى جۇغراپىيە ۋە «يۇقارقى رايون» ئوقۇمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. گەرچە بايان قىلىنغان ۋەقەلەر 8- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرى ۋە 790- يىللىرىدىن كېيىن بولسىمۇ شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ: «sbran_Rgyal_sgra_leg zigs» (بىر تارماق قوشۇننى) باشلاپ يۇقارقى رايوننى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلاندى. Mu_yuns غا يەتكەندىن كېيىن ھەل قىلغۇچ جەڭ بولدى تاكى nun_kog دەريا جىلغىسىدىكى ھەرقايسى پادىشالار مەغلۇپ بولۇپ ئىتائەت قىلغىچە ئۇرۇشتى... Bro khri_gzu_ram_sags (بىر قوشۇننى) باشلاپ يۇقارقى رايونغا يۈرۈش قىلدى. Li (ئۇرۇن) بويسۇندۇرغاندىن ھەرىيلى تاپشۇرىدىغان بولدى.

«تىبەت سالنا» دىن باشقا، يەنە بەش پارچە ھۆججەت (پىللىئوتنىڭ تىبەتچە 996- نومۇرلۇق ھۆججىتى،

(peulot tidelqian 996 No) نى ئادىيلا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەك. بۇدىيانا مەزھىپىدىكى بەش نەپەر پىركالاننىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت تۇسىنى ئالغان ئەسەر بولۇپ تىبەتلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى دىن تارىخى ھەققىدىكى ھۆججەتلەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. مۇئەللىپ نامسىز بىر تىبەت بولۇپ يېزىلغان جاي خۇاڭخى دەرياسىنىڭ يۇقارقى ئېقىمىدىكى رايونلار ئىدى. ئۇنىڭغا تىبەت يېزىقىدىكى ماتېرىياللار ئىدى. بىراق ئالدى ئۈچ نەپەر پىركالان رىۋايىتىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا خەنزۇچە ماتېرىياللار ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭ بىر قىسمى خەنزۇچىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ 8- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى بىر يېرىمىدا ھىندىستاننىڭ upadhyaya دىگەن يەردىن كەلگەن Arten- hvyer

www.kitaphumar.net

ئىسىملىك بىرسىنىڭ كۇچا (kuca) دىكى پائالىيىتى، ئىستىقامەت كەچۈرمىشلىرى سۆزلەنگەن، ئۇنىڭدا كۇچا An-se (خەنزۇتىلىدا 安西 دېيىلگەن)، ئۇ يەرنىڭ پادىشاسى kva-ci-,van (خەنزۇتىلىدىكى ؟؟؟؟ نى كۆرسىتىدۇ) دەپ ئاتالغان.

باشقا تارىخ ئەسەرلىرى، مەسىلەن ئاتالمىش «دۇنخۇاڭ شەجەرىسى» ( Genealogy of (Tun huam, pelliot tide tain 1286 No the chronicle Fragments of Funhuang, pelliot tidetain 1144No stein ch, ) xv112 No

ۋە «تىبەتلەرنىڭ تارىخىدىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى»

(the sketch on tidetan prehistory, pelliot tidetain 1038-No(

قاتارلىقلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدا ھېچقانداق ماتېرىيال يوق.

(6)

يوقىرىدا بايان قىلىنغان قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىياغا مۇناسىۋەتلىك ئاندا ساندا ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكەن. بىز بۇ پاراگراپتا تىبەتچە بولمىغان تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان 6 پارچە ئەسەرنى تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز (ياكى ھېچبولمىغاندا سىرتتىن كەلگەن ئەسەرگە ئاساسەن يېزىلغان ئەسەرلەر) بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى Li (ئۇدۇن) دەپ ئاتىلىدىغان دۆلەتنىڭ تارىخى ۋە دىن تارىخىنى مەركەزلىك بايان قىلىمىز ئالتە چوڭ ئەسەرنىڭ ئىچىدىكى بەش پارچىسى ساكىيامۇنى ۋە بۇددا دىنىدىكى ئەۋلىيالارنىڭ بىشارىتى بولغاچقا بۇ كىتابلار «خەنجۇ»،«دەنجۇر» نوملىرىغا كىرگۈزۈلۈپ بۇگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن. ئۇلار بولسا:

(1) ۋىسمالاپرابھا پارىپرچچھا (vimalapradha-pariprccha)، تىبەت تىلىدا، Dri-ma ,med-pai od-kyis zus-pa دېيىلگەن)

(2) «گوسزاناگا تەلماتى» (Gosrnga-vxakrarana، تىبەتچە Ri-glan-ru- lun- bstan-pa دېيىلگەن)

(3) «ئارفات سامغاۋاردھانا سۆزلىگەن تەلمات»

(سانسكرىتچە، Arhat samghavardhana- vyakarana دېيىلگەن)

(4) «ئۇدۇن ئافاتلىرىنىڭ تەلماتى»

(تىبەتچە liyul -gyidgra-dgra-dcom-pas lum bstan-po دېيىلگەن)

www.kitaphumar.net

(5) «ئـۇدۇن دۆلتـى تەلماتلىرى» (سانسـكرىتچە Gatana_ vyakarana تـىبەتچە Liyul_ lun_bstan_pa دېيىلگەن)

يۇقـارقى بەش ئەسـەرنىڭ ھەممىسى پەت تىلـدىكى ئەسـەرلەرنىڭ قەدىمكـى تـىبەت تىلـدىكى تەرجىمىسـى ئـىدى. بەلكـىم ئەڭ ئاخىرىـدىكى ئىككـى ئەسـەرنى تـىبەتلەر ئەڭ ئاخىرىدا تۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. ئالدىنقى ئۈچ كىتابنىڭ تـىبەتچە تەرجىمىسى مىلادىيە 800_ يىلـدىكى ياكى 812_ يىللىرى ئاللىقاچان بارلىققا كېلىـپ بولغـان، چۈنكى Dpal_ brcegs ۋە nam khai shin_ po تۈزگەن «stod_ than دىكـى ldan_dlkar خـان سـارىيىدا ساقلانغان نـوملار تەرجىمىسـىنىڭ ئومۇمىي كاتـالوگ» دا ئەسـكەرتمە بـېرىلگەن. تـۆتىنچى كىتـاپ «ئـۇدۇن ئارخاتلىرىنىـڭ تەرلىمـاتى» (تۇمـاس ھاكـا ھالـدا «ئـۇدۇن دۆلتـى تەلماتلىرى» دەپ ئاتىغـان ھەم تىبەتـتە تـۈزۈلگەن دەپ قارايـدۇ. بـىراق پـائۇل ئېلىلئـوت خـوتەن سـاك [khotanese saka] تىلـدىكى ئەسـلى ئەسـەردىن تەرجىمە قىلىنغـان دەپ قارايدۇ) نىڭ بۇددا نوملىرىدا ساقلىنىپ قالغان تەرجىمە نوسخىسىدىن باشقا بىر يەنە 3 دانە تـىبەتچە نوسخىسـىنى بايقـىدۇق ئۇلارنىـڭ ھەممىسى دۇنخۇڭـدىن تېپىلغـان (سـتەيىن ch.08 نومۇرلـۇق، 3 I ch,09 نومۇرلـۇق، 2_vii3 ch73 نومۇرلـۇق ھـۆججەت) ھەتتـا دۇنخۇڭدىن تېپىلغان خەنزۇيېزىقىدىكى بىـر نوسخىسـىمۇ بـار (p.2139 نومۇرلـۇق) بولـۇپ تاڭ دەۋرىدىكى فاچىڭ (法成 770_ يىلىدىن 858_ يىلىغىچە) قەدىمكى تىبەت تىلىدىن تەرجىمە قىلغان. شۇڭا بۇ كىتاپنىڭ تىبەتچە تەرجىمىسى ھەرگىزمۇ 858_ يىلىدىن كېيىن ئەمەس. ئەڭ ئاخىرىدا «ئۇدۇن دۆلتى تەلماتلىرى» (تۇماس خاتا ھالدا «ئـۇدۇن (لىيال) دۆلتى تارىخى» [The Annals of thr Li country] دەپ ئاتايدۇ. تۇماسنىڭ قىياسىچە بـۇ ئەسەر (1046_ يىلى ئوتۇندا تىبەت يېزىقىدا يېزىلغانمىش، بىراق ئېممېرىـك (Emmerick) بـۇ كىتـابنى 890_ يىلـى يـاكى 892_ يىلـى يېزىلغـان دەپ بېكىـتكەن. مېنىـڭ قارشـىمچە بىزنىــڭ بــۇ كىتــاب خــوتەن تىلــدىكى ئەســلى ئەســەردىن تەرجىــمە قىلىنغــانلىقى توغرىســىدىكى ئېھتىمــاللىقنى يوققـا چىقىرىشــىمىزغا تولـۇپ ئاساسـىمىز يـوق. ئۇنىڭـدىكى ھىندىچە سۆزلۈق بىلەن خوتەن ساك تىلىنىڭ تەلەپپۇز شەكلى ھېچبولمىغاندا قەدىمكى تـىبەت يېزىقـىدىكى نوسـخىنىڭ بىۋاسـتە خـوتەن سـاك يېزىقـىدىكى ئەسـلى ئەسـەردىكى ماتىرىيــاللاردىن تەرجىــمە قىلىنغــانلىقىنى چۈشــەندۈرۈپ بىرەلەيــدۇ. شۇڭلاشــقا بــۇ ئەسەرلەرنىڭ تىبەتچە تەرجىمىسى كىچىكەندىمۇ 11_ ئەسىردە بارلىققا كەلگەن.

بەش پـارچە بىشـارەت ئەسـىردىن باشـقا، «ئـۇدۇن (لىيـال) دىـن تـارىخى» (Li_yul_ chos_kyi lo_rgyus) دەپ ئاتىلىدىغان بىر دىننى ئەسەر بولسىمۇ بىراق بۇددا نوملىرىغا

www.kitaphumar.net

كىرگۈزۈلمىگەن بولۇپ دۇنخۇاڭدىكى كەمتۈك ھۆججەتلەر ئارىسىدىن تېپىلغان. ( pelliot No 960 tidetain) بۇ كىتابنى ئۈرۈنلۈق راھىپ كالان Morgubdesi يازغان بولۇپ ئاساسلىقى ھەرخىل تەلمات ماتېرىياللىرىدىن ئاساسلانغان ھەم بىر قەيەردىن چىققا- نلىقىنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم ماتېرىياللارنى ئىشلەتكەن،

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەش خىل بىشارەت ئەسىرى ۋە «ئۇدۇن (لىيال) دىن تارىخى» نىڭ مەزمۇنى ھەم ئۆچتىلىدىغان تىلشۇناسلىق تارىخشۇناسلىق مەسىللىرى توغرىسىدا بۇ يەردە تەخمىنەن تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى ئويلىغان بولساقمۇ مۇمكىن بولمىدى ھەم مۇنداق قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. بۇ مەسىلىلەرنى بىس مۇنازىرە بىلەن تەتقىق قىلىنغان ئېلمىي ئەسەرلەرنى تىلغا ئېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئوقۇرمەنلەر توماسنىڭ بۇ ئەسەر توغرىسىدىكى تۈنۈشتۈرۈشى ۋە تەرجىمىدىن پايدىلانسا بولىدۇ. گەرچە تۇماسنىڭ نورغۇن كۆز قاراشلىرى توغرا بولغان تەنقىدلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا مۇئەييەن بىر تەسىرلەرنى قالدۇرالايدۇ.

بەختكە يارىشا بىز E.R ئېممېرىك ((E.R.Emmenck نىڭ يىڭى ئەسىرى «تىبەت مەنبەرلىرىدە كۆرۈلگەن خوتەن»

(Tibetan texts concerning khota) دىن خوتەن تارىخى ھەققىدىكى پۈتۈن قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمىز. ئېممېرىك ئەپەندى «خوتەن دۆلىتىنىڭ تەلماتلىرى» نىڭ يىڭى تەرجىمىسى ئىزاھات ۋە قوشۇمچە مەخسۇس ئىسملارنىڭ ئىندىكسى، سۆزلەرنىڭ ئىندىكسى بار «خوتەن (لىيال) دىن تارىخى» نىڭ يىڭى نوسخىسىنى ئېلان قىلدى، يەنە باشقا ئىككى خىل ھۆججەتنىڭ ئىزاھلىق نوسخىسىنى ئېلان قىلدى. بۇگۈنگە قەدەر ئېلان بارلىق ئىزاھلىق ۋە سۆزلۈكلەردە ئېممېرىكنىڭ ئەسىرى ئەڭ كاتتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تېكىستنىڭ دەللىلەپ تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشتى. بىراق بىر قىسىم بۆلەكلەرنىڭ تەرجىمىسىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ بىر قىسىم يەرنامىلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈلىشى ئەمىلىي يەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن باغلىنىشى كېرەك.

مەسىلەن، ئۇنىڭ بىرككەن سۆز sel.cu -sel.chu ۋە ھۆر مەن سۆزى شەكلى -sel chad نى چۈشەندۈرىسى فرانسىيىلىك .R. A ستېين (R.A. stein) نىڭ ئەيپلىشىگە ئۇچرىدى. ستېين :«ئېممېرىك دوكتۇر ھەممە يەردە sel.chu نى «دەريا» دەپ تەرجىمە قىلىپ ئۇنىڭ «خىرۇستال» دېگەن مەنىدىكى سۈپەت سۆزىگە پۈتۈنلەي سەل قارىغان… «seL» دېگەن بۇ سۆزنىڭ «قاشتېشى» نى كۆرسىتىدىغانلىقىدا شەك يوق» دەپ قارايدۇ.

www.kitaphumar.net

سستېين (stein) نىڭ چۈشەندۈرۈشى توغرا بولغان بىراق ئۇ نورغۇنلىغان تىبەتچە بولمىغان ھۆججەتلەردە ھەمدە بۇگۇنگە قەدەر ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان تىلدا خوتەندىكى ئاساسلىق دەريانى «قاش دەرياسى» «قاراقاش دەرياسى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمىگەن، ئېلگىرىكى كىلاسسىك دەۋىر ۋە كىلاسسىك دەرىدىكى سانسكرىت تىلىدىكى ھۆججەتلەردە sailada [ئۇنچە (يىنجۇ) دەرياسى] دىگەن بىر دەريا بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. Vayupurana نىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا بۇ دەريا ۋاكسۇ (oxus_caksus= vaksu ئامۇ دەياسىنى كۆرسىتىدۇ) بىلەن sita (قارىمىنى كۆرسىتىدۇ) ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. خۆي لىن (8-9- ئەسىر) خوتەندىكى گوسىرنگا (Gosirsa_cosrnga) تېغىنىڭ ئۆستىدە قاش دەرياسى بار، دەيدۇ. بۇيۇك بىر تانسىيە مۇزىيىدا ساقلىنىۋاتقان (or.8212 نومۇرلۇق خوتەن ساك يېزىقىدىكى ھۆججەتتىمۇ («گۆھەر دەيا») ranijai taja دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەيا ئېقىنىنىڭ بارلىغى خاتىرلەنگەن. 983- يىلىدىن 943- يىللاردا خوتەن ئېلىگە ئەلچىلىككە كەلگەن گاۋجۇخەي (高居涠 ئۆزى يازغان ساياھەتنامىسى («خوتەنگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى») دە خوتەننىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىنى ناھايىتى توغرا بايان قىلىپ بەرگەن ئۇ يۇرۇڭقاش دەياسى (yurung qax) نى «白玉河¿يېگى دەريا (yangi Darya) نى «录玉河»قاراقاش دەياسى (qara aas) نى «乌玉河¿دەپ ئاتىغان، ئۇنىڭدىكى بىرىنچى ۋە ئۇچىنچى نام تۈرك تىلىدىكى يۇرۇڭقاش غول (yrunk qas)، قاراقاش غول (xara qas vol) دىگەنلەر بىلەن پۈتۈنلەر ئوخشايدۇ، شۇڭلاشقا تىبەت تىلىدا يېزىلغان ھۆججەتلەردىكى sel_chu_sel_cu ھەمدە ئۇنىڭ ھۆرمەت سۆزى شەكلى بولغان sel_chab نىڭ «قاشتېشى (قاش) دەرياسى» دېگەن مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە نامى ھېچ بولمىغاندا خوتەندىكى ئاساسلىق دەريانىڭ چىرايلىق نامى بولۇشى كېرەك ئىدى.بىراق خوتەن جۇغراپىيىسى توغرىسىدىكى بىلەملەرنى تېخىمۇ كۆپ بىلىش ئۇچۇن قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى ھۆججەت ۋەسىقىلەرگە باش چۆكۈرمەي بولمايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەن كۆرەلەيدىغان قەدىكمى تىبەت يېزىقىدىكى ئەسلى ئەسەرلەر دىن پەقەت ئېمىرىك ئىزاھلىغان «خوتەن دۆلىتى تەلماتلىرى» «خوتەن (لىيان) دىن تارىخى» ۋە توماس توماس ئېلان قىلىنغان مازار تاش ھۆججەتلىرى بار. بۇلاردىن باشقا ئېمىرىك لىخاسا ۋە بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان« گەنجۇر» دىن تاپقان ھەم ماڭا دەپ بەرگەن «سۇرياگاربھا- سۇترا» (suryagarbha_sutara) دىن ئېلىنغان بىر قانچە ئابزاس ماتېرىياللاردىنمۇ پايدىلانغىلى بولمايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ماتېرىياللاردىن تۆۋەندىكى بىر قانچە نوقتىنى كۆرۈۋالالايمىز:

www.kitaphumar.net

(1) ئەڭ بــۇرۇنقى هــۆججەتلەردە قاراقــاش دەرياســى Ga_ma_ti (سانســكرىتچە Gamati دېــيىلگەن) ، Ga_ma دېــيىلگەن. خــوتەن ئىلــدە ئــانچە ئومۇملاشــمىغان «سورياگرابها ـ سوترا» دا: «Go_ ma_ sa_ la_ gan_ bha» دىگەن سىستۇپا كـا ـ شا (kha_ (sa دۆلىتىدىكى (يەر ئەمچىكى) (stana= sai_ nu_ ma (Go_ يەنى khotan (خوتەن) نى كۆرستىدۇ) گە باردىغان Glan_ ru (كالا بېشى) تېغىنىــڭ يــېقىن ئەتراپــىدىكى Go_ma_ti دەريــا قىرغىقــى (Go_ma_ti chu_bo) غــا جايلاشقان». ئوخشاشلا بىز «گوسرناگا تەلماتى» دىنمۇ chu_bo Go _ mai_ gram (گۇما (Go_ ma دەريا بۇيى) دېگەن بىر سۆز بىرىكمىسىنى تېپىپ چىقتۇق بـۇ دەل Go_ma_ sa_ la_ gan_ sa دېگەن ستۇپانىڭ جايلاشقان ئورنى ئىدى.

«كوسرنافا تەلماتى» دا يەنە so)so_ rcan_po (دەرياسى) دېگەن باشقا بىر دەيانىڭ بارلىقىنى خاتىرىلگەن بولۇپ بۇددا ئېلگىرى خوتەننى بېسىۋالغان كـۆپ سۇيىنى مۇشۇ دەرياغا باشلىغانمىش، تۇماس بۇنى يۇرۇڭقاش دەياسى دەپ تەكشۈرۈپ دەللەيدۇ. بۇنىڭ ئېھتىماللىقى ناھايىتى چوڭ،

(2) Go_ma بىر قەدەر كېيىنكى ھۆججەتلەردە پەقەت بىرلا قېتىم كـۆرۈلگەن. يەنى «خوتەن (لىيان) دۆلىتى تەلماتلىرى» دا Mgo_ma سـۆزى بولۇپلا قالماستىن يەنە sel_ cha دېگەن ماس سۆزىدىن بىرى بار ئىدى. ئەسلىدىكى جۈملە تۆۋەندىكىچە ئىدى: chu_ bo sel_ chab Mgo_ maigram_ na (قاش سۈيى Mgo_ ma دەريا قىرغىقى).

(3) بۇ ماتېرىياللاردىن باشقا «خوتەن دۆلىتى تەلماتلىرى» ۋە «خوتەن دىن تارىخى» دا ئـايرىم ـ ئـايرىم ھالدا sel_ chu ۋە sel_ shab دېگەن ئىككى نـام كۆرۈلىدۇ. مۇبادا بىز دىققەت بىلەن كۈزەتسەك بۇ ئىككى ئىسمنى تۆۋەندىكى سـۆز بىرىكمىلىدىن كـۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

lu_ then_ gyi sel_ chu_ chab_ gon_ ma خوتەن (u_then) يۇقارقى قاش سۇ (دەرياسى) دىگەن مەنىدە)، gyi sel_ chabog_ma _(u_thenl u_then تۆۋەندىكى قان سۈي (دەرياسى) دېگەمەنىدە) sel_ chu_ chab_ gon_ ma («يۇقارقى قاش سۇر دەياسى» دېگەن مەنىدە) sel_ cultog og ma («تۆۋەندىكى قاش سۇ (دەرياسى)» دېگەمەنىدە) sel_cu ltag_ og_ gngs, («يۇقارقى، تۆۋەندىكى قاش سۇ (دەياسى» دېگەن مەنىدە) sel_ chu_ dbus («قاش دەريانىڭ ئوتتۇرسى» دېگەن مەنىدە) sel_ chu chu_nu («كىچىك قاش سۇ (دەريا)» دىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىچىدىكى sel_ chu_ chu_ nu ھېچقايىسىسى بىلەن ئوخشمايدۇ. روشەنكى ئۇ باشقا بىر دەريا ئېقىنى كۆرسەتكەن. يۇقۇرى ۋە تۆۋەنكى

www.kitaphumar.net

مەزمۇنلارغا ئاساسلىنىپ sel- chab ۋە sel- chu/ sel-cu/ sel- chab نى u- then- gyi- sel- chab باشقا يەرنىڭ نامى ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز، شۇڭلاشقا، قىلىپ قالغان مەسىلە دەپ «يۇقارقى قاش سۇ (دەريا)» «تۆۋەندىكى قاش سۇ» «قاش سۇ ئوتتۇرسى» دىگەنلەرنىڭ مەنىسىنى قانداق چۈشىنىشتىلا قالدى. تۇماس «شەرقىي دەريا» «غەربىي دەريا» «ئىككى دەريا ئوتتۇرسىدىكى جايلار» نى كۆرستىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. ستېين بولسا «قاش سۇ (دەريا) ئوتتۇرسى» «مەركىزى دەريا» (riviere centrale) نى كۆرستىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، dbus دىگەن سۆزنىڭ «ئارىدىكى يەر» «ئوتتۇرىدىكى جاي» دىگەن مەنىسى يوق، يەنە كىلىپ سۆيەتمۇ ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بىز sel- chu-dbus پەقەت «قاش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى» دەپ ئىزاھلايمىز. ئەسلى تېكىستتە sel- chu-chu-dbus دىگەن سۆز u- then- gyi sel- chab og ma ۋە sel- chu- gon-ma دىگەن ئىككى ئىسمغا قارىمۇ- قارشى ئوتتۇرغا قويۇلغان. شۇڭلاشقا كېيىنكى ئىككىنچىسى پەقەت «u-then قاش دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى» ۋە «قاش دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى» دەپ ئىزاھلايمىز. بۇ ئىككى خىل ھۆججەتتە جەمئىي ئىككى «قارشتېشى دەرياسى» دەپ ئاتىلىدىغان دەريا ئىقمى ئوتتۇرغا قويۇلغان، ئۇنىڭ بىرى sel- chu/ sel-chab دېيىلسە باشما بىرسى (كىچىك قاشتېشى دەرياسى) chu chu- nu (قاشتېشى دەرياسى) دەپ ئاتالغان ياكى u-then gyi u- then-gyi- sel- chu u-then) ‹خوتەن-قاشتېشى دەرياسى) دەپ ئاتىلاتتى. قەدىمكى تىبەت تىلىدا، sel- chab/ u- then دىگەن خوتەن دۆلتىنى كۆرسەتمەستىن خوتەن شەھرى ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىنىلا كۆرستەتتى بۇ نوقتا ساك تىلىدىكى Hwam(4) 9 -ئەسىرنىڭ ئالدىنقى بىرسىدا تىبەتلەر خوتەننى ئىشغال قىلغان چاغدىكى بىر پارچە قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى ھۆججەتتىمۇ sel- chab- og- ma sel- chab-gon- ma دىگەندەك سۆز بىرىكمىلىرى كۆرۈلىدۇ، بۇ ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى بولسا تىبەت قوشۇنلىرىنىڭ قاراۋۇلخانىسى ۋە باشلىقلارنىڭ نامى كۆرستىلگەن، شۇڭلاشقا، شۇنداق مۇئەييەنلۈشتۈرۈشكە بولىدۇكى sel- chab بۇ يەردە يوشۇرۇن ئىسىم بولماستىن ئېنىق بولغا مەخسۇس ئىسىم ئىدى، باشقا ئىككى پارچە ھۆججەتتە يەنە so- rcan- gram بىر جاينىڭ نامى خاتىرىلەنگەن. بۇ بىركەن سۆز بولۇپ دەريا نامى so-rcan- po («گوسرناگا تەلماتى» غا قاراڭ) بىلەن ئادەتتىكى ئىسىم gram (قىرغاق) دىن تۈزۈلگەن (مازار تاغ، تىبەتچە 0048، 0036-، 0052، نومۇرلۇق ھۆججەتكە قاراڭ)

www.kitaphumar.net

تۆۋەندە يۇقارقى مەزمۇنلارنى خۇلاسىلەيمىز، قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى ماتېرىياللار ۋە تىبەت يېزىقىدا بولمىغان ماتېرىياللاردا خوتەندىكى ئاساسلىق دەريانىڭ ئاتىلىشى ئۇنىڭ پەيدا بولغان ئىلگىرى كېيىنلىك تەرتىۋىنىڭ تىزلىشى تۆۋەندىكىچە: قاراش دەرياسى ئەڭ دەسلەپ Gamati (قەدىمكى تىبەت تىلى: Go_ma_ ti) ياكى Go_ma (بۇنىڭ ئۆزگەرگەن ھالىتى Mao_ma) دېيىلگەن، يۇرۇڭقاش دەياسى so دەريا (قەدىمكى تىبەت تىلىدا so_ rcan_po) دېيىلگەن، 7-8- ئەسىرلەردىن كېيىن Go_ma دېگەن نام يەنە قوشۇمچە «گۆھەر دەريا/ قاش سۇ / قاشتېشى دەرياسى (خوتەن ساك تىلىدا ranija ttaji قەدىمكى تىبەت تىلىدا، sel_chab/sel_chu خەنزۇتىلىدا 玉河 دېيىلگەن.) دېگەن مەنىلەردە ئىدى. بۇ ئالاھىدىلىكنى بىلدۈردىغان مەزمۇن بەلكىم بۇ دەريانىڭ سانسىكرىتچە نامى sailoda («گۆھەر (دەريا») دىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن، كىچىككەندىمۇ 8- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا «گۆھەر دەريا/ قاشتىشى سۈيى/ قاشتېشى دەريا» دېگەنلەر پۈتۈنلەي قاراقاش دېگەن كونا نامغا ئورۇن بوشاتقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قاراقاش دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان يېڭى دەريامۇ «كىچىك قاشتېشى دەرياسى» (قەدىمكى تىبەت تىلىدا sel chu_ nu, chu دەپ ئاتالغان) دېگەن نامغىمۇ ئىگە بولغان. ئەڭ ئاخىرىدا تەخمىنەن 9-10- ئەسىرلەردە «قاشتىشى دەرياسى /قاشتېشى سۈيى» دېگەن ناملار يۇرۇڭقاش دەرياسى دەپمۇ ئىشلىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈچ «قاشتېشى (قاش) دەرياسى» ئىسمىنىڭ ئالدىنقى قىسمى «قارا» ، «يېشىل»، «ئاق» دىن ئىبارەت ئۈچ خىلرەڭ ئارقىلىق پەرقلەندۈرلگەن،خەنزۇتىلىدىكى «乌玉河»تۈرك تىلىدىكى قاراقاش ( qara qas) نى، خەنزۇتىلىدىكى «白玉河»تۈرك تىلىدىكى يۇرۇڭقاش (yurug qas) دەرياسىنى كۆرستىدۇ.

شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى قاشتېشى خوتەن رايونىنىڭ مۇھىم ئېكسپورت تاۋىرى بولۇپ 10- ئەسىردە دەريا ئېقىنلارغا نام بېرىشتىلا ئەمەس خوتەن دۆلىتىگە نام بېرىشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان، ھەتتا جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇ دۆلەتنى ئاتىشىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. بايلېي (H.w.Bailey) ئەپەندى ئاللىقاچان بۇ نوقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. مەسىلەن: خوتەن ساك تىلىدا Gaustama_desa ranijajinave نىڭ مەنىسى «Gostana (قوستانا) دۆلىتى گۆھەرلىرىنىڭ دۆلىتى» دېگەنلىك بولاتتى. خەنزۇتىلىدىكى «大宝于阗国» نىڭ مەنىسى «بۈيۈك گۆھەر خوتەن دۆلىتى» دېگەنلىك بولاتتى، (بۇ خوتەن تىلىدا، Jingve kuhi: yuttyeni ttayi_pu دېيىلگەن) سانسىكرىت تىلىدا Ratnapadajana دېيىلگەن بولۇپ بۇنىڭ مەنىسى «گۆھەرزېمىن» دېگەنلىك بولاتتى.

www.kitaphumar.net

بىراۋنىڭ سوئالى: خوتەندىكى دەريا نامىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بۇرايۇن ئالاھىدە نامىنىڭ پەيدا بولۇشىنى شۇنداقلا جۇڭگو ھۆكۈمەت تەرەپدارلىرىنىڭ خوتەن دۆلىتى ئاتاش ئۇسۇلىنى كۆرسۈتۈپ بەرگەنمۇ ياكى بولمىسا 8- ئەسىردىن 9- ئەسىرغىچە بولغان دەۋىردىمۇ خوتەن قاشتېشى ئېكسپورتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردىمۇ يوق؟

(7)

خوتەن تارىخى توغرىسىدىكى ئەسەرلەردىن باشقا جۇغراپىيىسىگە ئائىت بىر كىتاپقا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم، بۇ كىتابنىڭ ئەسلى تۈزگۈچىسىمۇ ياقا يۇرتتىن كەلگەن، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققان كىتاپ ئىسمى «شىمالدىكى كۆپلىگەن دۆلەت پادىشالىرىنىڭ خانلىق ئەنئەنىسىنىڭ بايانى» (پېللىئوت، تىبەتچە ھۆججەتلەر، 1283- نومۇر) بولۇپ قولىيازما نوسخىسى دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان. ئەسەردە 8- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى يايلاقتىكى نۇرغۇنلىغان چارۋىچى قەبىلىلەر ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بايان قىلىنغان بىلەن بىر قەدەر بۇرۇنقى تارىخى ۋەقەلەر ۋە جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللارمۇ تىلغا ئېلىنغان. بايان قىلىش دائىرىسى چاۋشيەن ۋە جەنۇبىي سىبىرىيەدىن تارتىپ تاكى تەڭرى تاغ تىزمىللىرىغىچە چېتىلغان بولغاچقا يېڭىدىن تۈزۈش پىلانلانغان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ ماتېرىياللىرى توپلىمى پەقەت مۇشۇ كىتاپنىڭ بىر قىسمىنى ئىشلەتمەكچى بولۇۋاتىمىز.

بۇ كىتاپ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ئىنتايىن مۇھىم شۇنداق ناھايىتى تەستە چۈشەنگەنلىكى بولىدىغانىمۇ ماتېرىيالغا قارىتا تىلشۇناسلىق ۋە تارىخشۇناسلىق جەھەتتىكى تەتقىقات تېخى ئەمدىلا باشلاندى.

(8)

ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى تىبەتچە ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى دىن ۋە پەلسەپە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بوددا نوملىرى بولۇپ تاش ئابىدە، ھۆججەت ياكى تارىخ، جۇغراپىيە ئەسەرلىرى ئەمەس ئىدى. بۇۋەسقىلەرنىڭ تەرجىملىرىنى

www.kitaphumar.net

ھەمشە ئۇچراتقلى بولسمۇ ئۇنىڭ تىبەتچە ئەسلى نوسخىسىنى تاپماق بۇددا نوملرى ئىپتىدائى تارىخ ماتېريال دەپ قاراشقا بولدىغان بىر قانچە ماتېريال بار. مەسىلەن. 823 ـ يىلى يېزىلغان «De ـ ga ـ G, yu ـ chal» (ۋە) يۆشى ئىبادەتخانىسى دۇئا ـ تىلاۋەت توپلىمى» (پائون پىللئۇت تىبەتچە ھۆججەتلەر 16 ـ نومۇر، ستەيىن ch. 9137 نومۇرلۇق ھۆججەت) ۋە زەنپۇ 779 ـ756) khri ـ sron ـ lde ـ dca ـ (؟) يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ بىرلوگىكا كىتاپ ئۈچۈن يازغان كىرىش سۆزى ( G ـ tucci: Minor Buddsit Texts II 122 ـ 125) قاتارلىقلار بار بولۇپ زەنپونىڭ كىرىش سۆزىدە تىبەتنىڭ دۆلەت دىنى بولغان بۇددا دىنى ۋە خان جەمەت تەسىرىدىكى كونا دىنى كۆز قاراش خوتەنگە ئائىت ھەرقايسى خاتىرىلەر ھەمدە «سۇرياگاربھا ـ سۇترا¿(suryagarha ـ sutra)، «گاندرا گاربھا ـ سۇترا» دىكى مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەردىن باشقا، نۆۋەتتە قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى نوملاردىنمۇ 751 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت بىر پارچە ماتېريال تاپالايمىز. بۇ ماتېريال دۇنخۇڭدىن تېپىلغان «ئابھىدھارما ـ سۇترا» (Abhidharma ـ sutro) نىڭ قىسقارتىلغان نوسخىسىدا ساقلىنىپ قالغان. ئون يىل ئىلگىرى ماكدۇ نالىد خانىم ( Mme Macdonald) بىر قىسىم نوملانى شەھرى بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ؟؟ سىندۇ، ؟؟؟، شتو قاتارلىق تۆت چوڭ دەريانىڭ ئانا ۋاكاپتا كۆلى (laka Anava tapta، قەدىمكى تىبەتچىدە Mcho ـ Ma ـ dros ـ pa دېيىلگەن) دىن باشلىنىدىغانلىقى سۆزلەنگەن.

بۇ مەزمۇنلار يەنە ئاتالمىش «تۆت تەڭرىقۇت تەلماتى»

Catalogue of the kings of the Four Regions of) the world

نىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تىبەتچە تەرجىمىسىدىمۇ بار. تۆۋەندە بىر قىسمىنى تەرجىمە قىلىپ ئۆتىمەكچىمەن: «شەرق زېمىنى ۋە «ئادەم گۆھىرى» (Jewel of Men) گە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى تەڭرىقۇت جۇڭگو تەڭرىقۇتى... جە تۈپتىكى ماگادىغا (Magadha) دۆلىتىنىڭ ئەقىل پاراستى ۋە« يىل گۆھىرى» (jewel of Elephants) تەڭرىقۇت — ھىندىستان تەڭرىقۇتى؛ ... غەربتىكى شىر زېمىنى (thr lion land) دىكى سودىگەرلەرنىڭ تەڭرىقۇتى ـ ... ؛ phrom ـ Ge ـ sar شىمالدىكى مەلۇم جايدا ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى تەڭرىقۇتلار. پۈتۈن دۆلدۆللارنىڭ ئىگىسى «ئات گۆھىرى» (jewel of Horses) ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى Ta ـ zig (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەرەپلەر)، Dru ـ gu (غەربىي تۈركلەر) ۋە Bug ـ cor (شەرقىي تۈركلەر) قەبىلىرىنىڭ تەڭرىقۇتى.» بۇ «تۆت تەڭرىقۇت تەلماتى» نىڭ قەيەردىن تېپىلغانلىقىنى تېخى تەكشۈرۈپ بېكىتىلمىدى. بىراق شەكشۈبھىسىزكى تالاس

www.kitaphumar.net

ئۆرۈشـىدىن ئىلگىرىكى ئاسـىيانىڭ جۇغراپىيىلىـك ئەندىزىسـىنى بايـان قىلىـپ بەرگەن.
(paul pelliot tibetain 958 No)

بـۇ ماتېرىيـال ئوتتـۇرا ئاسـىيا تـارىخى ئۇچـۇن ئىنتـايىن مۇھىمـدۇر، چـۈنكى ئۇنىڭـدا تالاش- تارتىشتا قالغان Ge-sar -phrom دېگەن نـام بىرىنچى قېتىم كـۆرۈلگەن بولسـىمۇ لـېكىن ئـۇ بىـر تـارىخى شـەخس بولـۇپ خـوتەن پادىشاسـى ۋىجاياسـاڭراما ( viJaya sangrama، 8- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى) نىڭ قىيىن ئاتىسى ئىدى. تېخىمۇ كېيىن بولغان «تۈت تەڭرىقۇت تەلماتى» نىڭ تىبەتچە تەرجىمىسىدە كۆپ ھاللاردا شىمالنىڭ تەڭرىقۇتى بۇ نام بىلەن ئاتىلغان. كېيىنرەك تەلەپپۇز قىلىـش ئۇسـۇلىغا ئاساسـەن ئـۇنى -khram- ge sar دېيىشكە بولـىدۇ. ئالاھـىدە ئەھـۋال ئاسـتىداGrul -(يىقىنـراق بىرىنچى مەسـىلە ھەل قىلىندى. ھ. ھۇمباسك (H.Humbch) بىلەن ج . ھارماتتا (j.Harmatta) ئۆز ئـارا ئـالاقە قىلمىغـان ئەھـۋال ئاسـتىدا بىـرلا ۋاقىتتـا شـۇنداق دەپ كۆرسـەتتى: قەدىمكـى پـۆللار توغرىسـىدىكى ماتېرىيـاللار ۋە جەنـزۇ مەنبەلىرىـدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسـلىنىپ قەنـدىھار ئىككىنچى تۈرك ساھى خانلىقى (theIInd turk sahi Dynynasty of Gandhara) نىڭ بىر ھۆكۈمدارى (738- يىلـدىن 745- يىلىغـىچە تەختـتە ئولتۇرغـان) نـىڭ ئىسمى Fromo kesaro (بـاكترىيە تىلـىدا opoMo kHEApo، خەنـزۇ تىلـىدا؟؟؟؟؟ دېيىلگەن) بولـۇپ توغۇلغاندا ئائىلىسىدىكىلەر شەرقىي رىم ئىمپېراتورىنىڭ 718- يىلى ئەرەپلەرنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئوغۇللىرىغا قويغان، ئىسىم يىلنامىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق قەندىھارلىق Fromo kesaro دەل «خـوتەن دۆلىتـى تەلمـاتلىرى» دىكى Ge- sar -phrom نى كۆرسىتىدۇ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

ئىككىنچـى مەسـىلىنىڭ ھەل بولۇشـىغا كەلسـەك «ئابدىـدھارما سـوتدا» نـىڭ قىسقارتىلغا نوسخىسىدىكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى «تۈت تەڭرى تەلماتى» بىزنـى مـۇھىم قارار قىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بىر يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى

Ge-sar -Phrom. دەل «غەربىتىكـى شـىرلار ماكـانى سـودىگەرلەرنىڭ تەڭرىقـۇتى ئىـدى» ئەلـۋەتتە بىـز بـونى ۋىـزانتىيە ئىمپىراتـورى دەپ چۈشەنسـەك بولـىدۇ. ئۇنىـڭ باشقۇرىشىدىكى سودىگەرلەر مىلادى 1- ئەسىردىن6- ئەسىرگىچە پايىدا قوغلىشىپ يىراقتا ھىندىستان پورتلىرىغىچە بارغان. قەندىھار ھۆكۈمرانى شۇنداقمۇ ياكى ئەمەسمۇ بىزنىڭ بۇ ھەقتە بىلىدىغىنىز ئانچە كۆپ ئەمەس، شۇڭلاشقا ئىلگىرىكى شىمالدىكى phrom-Ge-sar ئەمەلىيەتتە غەربىتىكـى رىـم (ۋىـزانتىيە) ئىمپـرا تـورى ئىـدى دېـگەن پەرەز پـۈت تـرەپ تورالايدۇ ھەتتا ئاللىقاچان ئىسپاتلاندى، دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

www.kitaphumar.net

(9)

تىبەتتىكى بۇددا دىنى راھىبلىرى دەرۋەقە كۆپلىگەن بۇددا نوملىرى ۋە سىرتتىن كىرگەن ئەسلى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. لېكىن بۇددا دىنىدىن ئىلگىرىكى دىن (the Rre-Buddhist religion) مۇخلىسلىرىمۇ نورغۇنلىغان نوم دەستۇۋە پالناملەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن، بۇ يەردە بۇددا دىنىدىن ئىلگىرىكى دىن بىلەن كېيىنكى بىن (苯) دىنى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ياكى باغلىنىشلارنى سۆزلەش بىئەپرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداقلا يېزىپ قويغىلى بولمايدۇ. بىراق شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى؛ يېقىدا نورغۇنلىغان ئالاھىدە بۇددا دىنىدىن ئىلگىرىكى دىن بىن (苯) دىنى بىلەن ھەرگىز ئوخشىمايدۇ، بىن دىنىنىڭ كۆپ قىسمى قەدىمكى دىندىن كىلىپ چىققان دىگەن خۇلاسىنى چىقاردى. بۇ تىبەت رىۋايەتلىرى ھەممە تىبەتشۇناسلارنىڭ دىسلەپكى كۆز قارشى بىلەن ئاساسەن چوڭ پەرقلەنمەيدۇ.

بۇددا دىنىدىن ئىلگىرىكى دىن ھۆججەتلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئالاقىدار ماتېرىياللار كۆپ ئەمەس، دىنى مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدىغاندا ئوقۇلىدىغان گىرەلەشمە ناخشا ياكى پالناملەردىكى نەزمىلەردە تاسادىبى Dru-gu (تۇرك ياكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ) نى تىلغا ئالغان، لېكىن بۇنىڭ ھېچقانداق تارىخى كۆرۈنىشى يوق، مۇبادا مەن ئۇلارنى مالتىلىسام پەقەت ئىككى پارچە ماتېرىيالنى تېپىپ چىقالىدىم.

دۇنيانىڭ چېگرا پاسللىرىنى بايان قىلغان بىر پارچە تولۇق بولمىغان دىنىي دەستۇردا Drug- chen(بۈيۈك تۇركلەر) نى تىلغا ئالغان ھەم ئۇلار شەرقىي تۈركلەر ۋە غەربىي تۈركلەر دەپ ئىككى بۆلەككە ئايرىلغان دېيىلگەن، ئەپسۇسلىنارلىقى بۇنىڭدىن كېيىنكى تېكىستلەر كەمتۈك ئىدى. بۇ بىر جۈملە سۆزدە پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيانى ئازراقلا تىلغا ئالغان. مۇبادا ئۇنى تەپسىلى بايان قىلىدىغان بولساق بەكلا يىراققا كېتىپ قالدىغاندەك قىلىمىز شۇڭا «بەگلەرنىڭ تىزىملىكى» (catalogue of the principalities) دىنمۇ قىممىتى بار ماتېرىياللارنى تاپقىلى بولىدۇ. «بەگلەرنىڭ تىزىملىكى» دە ئاساسەن تارىختىن ئالگىرىكى تىبەت مەزگىلىدىكى دۆلەت، قورغان- قەلئە، ھۆكۈمرانلار قارتارلىقلار مىسال كەلتۈرۈلگەن بولۇپ تارقىلىشچانلىقى دىنى دەستۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمىغا توپتىن ئوخشىمايدۇ ئۇ بىردەم يىغىنچاق بولسا بىردەم چىچىلاڭغۇ ئىدى. دۇنخۇاڭدىن بايقالغان

www.kitaphumar.net

بىر پارچە پالنامىدە «بەگلەر تىزىملىكى» ساقلىنىپ قالغان ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن 12 دۆلەتتە مۇنداق دىيىلگەن:»

snam_brgyad Byan_ ka, دۆلەتتىدە، leg su_ba,_ba قەلئەسىدە، Drugu نىڭ خوداسى بولسا yol tam (t[e]n)ri پادىشاسى Hir_kim ۋە Dar_kan، ۋەزىرى Dur_rgyus ۋە A_ma_ ca قۇراللىرى Nag_drug ۋە A_ma_ca، ئاتلىرى بولسا Hal_cun ۋە Thog_ bya_ rmad دۇر.» (پائۇل پېللىئوت تىبەتچە ھۆججەتلەر. 1060 ـ نومۇر)

ئەمدى بۇ ماتېرىيالنىڭ تۆۋەندىكى ئىنچىكە تەھلىلگە قاراپ باقايلى:

(1) دۆلەت نامى ساپ تىبەتچە بولۇپ ئۇنىڭ شەكلى Byan_ka snam_brgyad/ sham_brgyod)Byad/ byan_ka_snam_ gynd ئەسلى تېكىستتە شۇنداق) ھەمدە Byan_ka snam_ biz نىڭ مەنىسى «شىمالدىكى سەككىز (ياكى رايون» دېگەنلىك بولۇپ باشقا ھۆججەتلەردىمۇ بولۇپمۇ مىيت ئۇزۇتۇش ۋە پىرخونلارنىڭ ھېكايىلىرى ھەمدە، ئەڭ يۇقىرى ئىلاھنىڭ بەلگىسى بولغان ياۋا قاتازلارنىڭ تورۇشلۇق ئونى شۇنداقلا قوتاز، تىكە ۋە كىيىك ئوۋلاش سورۇنلىرىدىمۇ كۆزۈلىدۇ، شۇڭلاشقا، داستاندىكى تىبەتنىڭ شىمالدىكى ئېگىزلىك نامى بىلەن بىرلىشىشىمىز لازىم، بىراق «بەگلەرنىڭ تىزىملىكى» دىكى «شىمالدىكى سەككىز رايون» مۇقىم يەرنى كۆرسەتمەيدىغادەكمۇ قىلىدۇ.

(2) قەلئە نامىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكى تۈرك تىلىدىكى 1.9 ـ ba (بالىق، شەھەر) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. قەلئە نا مىنىڭ بىرىنچى بۆلىكى ئەسلى شەكلى بويىچە بولغاندا چۈشەندۈرۈش بىر قەدەر تەس، بىراق ھۆججەتتە ھەمىشە خاتالىق كۆرۈلىدۇ. مۇبادا بىز ba_leg su_ba نى su_ba_leg غا تۈزەتسەك su شەھىرى دەپ ئىنىق بىكىتەلەيمىز، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانولۇتاتتىن تۈرك) گە ئاساسلانغاندا، su (شۇ) بالىق بالا ساغۇنىنىڭ يېقىن ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ ئەينى چاغدىلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

(3) دۆلەت ئىلاھى Drugu نىڭ ئىلاھى (تۈرك ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلاھىنى كۆرسىتىدۇ) دۇ، ئىلاھ ئىسمى yol tan_er (ياكى (t[e]n_er شىمالدىكى تۈرك تىلى yol ton ru نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. دۇنخۇاڭدىن بايقالغان بىر پارچە پال كىتاۋىدىمۇ بۇ ئىلاھ نامى تۇرۇلگەن.

(4) بەگ ـ تۈركلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرى hir_kin دەپ ئاتالغان بۇ نامىمۇ «شىمالدىكى كۆپلىگەن دۆلەت پادىشالىرىنىڭ خانلىق ئەنئەنىسىنىڭ بايانى» دىگەن ھۆججەتتىمۇ كۆرۈلگەن بولۇپ Bas_smel (تۈركىي تىلىدىكى قەبىلە باسمىللار (Basmil) نى

www.kitaphumar.net

كۆرسىتىدۇ) زىمىندىكى ئىككى قەبىلە ئاتامانىنىڭ نامى ئىدى. بۇ نام تۈرك تىلىدىكى irkan/irkin ـ hirkin (ئىركىن) نى كۆرسىتىدۇ.

(5) باشقا بىر خانىنىڭ نامى بولغان dar_kan تۈرك تىلىدىكى يۇقىرى ئەمەل نامى tar qan نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى.

(6) تىلغا ئېلىنغان بىرىنچى ۋەزىرنىڭ ئىسمى Dur ـrgyus باشقا بىر نەتىبەتچە ھۆججەتتىكى قەبىلە نامى Dur_ gyis/Du_rgyus نى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈرك تىلىدىكى Turgis/turgis دىن كەلگەن. مىللەت تانى ۋەزىر نامىغا ئىشلىتىش «بەگلەر تىزىملىكى» نىڭ تۈزۈلۈش ئەھۋالىغا بەكلا مەس كىلىدۇ. «بەگلەر تىزىملىكى» دە ئاساسەن قەبىلە نامى بىلەن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ۋەزىرلىرىنى ئاتىغان.

(7) باشىر بىر ۋەزىر بىلەن بىرگە ئىككىنچى قولمۇ «A_ma_ca) دەپ ئاتالغان بولۇپ باشقا قەدىمكى تىبەت ھۆججەتلىرىدىكى mcha/a_ma_cha/a_ma_ca ۋە خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى «支 ？阿¿غا يەنە خوتەن ساك تىلىدىكى ama ca ـ سانسكرىت تىلىدىك amatya پالى تىلىدىكى amacca غا توغرا كىلىدۇ. شىنجاڭدىكى نورغۇن بەڭلىكلەر (مەسىلەن خوتەن، قوچۇ) تىبەتلەر ئىگەللىۋېلىشتىن ئېلگىرى ياكى ئىگەللىۋالغاندا بۇلارنىڭ ۋەزىرلىرى شۇنداق ئاتالغان. ئەڭ دەسلەپتە جۇڭگۇ تەگرىقۇتى ھەتتا خوتەن ۋە كۇچا ناخلىرىغىمۇ (政 ？阿 دىگەن ئاتاقنى بەرگەن.

(8) بىرىنچى قول Nag_ drug دەپ ئاتالغان. بۇ قەدىمكى تىبەتچىدىكى بىر بىرىككەن سۆز بولۇپ «قارا Dru_gu» (تۈرك ياكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى كۆرسىتىدۇ) دىگەن مەنىدە ئىدى. بۇ بىرىككەن سۆزنىڭ شەكلىنىشى تۈرۈك تىلىدىكى qara budun (پوقرا دىگەن مەنىدە) دىگەن سۆزنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق بىر خىل قىياس ئۇنىچە پوت تىرەپ تورالمايدۇ، چۈنكى قەدىمكى تىبەت تىلىدىكى Nag_po نىڭ قوشۇنى بار ئىدى يەنى «قارا» ۋە «ئادەتتىكى» دىگەنگە ئوخشاش.

(9) ئات ئىسمى بولغان Tohg_bya_rmad ۋە Hal_cun نى ئىزاھلاشقا ئامالىم يوق. Hal_cun دىگەن سۆزدىكى Hal تۈرك مۇڭغۇل تىلىدىكى Hala_ala (ئالا ئات) دىگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، بىراق سۆز ئارقىسىدىكى cnn نى دەلىللەش بىر قەدەر قىيىن.

ئەمدى تۆۋەندىكىدەك خولاسىگە كېلىمىز، پالنامە ئاپتورى ئىلگىرىكى داستانلاردىكى تىبەتنىڭ شىمالى قىسمىدىكى ئېگىزلىكلەرنىڭ نامى بولغان «شىمالدىكى سەككىز رايون» ئارقىلىق شىنجاڭ ۋە تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈرك دۆلەتلىرىنى ئاتىغان. بۇ قاراشنى

ئىسپاتلايدىغان يەنە ئىككى نوقتا بار. ئۇنىڭ بىرى تىبەتلەر (بولۇپمۇ دۇنخۇاڭدىكى تىبەتلەر) نىڭ شىمالدىكى رايونلار 8-9- ئەسىرلەردە تۈرك تىلىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دۆلىتىنى كۆرسىتەتتى، ھەرگىزمۇ تىبەتنىڭ شىمالدىكى ئىگىزلىكىنى كۆرسەتتى، بۇنىڭ ئىككىنچىسى پال ئات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. دۇنخۇاڭدىن بايقالغان ئات بېقىش كىتاۋى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تەگرىتاغ ئەتراپىدىن چىقىرىدىغان ئاتلىرىنىڭ تىبەتلەرنىڭ قارىش ئىلىشىغا مۇيەسسەر بولغانلىقى ئېنىق خاتىرىلەنگەن ئۇنداقتا، «شىمالدىكى سەككىز رايون» تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئېنىق قورۇلمىسىغا ۋەكىللىك قىلامدۇ- يوق؟ يەنىلا بىر مەسىلە. «بەگلەر تىزىملىكى» نىڭ مۇئەللىپى ئەنئەنىۋى ماددىلار ئاساسىدا ئاددىيلا تۈركلەر ۋە شىنجاڭلىقلارنىڭ ھەرخىل ناملىرى، ئەمەل- مەنسەپ ناملىرىنى تىلغا ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

(10)

قەدىمكى تىبەت تىلىدىكى ھۆججەتلەردە يەنە بەزى مەخسۇس پەنلەرگە ئائىت ئەسەرلەر ساقلىنىپ قالغان. تارىخى ماتېرىياللار نوقتىسىدىن ئېيتقاندا ئالدى بىلەن بىر قىسىم كىتابلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەك. مەسىلەن، 802- يىلى ياكى 814- يىلى تۈزۈلگەن «ئىسىم مەنىلىرىنى تەرجىمە قىلىش لۇغىتى» (Mahavyutpatti) دا قەدىمكى تىبەت تىلىدا شەرھىلەنگەن بىر قىسىم سانسكرىت تىلىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائى تەرەپلەردىكى سۆزلۈكلەر ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭدىن باشقى 10- ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 11- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا ئائىت بىر دانە سانسكرىتچە- تىبەتچە لۇغەتتە خان- تۈركلەرنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان 10- ئەسىردىكى تىبەت خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن تىبەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بەگ- تۆرىلەرگە ئائىت ئەڭ بۇرۇنقى ماتېرىيال ئىدى، باشقا بىر قىسىم مەخسۇس ئەسەرلەر. مەسىلەن تىبابەتچىلىك، ئات دوختۇرلىقى، ئات بېقىش ئىلمى قاتارلىق جەھەتتىكى كىتاپلار ۋە كالىندارچىلىق ۋە جەدۋەل قاتارلىقلار تىبەت مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى قىممەتلىك بار. ماتېرىيالدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ماتېرىياللار ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىك بار بولغىنى بىر ئاز قىسقارتىلغان تىبەتچە- خەنزۇچە سۆزلۈك (pelliot tobetain) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەلۇم مىللەتنىڭ تىبەتچە تەرجىمە نامىنى تەتقىق قىلغاندا، بۇ سۆزلۈكنىڭ ناھايىتى پايدىلىنىش قىممىتى بار. مەسىلەن: A-za= تويۇۇن

www.kitaphumar.net

Dru-gu= ئۇيغـۇر Drugu-rgyal-po= ئۇيغـۇر قاغـانى A-za-rje- تويغـۇن پادىشاسـى قاتـارلقلار ھـېچ بولمىغانـدا ئىلگـىرى Dru-gu نـى تويغۇنلار دەپ قاراشـنىڭ پۇت تـىرەپ تورالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىكى Dru-gu بىۋاستە ياكى ۋەستىلىك ھالدا «تۈرك» دېگەن مىللەت نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. يەنە مەسىلەن. Sog-po (ئوتتۇرا ئاسـىيالىقلار، سـۇغدىلارنى كۆرسـىتىدۇ) دېـگەن سـۆز يېقىنقى يىلـلاردا مۇڭغۇللارمۇ sug-po دەپ ئاتاشقا ئۆزگەرگەن بولۇپ ئەڭ دەسلەپتە ئوتتۇرا ئاسـىيادىكى ئىـران تىلـىدىكى خەلقلـەر بەزى سـوغدىلارنى يـاكى خوخمـان دېگەنـدەك سـاكلارنى كۆرسەتكەنلىكىنى ياخشى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

دۇنخۇاڭدىن بايقالغان بىر پارچە ئاتقا قاراشقا ئائىت كەمتۇك ھۆججەت ( pelliDt tibetani 1066No) بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئاتقا قاراش ئىلمىي تونۇرىسىدىكى بىلىمىمىزنى تېخىمۇ كۆپەيتتى، ئات باقمىچىلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادى ۋە ھەربىي ئىشلىرىنىڭ مۇھىم ئىلمى ئىدى. كەمتۈك ھۆججەتتە بىر قاچە تۇياق تىبەت ئېتى بىر تاق تىبەت ئېتى ۋە بىر تۇياق A-za (تويغۇن) ئېتى باھالانغاندىن كېيىن ئارقىدىنلا: «قارلۇق ( qar luq,gar-log) ئات كۆرۈش ئۇسۇلى: ئۇچ چوڭ ئۇچ كىچىك بولسا ئەڭ ياخشى، ئۇچ چوڭ قايسىدۇ؟ دەپ سورالسا: كۆزى چوڭ، بۇرۇن تۇمشۇقى چوڭ، تۆشى چوڭ، ئۇچ كىچىك قايسىدۇ؟ دەپ سورالسا: قۇلىقى كىچىك، جىنسى ئەزاسى، تۇياق بوغمى كىچىك دىگەنلىكتۇر» دېيىلگەن. بۇ بۆلەكتىكى ماتېرىياللار 8-10-ئەسىرلەردىكى يايلاق ئاتلىرىنىڭ سۆپىتىنى بېكىتىش ئۆلچىمىنىڭ بوگۇنكىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئاتنىڭ سىرتىغا قاراش ئۆلچىمىنىڭمۇ بۈگۈنكى ئۆلچىمى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەنبە:«دۇنخۇاڭشۇناسلىق مەجمۇئەسى» 1986- يىللىق 1- سان (خەنزۇچە) دىن ئېلىندى.

www.kitaphumar.net

# بىزگە مەمتىلى ئەپەندىدەك ئوغلانلار كېرەك!

**داۋۇت ئوبۇلقاسىم**

يالقۇن روزىنىڭ «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى»نىڭ 1996 – يىلى 12 – ئاينىڭ 17 – كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان «مەمتىلى ئەپەندىگە مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدىكى«مۇنداق بىر ئۇلۇغ مائارىپچىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىك شېئىرلىرى ۋە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئىش – پائالىيەتلىرى مىللىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلسە ئەجدادلار ئۇچۇنمۇ، ئەۋلادلار ئۇچۇنمۇ خاسىيەتلىك ئىش بولاتتى... ئۇنىڭ سۈرىتى ۋە شېئىرى قوشۇپ ئىشلەنگەن تام رەسىمنى نەشر قىلىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىمىزنىڭ سىنىپ، ئىشخانىلىرىغا ئېسىپ قويساق باللارغا تەربىيىۋى ئەھمىيىتى تېخىمۇ ياخشى بولاتتى» دېگەن مۇراجىئەتى بىر تەقەززالىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلغانىدى. بۇ خىل تۇيغۇ بارغانسېرى ئۇلغىيىپ شىنجاڭ مەدەنىيىتى 1997 – يىللىق 1 – سانىدا بېسىلغان «شائىر ۋە پەيغەمبەر» ناملىق بۇ ماقالە پەيدا قىلغان مۇجمەللىكنى ئەقلىنىڭ سوتىغا تاپشۇردى. بىزگە زادى قانداق ئادەملەر كېرەك؟

باللارنىڭ تۈگمەس ئويۇنلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. سەن ئاپا بول، مەن دادا بولاي. ئۇ بالام بولسۇن، ئۆي تۇتۇپ ئوينايلى. سەن دۈشمەن بول، مەن ھەربى بولاي. ئېتىشىپ ئويناپلى... پاك، پاك... ئۆلمەمسەن؟... چوڭلار نېمىشقا مۇشۇنداق خىيالغا كەلگەنلىكى ئويۇنلارنى تېپىپ ئىشقىلىپ ئويناپدىغان بالا بارمۇ؟ مۆرەيدىغان كالا بارمۇ؟ دەپ ۋاقراپ ئۆز ئويۇنلىرىنى ھېچقانداق توسالغۇسىزلا باشلىيالمايدىغاندۇ؟

چۈنكى، چوڭلار تۇيغۇدا نېمە بولسا شۇنى قىلىشتىن تۇيغۇنى باھالاپ ئىش قىلىش مۇقامىغا يەتكەن. شۇ تاپتا ھېسسىيات، تۇيغۇ دەيدىغان ئوقۇملار گادىرماچ پىتى كاللامدا تۇرۇۋېتو. بۇ يەردە ئۇنى ئايرىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق بولسا كېرەك. چۈنكى دىمەكچى بولغۇنۇم ھازىرقى نەزىرىمدىكى شائىر ئاشۇ باللارغا ئوخشايتتى. راست، پەيغەمبەرنىڭ روھى جەھەتتىن يۆلەنگەندەك خۇداسى بولغان بىلەن شائىرنىڭ ئۆز تۇيغۇسىدىن باشقا ھېچنىمىسى يوق. بىراق مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇ تېخىمۇ بۈيۈكمۇ؟

www.kitaphumar.net

نېمە دېسەم بولار. بەلكىم ئاندىرسوننىڭ «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى» دېگەن چۆچەكتىكى ھىلىقى بالا مۇشۇنچىلىك تاتلىقتۇ. ئەمما ـ تاماق ئېتىش ئەلمىساقتىن تارتىپ ئاياللار قىلىۋاتقان ئىش. قىزىق يېرى ئاياللاردىن چوڭ ئاشپەز چىقمايدۇ. ئاشپەزنىڭ ئۇستىسى يەنىلا ئەرلەر. بۇ ئاياللارنىڭ دۆتلىكى ئەمەس بەلكى ئاياللار ئەرلەردەك بارلىق ھېسسىياتتىن خالىي ھالدا بىر نېمىگە ھۆججۇم قىلالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ھامىنى ئەرلەردەك ئىش قولاشتۇرالمايدۇ.

ياق مەن قولاشتۇراي.«پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى»دىكى بالىنىڭ ئوماقلىقىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ تۇراي.ھەر ئىش ئۆز يول- يوسۇنى بىلەن بولسۇن. بۇ بىر مۇقامىمۇ ياكى مۇشۇنداق بىر ئالەمگە تۆرىلىپ قالغانلىقتىن بولىدىغان ئۆزىنى ئۆزى بوغۇشمۇ؟... ئەسلىدىم. نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلىدىم. يوھان كرىستوفنىڭ دوستىنىڭ ئايالىنى ئاشنا ئوينىغانلىقىنى ئەسلىدىم. قايسىدۇر شائىرنىڭ بىراۋنىڭ چىرايلىق خوتۇنىنى ئارقىغا سىلىۋالغانلىقىدىن ئەر بولغۇچىنىڭ ئۇنى ئۆزىگە باغلاپ پارتىلاپ ئۆلىۋالغانلىقىنى ئەسلىدىم. توغرا شېئىر دېگەن قارىسى سىيا ئېقى قەغەز بىلەن مۇزىكىلىق يالغۇنلۇق قىلىپلا يېزىلغان نەرسىمىدى؟ ياق خەت، سۆز، مۇزىكا دېگەن ۋاستىغۇ. ئۇنداقتا چوقۇمكى ئىساننىڭ يۇرۇش-تۇرىشى، ھاياتى، ھەر كەلمىشلەردىكى ئىپادىلىرىنىڭ ھەممىسى شېئىر. ئەمما بىز ئەجىبا قىززىقچىلىقتىكى يۇرۇش - تۇرۇشلارنىڭ قىززىقچىلىقىغا ياكى مەسئۇلىيەت سەزگۈسى يوق ئادەملەرگە ئامراقمۇ؟ ...

شۇنداق ئويلايتىم. ئەدناسى ئاتالمىش بۈيۈك شېئىرلارنى يازغانلارنىڭ قولىغا كەتمەننى تۇتقۇزۇپ ئېتىزغا ئۈچ تۆت كۈن چىقىپ باقە دىگىلى بولارمۇ؟ ئاز – تولا پۇلنى قولىغا بېرىپ بىر سۆەت ئالما سېتىپ باق دېگىلى بولارمۇ، ئۇلاردا قايسىدۇ بىر سودىنى قىلغۇدەك تەۋەككۈلچىلىك چىدام بارمىدۇ؟ قىزىق يېرى مەن ئۇلاردىن مۇشۇنداق گۇمانلارنى قىلىمەنكەنۇ، ئەمما يەنە ئۇلارنى شېئىر يازالايدۇ دەپ ئىشىنىدىكەنمەن. شېئىر بىر روھ بولىدىغان بولسا بۈيۈك بىر سەلتەنەتنىڭ ئۆرە بولىشى بولىدىغان بولسا، مۇنداق چوڭ ئىشنى قاملاشتۇرغان ئادەمگە كېرەك بولىدىغان پەزىلەت. ساپا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە تۆۋەن تۇرىدىغان ئىشنى قاملاشتۇرىدىغانغا ئەجەب يەتمەيدىكىنە؟

شېئىر. شېئىر ئەمدى بىلدىم. كۆز ئالدىمغا مەسچىتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئولتۇرۇپ، «ئەلھەمدۇلىللا» دەپ زىكرى قىلىۋاتقان نىمجان بوۋايلار كەلدى. ھەقىقىي نەرسىنى، دورىۋالغان، ئادەت قىلىۋالغان، مەجھۇل قىلىقلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزى مۇستەقىل قىلغان قىلىقلاردىن ئىزدەش كېرەك. مەن مۇشۇنداق كۆز بىلەن ئۇلارغا نەزەر سېلىپ نېمە

www.kitaphumar.net

دېيشنى بىلمەي قالغانىدىم. ئايان بولدىكى، شېئىر ھازىر بىز چۈشىنىۋاتقاندەك بولىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ ھاياتى ھەقىقەتەنمۇ بىر شېئىركەن تۇغرا شېئىرغا شائىرلار سۆزلىرىنى ئىشلىتىپ يازغان بولسا، ئۇلار ئۆز قەدەملىرى بىلەن، چىرايلىرى بىلەن، كىيىم – كېچەكلىرى بىلەن مىڭىش تۇرۇشلىرى بىلەن يېزىپتۇ. بۇرۇن ئۇلارغا مەسچىتكە جەننەتنىڭ تەمەسىدا، دوزاقنىڭ قورقۇنچىدا ۋە پاكى ئادەت كۆچى بىلەن كىرىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. بىلسەم بۇ ئاشۇ شېئىرنىڭ بىر مىسراسىكەن. راسكەن شائىر ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئاپتورى خاتالاشماپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن خۇداسى يوقكەن. شۇڭا ئابدۇقادىر داموللامنى پاتقۇزماپتۇ. شۇڭا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئالايتەن ئىشەكلىك ئۈرۈمچىگە بىرىپ شىڭشىسەيگە چېقىپتۇ. شۇڭا بىر يۇرتنىڭ ئالىي ئەھلى ئىلىملىرى بولغان موللا ئاخۇنلار قورال تۇتۇپ سالاچىلىق قىلىپ تۆمۈر خەلپىنى ياك زىڭشىڭغا سولاپ بېرىپتۇ. شۇڭا نەچچەلەك نەچچەلەك ئادەم قەدەمدە بىر پۈتلىشىپ تۇرىۋاتقان ياخشىلىق ۋە زۆرۈرىيە- تلەرنى ھەقلەرنى كۆرمەي جەننەتنىڭ پاسپورتىنى ستتۇلىش ئۈچۈن خۇداغا ئارقا ئىشىك قىلىپ ئاتالمىش ھەجگە كېتىۋېتىپتۇ. ھەج قىلىش ئۈچۈن ھەج قىلىۋېتىپتۇ. شېئىر يېزىش ئۈچۈن شېئىر يېزىۋېتىپتۇ. بىز ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق چىدامىلىقلىقىغا سۆيۈنىمىزمۇ؟

مەن تۆگىمەس-پۈتمەس شېئىرلارنىڭ ئىچىدە قالدىم. راست، پاراس -پۇرۇس قىلىپ ئېيتىلىۋاتقان قەرت ئاۋازىنى رىتىم قىلىپ تۇرۇۋاتقان سورۇن نېمىشقا شېئىر ئەمەسكەن؟ 500 روھنى يىغىۋالغان بەدبۇي مەرىكە زالى نېمىشقا شېئىر ئەمەسكەن. ئەتتىگىنى قوپۇپ كەچتە ئۇخلاپ يۈرگەن تەپتىسىز روھ نېمىشقا شېئىر ئەمەسكەن. يالغۇز يەردە شۈمشىيىپ ئادەم بار يەردە گىدىيىشىپ يۈرگەن قىزلىرىمىزنىڭ ھاياتى نېمىشقا شېئىر ئەمەسكەن! بىزنىڭ بۇ شېئىرلارنى پەقەت سۆزلەر بىلەن قەغەز يۈزىدە ئىپادە قىلىپ بېرەلمىگەنلا يېرىمىز بارغۇ! ئەلە شەرىڭنى بىزدە شائىر دېگەن نېمىدېگەن تولا!

تووۋا بىزدە ئاشۇنداق لامزەللە، بىكار تەلەت، گۇپپاڭچى، تۇتامسىز، گەپتان، سۆلەتۋاز، قۇرۇق ھەتتەم، غىتىمەك، يالاقچى، غورورسىز، پۇرسەتپەرەس، ئالاجوقا، ياسالما، بىلىمسىز، قوڭى بوشلار نېمىدېگەن تولا. پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئۇلۇغ ئادەملەر نېمىدېگەن تولا! شۇڭىغا بىز «ئالغا كەتكەن خەلق» بولۇپ يۈرۈپتىكەنمىز ـ دە؟ياق ئۇ شېئىر ئەمەس، ئۇ «شائىر ۋە پەيغەمبەرنىڭ» ئاپتورنىڭ نەزىرىدىكى شېئىر.

ئۇنداقتا شېئىر دېگەن قانداق بولىدۇ؟

www.kitaphumar.net

ئۆتكۈر ئەپەندى قاتارلىق پىشۋالىرىمىز، مەن شېئىر يازىدىغان ئادەم، دەپ تۇرۇۋېلىپ تارىخى تېمىلارنى تۇتمىغان بولسا ئابدىخالىق ئۇيغۇرى ئەكسىيەتچىلەرگە قوراللىق قارشى تۇرۇش ئۇچۇن ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي مەدەنىيلىك يولىغا ماڭماي ئۆز سودىسىنى قىلىپ سىڭگەن نېنىنى تىنچ يەپ، ئۇ بۇ تۇيغۇنى سۆزلەپ قويۇپ يۈرگەن بولسا قانداق بولغان بولغىيتى؟ ئاكا-ئۇكا موسا بايلار مەكتەپكە چىقارغان خىراجەتنى دەۋرداشلىرىنىڭ يوسۇنىدا 10～20 يېتىمگە50～60 قازانلىق نەزىرگە ئاتىۋەتكەن بولسا قانداق بولار بولغىيتتى؟...

شۇنداق شېئىر يوقاپ كەتسە جاھان ئاشۇنداق زۇلمەت بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا دۇنيادا ئىچىدىن چىققان ئوغلانلار بىلەن پەخىرلەنمەيدىغان ھېچ ئەل يوق.

※※※※※

ئەسلى مىلادى 1 – ئەسىردە ئىنسانلار ئىنسانلىقتىن ئىبارەت ھەممىگە ئورتاق بۇ كونكىرت ھەقىقىي ماھىيەتتە بىرلىككە كېلىشكە باشلىغانىدى. بىراق، تارىخى ئۇستۇنلۇكلەر قارشىسىدا ھەرقانداق ماددى مەنىۋى مەۋجىتلۇقنىڭ پايدىسىز پايدىلىقلىغىغا قارىماي، ئىنسانلىقنى قۇتۇپ قىلىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدۇدىكى ئەقلى قاناەت ۋە قەلبىتىكى كۈچنى يۇغۇرۇپ كىشلەردە ۋىجدان بىلەن تۇتاشقان پىكىر پەيدا قىلالىغان بۇ بىرلىشىش بىلەن تەڭلا ئەخلاقىي،ئېڭى نوپۇزلارغا بولغان قۇللۇق ئىنساننىڭ بوينىغا مىنىپ بارا - بارا ئۇنى دەپسەندە قىلغۇدەك زورىيىپ كەتتى. دىن ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ئەبىدىلىگى بىلەن بولۇۋاتقان كېڭىيىش كۈچىنى يوقاتتى. مىلادى 631 – يىلىغا كەلگەندە بۇ مۇقەددەس ئىش پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى بىلەن قايتىدىن ھاياتىي كۈچىنى تاپتى. مىجەز جەھەتتىكى تاكاممۇللۇق مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدىكى مۆتىۋەرلىك ئورنىنى بەلگىلىدى. پۈتۈن ساھە مانا مۇشۇ ئەۋزەللىك بىلەن ھاياتى كۈچگە كەلدى. ئىللىقلىققا چۆمدى. پايدىلىق نەرسىلەرگە خەلق قۇچاق ئاشتى. 7- ئەسىردىن 9 - ئەسىرگىچە تەرجىمە پائالىيتى قانات يېيىپ گىرك مەدەنىيتىنى زور كۆلەمدە قوبۇل قىلىندى. ئىسلام ئىدىئولوگىيىسى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلدى. بو سىستېمىغا لوگىكا شۇنچىلىك يۇغۇرۇلۇپ كەتتىكى، ئىنسانىيەت تارىخىدا مۇنداق ئىلمىي ئېتىقاد نەزەرىيىسى بولۇپ ئاقمىغان ئىدى. ئىسلام ئەدلىيىسى بولسا گېئومېترىيىلىك، دەلىللەش، كېسىم قىلىش ئۇسۇلىنى تولىمۇ ۋايىدا قوللۇنۇپ مۇكەممەللىك ياراتتى. مۇشۇنداق زور مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىلارنىڭ ئوتتۇرىغا

www.kitaphumar.net

چىقىشى، رىئاللىق، ھېسسىيات، ئەقىل، دىن، ئەدلىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئېنىق ئاجرىتىلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ پىكىر قىلىشىنى زور ئەۋزەللىككە ئىگە قىلدى. شۇنداق قىلىپ خرىستىئان دۇنياسى ۋە ئىسلام دۇنياسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ غالىپلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ دەۋران سۈرمىكى يوقىرىقلارنىڭ تەتىجىسى بولۇپ پىشانىگە پۈتۈلدى. نۇرغۇن زېمىنلىرىنىلا ئەمەس، مۇقەددەس جايلىرىنىمۇ مۇسۇلمانلارغا تارتتۇرۇپ قويغان خرىستىيانلار غەزەپ بەپرەتكە كېلىپ 7-8 قېتىم ئەھلى سەلىپ تەشكىللەپ مۇسۇلمانلارغا جازا يۈرۈشى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشلار ئۇنداق قىلىپ، مۇنداق قىلىپ يەنىلا پىشانىسىگە يېزىلغانىدەك بولۇۋەردى. ئۇلار ئاقۇۋەت 12-ئەسىردىكى يىلنامە پىرى ۋىلاننىڭ «دۇنيا ئادىل بۆلۈنمەيتىكەن» ئۇنىڭدىكى ئۈچ بۆلەكنىڭ بىرى بولغان ئاسىيانى دىنىي دۈشمىنىمىز ۋەتەن قىلىپ ياتماقتا. ئاسىيا شۇنداق بىر بۆلەككى ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇنى باشقا ئىككى بۆلەكنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ دېمىكى ھەقلىقتۇر. بۇرۇن بىزنىڭ دىنىمىزمۇ دەل جايىدىن چۆنەك تارتىپ كېيتىكەن. ئىككىيلەندىن باشقا بارلىق ساھابىلەر ئاشۇ زېمىندا ئۆلۈپتۇ. ئەمما ھازىر ئاسىيادىكى بەزى جايلاردا خرىستىئانلار بار بولىدىغان بولسا ئۇلار يەرگە مەجبۇرى باغلىنىپ تىرىكچىلىك قىلماقتا. ئۆز دۈشمىنىگە باج تاپشۇرماقتا. كۆڭلىدە ياردىمىمىزگە ئېرىشىشنى ئويلىسىمۇ يەنىلا غىلىك قىلالماي ياشىماقتا. دۇنيانىڭ ئىككىنچى بۆلىكى ئافرىقىدىمۇ شۇنداق. دىنى دۈشمەنلىرىمىز ئۇرۇش بىلەن ئۇنى بىسىپ ياتقىنىغا 200 يىلدىن ئاشتى. بۇ خرىستىئان دۇنياسىغا ناھايىتى زور بىر ھاقارەت. چۈنكى ئافرىقا دىن پېشۋالىرىمىزغا ئاش نان بەرگەن جاي ... ئۈچىنچى بۆلەك دۇنيادىكى قالدى قاتتى يەرلەر، يەنى ياۋروپا. بىز خرىستىئانلار ياۋروپانىڭ پەقەت بىر بۆلىكىدىلا ياشايمىز.مۇشۇمۇ خرىستىيانلىقىمىزدىن كەلگەن بىر ھىممەت.چۈنكى خرىستىيانلىقنىڭ شەرىپىنى كىممۇ ئىنكار قىلالىسۇن؟... دۇنيانىڭ بۇ بۆلىكى گەرچە بىزگە خاس بولسىمۇ، ئەمما ھازىرمۇ تۈرۈك چەۋەندازلارغا ئامالسىز خوش-خوش دەپ تۇرۇۋېتۇق.[1] دەپ يازغىنىدا ئىپادىلەنگىنىدەك ئۈمىدسىزلىككە، كەمسىنىشكە پاتتى.

ئاچچىق ئەقىلنى كېسىپتۇ دېگەندەك خرىستىئانلار ۋەھشىلىشىش، غالجىرلىشىش بىلەن ئۇچىغا چىقىپ بىر چاغلاردا ئىسپانىيىدە پەيدا قىلغان قانلىق پاجىئەلەردىن يېنىپ چىقتى. مۇسۇلمانلارنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشىتىپ ۋەھشىي قىلىۋېتىشتىن گۇمانلاندى. تەسەۋۋۇردىكى مۇسۇلمانلارنى ئەمەس ئەمىلىيەتتىكى مۇسۇلمانلارنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئىسلام دىنىغا بولغان غەزەپ نەپرەت ئۆز دىنىدىن گۇمانلىنىشقا ئۆرۈلدى. نۇرغۇن خرىستىئان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. نۇرغۇنى مەدەنىيەت جەھەتتە «مۇسۇلمان»

www.kitaphumar.net

بولسىمۇ، لېكىن بەربىر تەۋرەنمەس خرىستىئان مۇرتى بولۇپ قىلىۋەردى. «باش ئېپىسكوپ رايموند تولۇدودا تەرجىمە ئىدارىسى قۇردى. 1135 - يىلىدىن 1284 - يىلىغىچە بولغان 150 يىل ئىچىدە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى بايلىقى ئىتالىيە تىلىغا تەرجىمە قىلىندى»[2] ئىسپانىيە بۇ جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. نۇرغۇن خرىستىئانلار ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلار قۇرغان ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇدى. كوردىۋا قاتارلىق شەھەرلەر ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋروپانىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى.

ياۋروپالىقلار مۇشۇنداق قازاندا قايناپ ئاخىر ئىنسانىيەتنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈپ يەتتى. پەلسەپىسىدىكى ئاجىزلىقنى تونۇدى. مەيلى ئەدەبىي ئويغىنىش ھەركىتىنىڭ سەركىسى دانتىنىڭ ئەسەرلىرىدە بولمىسۇن ۋە ياكى مەدەنىيەتتە ئەرەب بولسىمۇ ئەمما خرىستىئان- لىقىدىن تەۋرەنمىگەنلەرنىڭ ئىسپانىيىدىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىنقىلابىدا بولمىسۇن، ھەممىسىدە ئاشۇ ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. ئىنسانىيەتنىڭ ھەر قانداق شەكىلدىكى، شۇئاردىكى دېپسەندە بولۇشىغا ئۆكتە غورۇر خاھىشى باش كۆتۈردى. بۇ بىر قەدەر قالاق دىنىدا تۇرۇپ ئىلغار دىنغا ئۆكتە قوپقاندا چېقىلىدىغان مۇقەررەر نەتىجە ئىدى.

ئەمما ئەكسىچە دەل شۇ مەزگىللەردە مۇسۇلمانلار خرىستىئانلارنى پەسكويلۇقتا چۈشۈرۈپ قويغان بويۇنتۇرۇقتا چۈشتى. گەرچە ئىسلام فىقھى ئىلمى يۇكسەك لوگىكا ئۇسۇلىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولسىمۇ بىراق، بۇ تەپەككۇر شەكلى فىقھى ئىلمىگىلا خاس بولۇپ قالدى. «جەمھۇل تارىخ»نىڭ ئاپتورى راشىدىنىنىڭ (7421~8131) چىڭگىزخاننى ئايەت ئايەت دەپ تىللاپ تۇرۇپمۇ،ئۇنىڭ ئاز ئەسكەر بىلەن كۆپ ئەسكەر ئۈستىدىن غالىب كېلىشىنى خۇددى ئىسلام ئۆلىمالىرى بەدرى غازىتىنى شەرھىلىگەندەك «گەرچە چىڭگىزخان ياش، ئەسكىرى قوشۇنى ئاز بولسىمۇ ئەمما ...ئاللاھ چىڭگىزخاننىڭ سەلتەنەتلىك بولۇشىنى جاھانگىر بولۇشىنى ئىرادە قىلغان. شۇنداق تۇرسا كىممۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلىسۇن» دەپ شەرھىلىگىنىدەك پىكىر قىلىش مودا بولدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ پىشانىسىگە ناكەسلىك پۈتۈلۈشكە باشلىدى. دەل مانا مۇشۇنداق ھالەت يۈز ئاچقىلىۋاتقاندا بىز ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلدۇق.

تۈرۈكلەرنىڭ مەدەنىيىتى ساغلاملىقتا ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى قۇللۇق مىتىلىرىنى يىمىگەن بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللىق تەبىئىيلىك، بىلەكلەرگە يىغقان كۈچ، روھقا يىغقان ساپ قۇۋۋەت ئىمان ئىسلام ئۇچۇن ئاتالىدى. يىگى قان بولۇش سۈپىتى بىلەن دەسلەپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىچىدىكى كۆرەشكە قاتناشتى. تۈرۈك مەدەنىيىتى ئەزەلدىن بار ئەۋزەللىك ئىسلام روھى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئاجايىپ سازلىق پەيدا قىلدى. 11

www.kitaphumar.net

– ئەسىردىن باشلاپ ئۇلار ئىسلام دۇنياسىدىكى رەھبەرلىك ئورنىغا چىقتى. كېيىن ياۋروپا دولقۇنىغا جاۋاپ بولۇپ قىرلاندى. شۇنداق ياۋروپا بۇ تەبىئىي ئەۋزەل قان ئالدىدا يەنىلا ئاجىز كەلدى. ئىنسانپەرۋەرلىك روھى پەيدا قىلغان روھى كۆچتۆكگۆرلۈك بەربىر تۆرۈكلەردىن ھالقىپ كىتەلمىدى. ئىچكى قىسمىدا پاش قىلىش، نارازلىق، ۋايساش، ئېچىنىش چوڭقۇرلاشتى. بىراق، يولدا بۇزۇلغان ماشىنىنىڭ يېنىدا تورۇۋېلىپ نېمىشقا شوپۇر ياساپ ماڭماپتۇ؟ مۇشۇنداقمۇ شوپۇلۇق بارمۇ؟ مەن نېمىدېگەن شور پېشانە دەپ يىغلاپ قاقشاپ يۈرگەن بىلەن، ماشىنا گۈرردە ئوت ئېلىپ مېڭىپ كەتمەيدۇ – دە.

شۇنداق قىلىپ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى باشلىنىپ، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى جەمئىيەت رەستىلىرىدە رەسمىي تارقىلىپ 200 يىلىغىچە قوزغالغان ماشىنا ئوت ئالغىچە تۆرۈۋەردى. تالاي – تالاي پاش قىلىش، سۆكۈش، پائالىيەتلىرى بولدى. نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەر يېزىلدى. گۇمان بارغانسېرى ئۇلغىيىپ باردى. غەزەپ – نەپرەت تاشتى. ئاشۇ غەزەپلەر ئارقى چىقمايدىغان ئىنقىلابلارغىمۇ ئانچە مۇنچە سەۋەپ بولۇپ تۇردى. بەس! ئاخىرى بالاغەتلىك ئادەم چىقتى. ئۇلار دەسلەپ سىياسى ھوقۇق بىلەن دىنىي ئايرىشنى رەسمىي تەشەببۇس قىلدى. كېيىن، ئېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىدىيە ۋە مائارىپىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى. خەلقنى تەربىيلەيلى، مائارىپنى تۇتايلى، دەپ كېسىم قىلدى. ئىتالىيەدىن ۋېرگېرۋىس (1349-1420) بارزىززا (1370-1431) گورىند (1374-1460) گوللاندىيەدىن ۋېسل (1420-1489 ئەنگلىيىدىن لىلي (1466-1529 كولېت (1467-1519) ئېراسمۇس (1469-1536)فىرانسىيەدىن بۇدى (1467-1540) قاتارلىق مائارىپ ئىسلاھاتچىلىرى پەرۋىشچىلەر چىقتى. «1423-يىلى ۋىتتورونى ئىتالىيەدىكى مانتودا تۇنجى قىسىم ئىنسانپەرۋەرلىك قىممەت قارىشى بويىچە تەشكىللەنگەن 60 كىشىلىك يېڭىچە مەكتەپ ئاچتى.»[3] 1463 - يىلى گوللاندىيەدە «ئاۋام تۇرمۇشىنى باراۋەرلەشتۈرۈش قېرىنداشلار جەمئىيىتى» قۇرۇلۇپ زور كۆلەملىك يېڭى مائارىپ ئەمەلىيىتىنى باشلىدى. لېكىن يېڭى مائارىپ روھىي بىلەن 1200 يىللىق ئېتىقاد بىر – بىرىگە ئانچە خۇشتار ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇ ئەيىنى دەۋردە مائارىپ تەرەققىياتىغا زور توسالغۇ بولدى. 1520 - يىلى مارتىن لۇت «رىم پاپىسى» «خرىستىئانلارنىڭ ئەركىنلىگى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ ئىنسانپەرۋەرلىك روھ بىلەن دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ باردى. مەكتەپ ۋە مائارىپ ئىسلاھاتىغا داغدام يول بەردى. شىمالي ياۋروپا خەلقى ئۇنىڭ بۇ ئىسلاھاتىنى قوللىدى ۋە ئىستىقبالىغا ھازىرلاندى.

www.kitaphumar.net

ئامېرىكىلىق مەشھۇر تارىخ ئالىمى ل گفايىت «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرىقى دەۋرلىرىدە ئەڭ تىلغا ئېلىشقا مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغىنى ھەرگىز بىر-بىرىدىن ھەشەمەتلىك ئاشۇ چېركاۋلار، شېئىرلار ۋە مەدرىس پەلسەپىلىرى ئەمەس، بەلكى تارىختىن بۇيان ئەمدى كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئاشۇ مۇرەككەپ مەدەنىيەت. بۇ مەدەنىيەت جان-جەھلى بىلەن ئىشلىگەن قۇل ياكى مېھنەتكەشنىڭ دۈمبىسىدە قۇرۇلغان ئەمەس، بەلكى ئادەم كۈچىنى ئىشلەتمەيدىغان مەنبەيى كۈچ ئاساسىغا قۇرۇلغان»[4] دەيدۇ. 1092 – يىلى 200 يىلدىن ئارتۇق مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا تۇرغان سىتسىلىيە ئارىلى قولدىن كەتتى.1221-يىلى ئىسپانىيە قولدىن كەتتى. ئۇ يەرلەردە مۇسۇلمانلار قۇرغان ئۈنۋېرسىتېت، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ، كەسپى مەكتەپلەر ناھايىتى تولا ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ پېتى ئىسپانىيىدە قالدى. ئۇلار يەنە شامال كۈچلىك تۈگمەن، سۇ كۈچلۈك سۇغۇرۇش ماشىنىلىرى، كېمسازلىق تېخنىكىسىغا ۋارىسلىق قىلدى.

ئىنسانپەرۋەرلىك روھ بۇ خوجايىنلارغا يېڭى ھاياتىي مۇھىت بولۇپ بەرگەچكە 15-ئەسىرگە كەلگەندە ئىسپانىيە ۋە پورتىگالىيىلەر ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئادەتتىكى كېمىلىرىنىڭ يۈك كۆتۈرۈشچانلىقى بىر ئىككى ھەسسە ئاشتى. پاراخوتلارنىڭ كۆتىرىشچانلىقى 600～800 توننىغا يەتتى. ھۈنەر سەنئەت ياۋرپاغا مۇشۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن تارالدى.

كېمسازلىق سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشى تەپەككۇرنىڭ يېتىلىش سودىغا يېڭى ئىمكانىيەت ئېلىپ كەلدى. بۇرۇنقىدەك دەسمايە ۋە سودا قىلىش ھوقۇقىنى بىر-بىرىدىن ئاجراتماي بىر قىلىپ تۇتۇپ سودا قىلىشنىڭ تېگىنى كۆرۈپ يەتتى. سودىگەرلەر، ھەتتا يانچۇغىدا ئېشىغۇدەك ئون كوي پۇلى بار پۇتۇن خەلق شېرىكلىشىپ سودا قىلىش يولىغا مېڭىپ سودا تېخنىكىسىنى جەھەتتە بارا-بارا تەشكىلى تۈزۈم ۋە كوللىكتىپنىڭ كۈچىنى كۆرىدىغان، سودا پائالىيىدە قانغا قاراپ باشقۇرغۇچى قويىشتىن ئىقتىدارغا قاراپ باشقۇرغۇچى قويىدىغان بولدى.دەسمايىنى توپلاپ ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلار بىلەن دەسمايىنى ئايلاندۇرۇشنى كەسىپ قىلغانلار ئايرىم بولدى. دەسمايە بايلىقنى توپلاپ باشقۇرىدىغان بانكا سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ سودىغا كەڭ ئىمكانىيەت بەردى. خرىستىئان دىنىنىڭ «ئۆسۈم ئېلىش ھارام» دەيدىغان پەتىۋاسىنى ئاشكارا چۆرىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ياۋروپانىڭ سودا ساھەسى زور رىقابەت كۈچىگە ئىگە بولدى. سودا يولى بىلەن بايلىقنىڭ قاياققا ئاقىدىغانلىقى ئېنىق بولۇپ قالدى. ئېچىنارلىقى شۇكى، بىز تا ھازىرغىچە سودىدا مۇشۇ باشلانغۇچ تېخنىكلارنىمۇ تۈزۈك قوللىنالمايۋاتىمىز.

www.kitaphumar.net

روسلار ئەسلىي ياۋايى خەلق بولۇپ، تاتار تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. 1598 – يىلىدىن ئىلگىرى ئۇلار غەربتە ئوب دەريا بويىدىن شەرقتە فىنلاندىيىگىچە ،شىمالدا مۇز ئوكياندىن جەنۇبتا قازان ۋولگاگىراد سىزىقىغىچە بولغان جايلارغا ماكانلاشقان ئىدى. ئۇلار چىڭگىزخان دەۋرىدىن تارتىپ تاكى 1500 – يىلىغىچە مىللىي زۇلۇمنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتتى. ياۋروپانىڭ ئويغىنىشى ئۇلارنىڭ دىنىي قېرىندىشى بولغان بۇ قوۋمگە يەتتى. ئۇلاردىن مىلتىق زەمبىرەكلەرنى ئېلىپ كىردى. ۋۇجۇد ئەۋزەللىگىنى ئېلىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 1550 – يىلى قازان خانلىقىنى يوقاتتى.بۇ مىلادى 1000۔ يىلىدىن 1500 ۔يىلىغىچە سۈرۈلگان تۈركلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقىنىدىن دېرەك بەردى. 1556 – يىلى ئاستىرىخان خانلىقىنى يوقاتتى. ۋە تەبىئىيلا تاتارلانى بۇ زېمىنلاردىن قوغلىدى. جاھاندا يېڭىش- يېڭىلىش بولۇپ تۇراتتى. ۋە تاتار تۈركلىرى بۇ تالاپەتتىن كېيىن تىنىمسىز قوزغۇلۇپ تاجاۋۇزچىلار بىلەن ئۇرۇشتى. رۇسلار بۇ جەرياندا ئۆزلۈكسىز تۈردە چېنىقتى ۋە يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلدى. ئاقىۋەت 1571۔ يىلى غالىبلارچە موسكىۋاغا باستۇرۇپ كىرگۈدەك تاتار رىقابەتچى 1591 ۔ يىلىدىن كېيىن مەڭ قىلغىنى بىلەن موسكوۋانىڭ ئالدىدىكى دەريادىن ئۆتەلمەس بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدە ئات سۈتى، قۇرۇت، ئىرىمچىكلەر بىلەن غىزالىنىپ چاقماق تېزلىكىدە جەڭ قىلالايدىغان ئالاھىدىلىكى، رۇسلار يېتىلدۈرگەن ئىقتىدار ئالدىدا ئاجىز كېلىپ قالدى. بۇ چاغدا تۈركىيمۇ ئاۋاستىرىيە- ۋىنگرىيە بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتاتتى. ئۇلار 1596۔ يىلى 10 ۔ ئاينىڭ 25 ۔ كۈنى ئۇچراشتى. ئىككىلا تەرەپ ئېغىر تالاپەت تارتتى. ئۇرۇش داۋاملىشىۋەردى. ئاقىۋەت 1606 ۔يىلى زىتۋا- تورۇك شەرتنامىسى ئىمزالاندى. تۈركىيە تۇنجى قېتىم ئۆزگە ئۆلپان تاپشۇرۇۋاتقىنىغا 100 يىل بولغان ئاۋستىرىيىنىڭ باراۋەرلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ كۈچ تەكشۈكلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپا يەنە تەرەققىي قىلدى. ئىنسانپەرۋەرلىزم ئىلاھىيەتچىلىكنىڭ بىلىش ۋەھيى ئارقىلىق بولىدۇ دەيدىغان پەتىۋاسىغا قارىتا بىلىش،كۆزىتىش ۋە تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ، دەپ زور تۈزىتىش كىرگۈزدى. ئىسلام دىنى خرىستىئانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا قىلغان دىنى گۇمان «بانكا ئۆسۈمى ھارام» دېگەندەك پەتىۋالارنىڭ چەتكە قېقىلىش تەجرىبىسى بىرىنچىچە يۈز يىلللىق تەرەققىيات خوشاللىقى بىرلىشىپ «پەقەت ۋە پەقەت غەربتىلا ئىلىم پەن جەمئىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. يەنى پەقەت غەربتىلا پەيلاسوپ، ئالىم ۋە ئۇستىكار بىر گەۋدىگە ئايلاندى.» [5] ئەمىلىيەت، تەجرىبە، پرىنسىپ ئوخشاش ئېتىبارغا ئېرىشتى. بوياقچى بوياقتىكى خىمىيلىك پرىنسىپلارغا

www.kitaphumar.net

پەرۋاسىز قاراپ بوياش بىلەنلا بولىدىغان، قۇرۇلۇشچى كۆندىكى مىخانىك پرىنسىپلارغا پەرۋاسىز قاراپ تامچىلىق بىلەنلا بولىدىغان سەركەردە ئۇرۇش پرىنسىپلىرىغا پەرۋاسىز قاراپ، ئۇرۇشۇش بىلەنلا بولىدىغان، جەمئىيەت گۇماندا قالدى.

بۇنداق جەمئىيەتنىڭ تەل تۆكۈس ناكەسلىك دەپ ھۆكۈم قىلىنىشىغا مۇنداق ئىشلار سەۋەپ بولدى. 1500 ـ يىللىرى كىشىلەر تىخىمۇ تىوغرا كالىنداررىنىڭ بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. پولشالىق كوپېرنىك دېگەن بىر كىشى بۇ ھەقتە ئۇزاق ئىزدەندى. ئۇ ئۇلۇغ تۈرك ئاسترونومىيە ئالىمى ئۇلۇغبېك تۈپلىغان سان ـسىفىرلار ئاساسىدا يەنىمۇ ئىزدىنىپ ئاخىر «پلانېتلارنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدە» دېگەن مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ چىقتى. بۇ پەننىڭ خرىستىئان دىنى ئىدىئولوگىيىسىگە بەرگەن تۇنجى پاكىتلىق زەربىسى ئىدى. 1543 – يىلى ئېلان قىلىنغان بۇ ئەسەر ياۋروپالىقلارنىڭ خرىستىئان دىنىغا بولغان گۇمانىنى تىخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. دىندارلار شاپاشلاپ قالدى. غالجىرلىشىپ بۇ تەلىماتنى ئوچۇق – ئاشكارە تەرغىب قىلغان بىرونونى ئوتتا كۆيدۈردى. سەممىي ئادەملەر پاكىتقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىگە:«پلانېتلار نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق ھەرىكەتلىنىدۇ؟ دەپ سوئال قويدى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى فىزىكىنىڭ پەيدا بولمىقى زۆرۈر بولۇپ قالدى. 1600 ـ يىلىدىن 1642 ـ يىلىغىچە بولغان ئارلىقتا گاللىيى بۇ پەننى گەپتىن گەپكەلىككىلەر (مىتافىزىكا) پاتۇرۇپ قويمايدىغان ئۇسۇلنى ياراتتى. تەتقىق قىلىش ماھارىتىنى شەكىللەندۈردى. تەجرىبە ئۇسۇلى بىلەن بىر قاتار مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. گاللىيىنىڭ ۋاپات قىلغان يىلى تۇغۇلغان نيۇتون 1687 ـيىلى «تەبىئەتنىڭ ماتېماتىكىلىق پرىنسىپى» دېگەن مەشھۇر ئەسەرنى ئېلان قىلىپ فىزىكا پېننى تىكلىدى. ياۋروپادىكى 600 يىلغا سوزۇلغان گۇمانى كەيىپ ئاخىر ئۆز «ئىنجىلىنى» تاپتى. ئېتىقادىنىڭ يەنە بىر ئىراسى باشلاندى. پەيلاسوپلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ياۋروپا يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويدى. ياۋروپالىقلارنىڭ پېشانىسىگە «يەڭگەك» دېگەن خەت پۈتۈلدى. 1763 ـ يىلىدىن كېيىن ياۋروپا مۇشۇ يەڭگەكلىكى بىلەن جاھانگىرلىك تەختىگە چىقىپ 1914 – يىلىغىچە پۈتۈن دۇنيانى بۆلۈشۈپ بولدى.

ئوسمانى تۈركلىرى ياۋروپادىكى ئالغا كەتكەن ئەللەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا تاتار تۈركلىرى ۋە پارسلارغا باققاندا بىر قەدەر تۇيغۇن ئىش كۆرۈپ تاقابىللىق جەھەتتە ئۈستۈنرەك تۇردى. تاتار تۈركلىرىدەك ھالغا قالمىدى. ئەمما مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، 1606 ـيىلىدىن كېيىنكى تىركىشىشتە "پېشانىسىگە پۈتۈلگەن"نى ئۆزگەرتەلمىدى. ئەكسىچە ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققى قىلىشى بىلەن 1699 – يىل زىنتا

www.kitaphumar.net

ئۇرۇشـىدا ئـۆز قوشـىنىدىغان ئايرىلـىپ روسىيە بىـلەن ھاقارەتلىك شـەرتنامە ئىمزالـىدى. گەرچە بۇ نومۇسنى پۇختا تەييارلىق بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي ئاقلىغان بولسىمۇ، 1718 ـيىلى يەنىلا باسترووۋز شەرتنامىسىنى ئىمزالاشقا مەجبور بولـدى. تۈركلەرنىڭ قەيسەرلىگى بۇنداق نومۇسنى ئاقلاشنى قايتا ـ قايتا دەۋرلەندۈرگەن بولسىمۇ نەچچە ئەسىر دۇنياغا ھۆركىرەپ تۇرغان بۇ دۆلەت 18 ـئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە يەنىلا ئەرزىمەس دۆلەت بولۇپ قېلىش قىسمىتىدىن نېرى بولالمىدى..

ئەلۋەتتە، تاتار تۈرۈكلەرنىڭ بېشىغا كەلگىنى تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇلار 17 ـ ئەسىردە توختىماي قوزغىلاڭ قىلىپ تـۇردى. بىراق دائىم "پېشانىسىغا يېزىلغىنى"نى كـۆردى. 1731 ـ يىلـى قـازان شـەھرىنىڭ ئېپىسكوپى كىتشۆيىچى دىنـى ئېتىقـادىنى مەجبـورى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى قوزغىدى. بۇ قېتىمقىسى بەكلا قەتئىي بولدى. شۇنداقتىمۇ تاتارلار ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرۈكلىرى بىلەن ئورۇسلار ئارىسىدا تـۇرۇپ سـودا قىلىپ مەنپەئەتلەنگەن ئىدى. 1806 ـيىلى روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئوتتورا ئاسىياغا تاشلىنىشى بىـلەن ئـۇلار ئارىـدىن سىقىپ چىقىرىلدى. مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە "200000 تاتار ئۆز ئېتىقادىنى خرىستىئانغا ئۆزگەرتتى"[6].

مىللىـي پۇتۇنلـۈك ۋە مـاددىي مەنـۋى مەنپەئەتـى تەھـدىتكە دۇچ كەلـگەن قـوش كەلمىش تاتارلانىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغىدى.كىرزىسنىڭ مەركىزىدە تۇرغان بۇ خەلق ئىسلاھاتنىڭ زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر ھىس قىلدى. نەتىجىدە. تاتار مۇسۇلمانلار ئـاقىلانىلىق بىـلەن قـالاقلىقنى تاشـلاپ ئىسـلام دىنـى بىـلەن تەرەققيـاتنى ماسلاشتۇرۇشقا ئاتلانـدى. مەدەنىـيەت ئـويغىنىش خىزمەتلـىرى مەشـھور دىنـى مۇتەپەككـۇرلار قولـىدا ئىشلىنىشكە باشـلىدى. ئـۇلار ئەبـو ناسىـر تورسـەۋىي (1782ـ1814) شـاھىفىددىن ئۆمەرجـان ( 1818ـ 1889) لىزەيـدىن فىسـلادىن ( 1859ـ1936) موسا جارىللايـدۇۋ بـىي (1875ـ) ئـىدى.بـۇ مۇنەۋۋەر ئوغلانلارنىڭ كۆزى دەرھال مائارىپتىكى بـىزەڭلىككە بىرىپ تاقالـدى. ئۇلارنىـڭ تەشەببۇسى تەبىكى «ئۇسۇل جەدىت» دىيىلـدى. ئەمما مەيلى تېما جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئۇسۇل جەھەتتىن بولسۇن ئۇلارنى تۈركىيىدىن ئايرىپ ئويلاشقىلى بولمايتى. .ئەينى چاغدا ئۇلار ئاللىقاچان مەزلۇم خەلق بولۇپ بولغاچقا بۇنداق چوڭ ئىسلاھات يولىنى تاللاش بىلەن ئالدىغا ئۇچرايدىغان تەبئى بوران ـ چاپقۇنلارغا،ھەر زامان يېنىـدىلا پەيدا بولۇشى مۇمكىن بولغان دۈشمەنلىككە بەرداشلىق بەرمىگى تەس ئىدى.

تـۈركىيە 1774 ـيىلـى ئامالسـىزلىق ئىچىـدە روسـىيە بىـلەن كۈچـوك ـ كاينـارجى شەرتنامىسى تۈزدى. شۇنداق قىلىپ ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ قىرىمغا ئاتىدارچىلىق قىلىش

www.kitaphumar.net

ھوقۇقى بىكار بولدى. قىرىم خانلىقى قازان خانلىقىنىڭ داۋامى ئىدى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن روسىيە ئارمىيىسى ساسىن جىرجىس خان بىلەن تۈركىيىنى قوللىغۇچىلار ئارىسىدىكى پىتنىشاسلىقتىن پايدىلىنىپ قىرىم ئارىلىنى ئىگىلىدى. ئۇلار ئەسلىي مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى بىلەن بۇ زېمىنغا كىرگەن ئىدى. بىراق، قىرىم يۇتىۋېلىنغاندىن كېيىن تاتارلار دىشۋارچىلىق تارتتى. رۇس ھۆكۈمىتى قىرىمغا ئادەم كۆچۈردى. تاتار نوپۇسىنىڭ 96% تىنى ئىگىلەيدىغان دېھقان ۋە كاسىپلار قۇرغاق يەرلەردە قىسىلىپ قالدى. رۇسلىشىش قىسمىتىدىن بىرى بولالمىدى. رۇس ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمى دەھشەتلىك ۋە رەھىمسىز دېگۈدەك يەرگە يەتمىگەن بولسىمۇ، بىراق، لۆكچەك ماھىيىتى ئېنىق بولۇپ قالدى. تاتارلانىڭ خاتىرىسىدە يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ شانلىق تارىخي بولغاچ، ئۇلار بۇنداق مەغلۇپلۇققا ئەلھۆكىملىللا دېمەيتتى. شۇڭا ئۇلار تۈركىيىدىن ياردەم سورىدى. بىراق، تۈركىيە نېمە قىلىپ بىرەلىسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۈركىيەگە بارماق تاتارلارغا بىردىن بىر يول بولۇپ قالدى. 1783 ـ يىلدىن باشلانغان يۈز يىللىق كۆچۈش شۇنىڭ بىلەن باشلاندى.

تۈركىيە ئازاپ ۋە مەغلۇپلۇق بىلەن تولدى. لېكىن مۇشۇنداق ئومۇمى كەيپىيات دەۋرىدىمۇ بۇ زېمىندىن پاش قىلىش مۇقامغا يەتكەن بالىلىقنى قولغا ئالغان شائىر چىقمىدى. پەقەت بىر قىسىملار دەۋرىنىڭ بەختسىزلىكىنى قايغۇلۇق ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلىدى. ئېچىنىشلىق ھالەتتە تەسۋىرلىدى.بىراق ئەڭ گۈللەنگەن دەۋردىمۇ زاماندىن رازى بولمايدىغان قەلەمدارلارنىڭ گەپ سۆزلىرىدىن پەقەت ئانچە مۇنچىلا پەرىقلەندى. بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي خەلقنى بالاغەتكە يېتەكلەيدىغان ئىش بولمىدى. بەلكىم بۇ ياۋرۇپالىقلاردەك مەغلۇبىيەتنىڭ تەمىنى 600 يىل تارتمىغانلىقىندۇر ۋە ياكى 800 يىللىق چەۋەندازلىق روھىنىڭ ئىسكەنجىسىدۇر.

شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى ،يۇرۇش تۇرىشى بىلەن شېئىر يازىدىغان ئەركەكلەر جىق تۈركىيەدە ھەر ھالدا تەدبىرىي ئويغىنىش بولدى. تەبىئىيكى ئويغىنىش باش كۆتۈرۈش بىلەنلا غەربنى دورامدۇق ياكى ئاتا ـ بوۋىمىز ئوسمان، سۇلايمان دەۋرىدىكى روھىمىزنى تاپامدۇق دېگەن مەسىلە كۆزگە كۆرۈندى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاساسىي مەسىلە تۆرۈكلەرنىڭ روھى جەھەتتىن چېكىنىپ كەتكەنلىكىدە ئەمەس، ياۋروپالىقلارنىڭ ئالغا كەتكەنلىكىدە ئىدى. ھېسسىيات جەھەتتە ئىككىنچى يولغا ماڭغاندەك بولغان خەلىفە سۇلتان III سەلىم ،1791ۋە 1792 ـ يىللىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ياۋروپا فرانسىيەنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇۋاتقان پۈرسەتتە ئىسلاھات قىلىپ بۇرۇنقى شۆھرەتنى ئەسلىگە

www.kitaphumar.net

كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدىدا دۆلەت ئەرباپلىرىنى يىغىپ پىكىر ئالدى.پىكىر ئەھلى ئاتا بوۋىلار دەۋرىدىكى يول- يوسۇننى تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلىدىغان ساقلامچىلار،ئىشنىڭ قانۇن-نىزامى ياۋرۇپا شۇ دەيدىغان تەلىفچىلەر،ئىسلاھ قىلىپ باشقا چىقارغىلى بولمايدۇ قايتىدىن قۇرماق لازىم دەيدىغان يېڭىچىلەر بولۇپ ئايرىلدى. خەلىفە سۇلتان III سەلىم يېڭىچىلەرنىڭ يولىنى تۇتۇپ ياۋروپانىڭ ئىلىم، سەنئەت، تىجارەت، زىرائەت، هۈنەر تېخنىكا، سانەتتىكى يېڭىلىقلىرىنى خانىدانلىغىغا ئەكەلمەكچى، مەمۇرى ئىدارە قىلىش، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ئېلىپ بارماقچى، تار مەنىدە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇننى ياۋروپا ئۇسۇلى بويىچە تولۇقتىن تەرتىپكە سالماقچى ۋە ئۇنى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر قارشىسىغا قويۇپ يېڭىلىق ھەركىتىنى تاماملىماقچى بولدى. بۇ ھەرىكەت نىزامى قەدىمگە روبىرو ھالدا نىزامى جەدىد ئۇقۇمى بىلەن ئاتالدى.1793-يىلىدىن باشلاپ ئەمەلىلىشىكە ئۆتتى. نىزامى قەدىمنىڭ جامائەتلىكلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ تەبىكى، ئۇ ئىسلاھاتىنى ئۇمومى خەلق مائارىپىدىن، مىللەت روھىدىن ئەمەس، ھەربى تولۇلمىدىن باشلىدى. ئانادولو ۋە رۇم تۇپراقلىرىنى 28 ۋىلايەتكە ئايرىپ مۈلكى ئىسلاھاتقا تۇتۇندى. فىرانسىيە، پرۇروسىيەگە تەقلىد قىلىپ يېڭى قوشۇن قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلدى. ئۇ تارىخى ئەمەلىيەتتىن ئىلھاملىنىپ روسىيىدە مۇندىن بىر ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن ئىمپىراتور پېتردەك ئىش قىلماقچى ئىدى. ئەمما خەلىفە سۇلتان III سەلىم ئاران 4-5يىللا ئەمىن بولالىدى. ياۋروپا ۋە رۇسلارنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن بالقان، ئېنگلىزلارنىڭ تەشۋىقاتى بىلەن ئەرەپىستان ۋاھابىلىرى ، ئوتتۇرا شەرقتە دۇرزى ۋە مارۇنىلەر ئوسمانلى دولەتىگە ئاسىي بولۇپ ئىسيان چىقاردى. فرانسىيەدە ۋەزىپىدىن ئېلىنغاندىن كېيىن خەلىفە سۇلتان III سەلىمنىڭ دەۋتى بىلەن نىزامى جەدىد ئارمىيەسىدە خىزمەت ئۆتەشكە ماقۇل بولغان ناپالىون بوناپارت 1798-يىلى پاپانىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئوسمانلى دولىتىنىڭ مىسىر ۋىلايىتىگە بېسىپ كىردى. خەلىفە سۇلتان III سەلىم يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئورتاق مەنپەئەتتە دۈشمىنى روسىيە بىلەن بىرلىشىپ ناپالىونغا تاقابىل تۇردى. بۇ خەلىفە سۇلتان III سەلىمنىڭ رۇسىيەنى مىللەتنىڭ دۈشمىنى دەپ چاغلايدىغان خەلقىنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىنى تۆۋەنلىتىشكە رول ئوينىماي قالمىدى. خەلىفە سۇلتان III سەلىم يېڭى ئارمىيە بىلەن ناپالىوننى كىتىشكە مەجبۇر قىلغاندىن كېيىن يەنە روسىيە ۋە ئېنگلىزلار بىلەن ئۇرۇشقا چۈشتى. بۇ دۈشمەنلىشىش ئوسمانلىلارنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى تېنچ قىلمىدى. تۈگىمەس غەۋغالارنىڭ ئۇزۇنغا سوزىلىشى، تايانغىدەك ئامىۋى تەشكىلات. ئامىۋى

www.kitaphumar.net

ئاقارتىش ھەرىكىتى بولمىغانلىقتىن دىنىي ئەكسىيەتچىلەر نىزامى جەدىد ئارمىيىسىنى «يېڭى ئارمىيە ناسارالارنىڭ قول چومىقى» دەپ چەتكە قاقتى. خەلىفە سۇلتان III سەلىمنى ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىنى تېپىش يولىغا ئەمەس، تۈركىيەنى ناسارالاشتۇرۇش يولىغا ماڭدى دەپ قارىلىدى، 1807-يىلى قاپاقچى مۇستاپانىڭ قولى بىلەن ئۇنى تەختتىن غۇلىتىپ شاھزادە VI مۇستاپانى تەختكە كۆتەردى. نىزامى جەدىدنى بىكار قىلدى. خەلىفە سۇلتان III سەلىمنىڭ يولداشلىرى ئەلەمدار مۇستاپا پاشانىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ ئۇنى قايتا تەختكە چىقارماقچى بولدى. ئەمما مۇۋەپپەق بولالمىدى.بۇ جېڭەرلىك سۇلتان 1808-يىلى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئويغىنىشى مانا مۇشۇنداق تراگېدىيىلىك ھالدا مەغلوپ بولدى.

[1] «يەر شارى تارىخى» 2 – كىتاب،(ئامرىكا)، 8 – بەت ئاپتورى ستاۋولاروس

[2] «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئاپتورى سەيىد فەييار مەھمۇد1 – توم 383 بەت.

[3] «مائارىپ لۇغىتى» 11 – توم شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان. 89 ـ بەت.

[4] «ئوتتۇرا ئەسىردىكى تېخنىكا ۋە كەشپىيات» ماقالە ئامېرىكا «بىلىم غەزنىسى» ژۇرنىلىنىڭ 15– سان 178 ـ بەت.

[5] «يەر شارى تارىخى» 246 ـ بەت.

[6] «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر تىزىسلار».

www.kitaphumar.net

# ئىلى سۇلتانى ئوبۇل ئەلانىڭ چەت ئەلدىكى تۇتقۇنلۇق ھاياتىغا دائىر مۇھىم ئۈچ ھۆججەت

ئابدۇۋەلى مۇقىيت

يېقىندا مەن، تارىخ تەتقىقاتچىسى ئىسىيىۋ داۋۇت ئابدۇلموۋىچنىڭ «يەتتە شەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى» دېگەن كىتابىدىن[1] ئەينى يىللاردىكى تۈركىستان گېنرال-گوبېرناتورى گېنرال ئادىيوتانت فان كائۇفمان ۋە يەتتەسۇ گوبېرناتورىنىڭ ياردەمچىسى راسسىكىنىڭ ئارخىپىدا ساقلانغان ئىلى سۇلتانى ئوبۇل ئەلانىڭ ۋېرنىدىكى[2] تۇتقۇنلۇق ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئۈچ ھۆججەتنى بايقىدىم. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ بەلگىلىك تەتقىقات قىممىتى بارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ياش ئوقۇرمەنلەرنى نەزەرگە ئالغان ھالدا، كۆرگەن ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان بېرىشنى مۇۋاپىق تاپتىم.

## I.ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ تەشكىللىنىشى ھەققىدە قىسقىچە بايان

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى 1864-يىلى كۇچادا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى ناھايىتى تېزلا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقتى.

1864-يىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىدا ئىلىنىڭ ئەھۋالى باشقا جايلارغا قارىغاندا ئالاھىدە ئىدى. چۈنكى ئىلى جىياڭجۈنى پۈتكۈل شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىغا باشقا ۋىلايەتلەرگە قارىغاندا كۈچلۈك ئارمىيە توپلانغان ئىدى. مانا بۇ ھال ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ جىددىي ۋە ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىشىدىكى مۇھىم سەۋەب ئىدى.

ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا 1864-يىلىنىڭ بېشىدا ئىلى جىياڭجۈنى چاڭ چىڭنىڭ مەزمۇن ھاكىمى «يېڭى ئۆستۈرمە سېلىقلارنى تولۇق

www.kitaphumar.net

تاپشۇرمىدىڭ» دېگەن سەۋەب بىلەن زىندانغا تاشلاپ، ئۇنىڭ مۈئاۋىنى (ئىشىك ئاغابەگ ئابدۇرۇسۇلبەگنى[3] ھاكىم قىلىپ تەيىنلىشى سەۋەب بولىدۇ.

1860-يىللاردا قارقارا تەرەپتىن رۇسلار بېسىپ كېلىشكە باشلىغاندا، ئىككى مىڭ مانجۇ چېرىكى بېرىپ ياندۇرالمىغان چاغدا ئابدۇرۇسۇل ئىشىك ئاغا رەھبەرلىكىدىكى مىڭ ئاتلىق تارانچى پالۋانلىرى ياندۇرغان ئىدى. رۇسلار تەرەپتىن ۋايىم بولغاچقا، چاڭ چىڭ ھاكىمبەگنى (مەزمزاتنى) چاقىرتىپ تارانچىلاردىن بەش يۈز پالۋان راسلاپ بېرىشنى تاپشۇردى. ھاكىم جىياڭجۈنىڭ بۇيرۇقنى پات پۇرسەتە ئورۇنلاپ، خەۋەر ئۆچۈن جىياڭجۈن مەھكىمىسىگە يوكوردى. بۇ خىزمىتى ئۈچۈن جىياڭجۈندىن مۇكاپات كۈتكەن مەزمزاتنى، يۇقىرىدىكى سەۋەب بىلەن زىندانغا تاشلىدى.

جىياڭجۈن يېڭى تەيىنلەنگەن ھاكىم ئابدۇرۇسۇلبەگكە تەييارلانغان مەرگەنلەرنى دەرھال ئېلىپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق يازدى. لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ خوي-پەيلىنى چۈشەنگەن ئابدۇرۇسۇلبەگ تۇرلۇك باھانىلەر بىلەن بارمىدى ھەم تەييارلانغان مەرگەنلەرنىمۇ ئەۋەتمىدى. پەم-پاراسەتلىك ئابدۇرۇسۇلبەگ ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، يوشۇرۇن ھالدا تاشئۆستەڭ، ئارائۆستەڭ، ئۇلاستاي، دارداملۇ، كەتمەن، غالجات، خۇنخاي، توققۇزتارا قاتارلىق يېزا-كەنتلەردىن ئەسكەر توپلاپ قوزغىلاڭغا تەييارلىق كۆرۈشكە باشلايدۇ. كەلگۈسى ھۆكۈمەت تارانچىلاردىن بولۇش شەرتى بىلەن تۇڭگۈنلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ جىياڭجۈنگە قارشى ئۇرۇش قىلىش شەرتنامىسى تۈزىدۇ. ئابدۇرۇسۇلبەگ قېيىنئاتىسى ئەخمەت خەزىنىچى، يۇرتتا زور ئابرويغا ئىگە ناسىر ئەلەم، تۇڭگانلاردىن ئاشۇر، خەنجە، ئىسمائىل ئاخۇنلار ياردەم بېرىدۇ.

قوزغىلاڭ 1864-يىلى 10-ئاينىڭ 13-كۈنى كېچىسى باشلىنىدۇ. تۇڭگانلارمۇ بۇ سەپكە قوشۇلىدۇ. ئىلى جىياڭجۈنى چاڭ چىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقنى بۇزۇشتا «ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش» ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ، تۈرمىدە ياتقان مەزمزاتنى بوشىتىپ، ئۇنىڭغا:«تۇڭگانلارنى قىرىپ تاشلىساڭ ھاكىملىقنى ساڭا ئېلىپ بېرىمەن، ئۇيغۇرلار ئۆستىدىكى سېلىقنى ئېلىپ تاشلايمەن، خەزىنىدىكى ئالتۇن-كۆمۈشنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرىمەن» دەپ ۋەدە قىلىدۇ.

مەنسەپ ۋە دۇنياغا قىزىققان مەزمزات دەسلەپدە جىياڭجۈن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا قىزىققان بولسىمۇ، ئىلى خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۈچۈن بەلنى باغلاپ چىققانلىقىنى ۋە ئۇلارنى ھېچقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى پەم قىلغاندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

www.kitaphumar.net

قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ئۆزۈش ئىشلىرىنىڭ ئۇنۇملۇك بولۇشى ئۈچۈن ھاكىمىيەت تەشكىلى بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدۇ ۋە نەسىردىن ئەلەمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئومۇمىي كېڭەش نەسىردىن ئەلەم رىياسەتچىلىك قىلغان كېڭەشتە مەزمزاتنى سۇلتان، ئابدۇررۇسۇلبەگنى ئەمىر (قوماندان) قىلىپ تەيىنلەيدۇ. 10-ئاينىڭ 25-كۈنى چىكپەڭزە قورغىنى ئېلىنغاندىن كېيىن يەنە كېڭەش ئۆتكۈزۈپ ناسىر ئەلەمنى قازىكالان، شەۋكەت ئاخۇننى قازى ئەسكەر، ئەخمەت بەگنى خەزىنىچى، موللا روزى ئاخۇننى مۇپتى ۋەزىپىسىگە سايلايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا سۇلتاندىن تارتىپ يۈز بېشىغىچە ھەممە مەنسەپدارلار تەيىنلىنىدۇ. ئەسكەرلەرنىڭ تىزىملىكى دەپتەرگە ئېلىنىدۇ. قوشۇن ئىچىدە تەرتىپ ۋە ئىنتىزام يولغا قويۇلىدۇ.

سۇلتانلىق مەنسىپىگە ئولتۇرغان مەزمزات ئەزەلدىن چىقىشالمايدىغان ئابدۇررۇسۇل ئەمىرنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن چىغىلىق مازارلىق ئەخمەتخان غوجا سىڭا كۆز بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرىدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن ئابدۇررۇسۇلبەگنىڭ يۆلەنچۈكى ئەخمەت خەزىنىچى ۋە ئۇنىڭ ئىككى نەۋرىسىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرىدۇ.

ئەمىر ئابدۇررۇسۇلبەگ قېيىنئاتىسى ئەخمەت خەزىنىچى ۋە ئىككى ئوغلىنىڭ دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن، ئىنتىقام ئېلىشنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، نۆۋەتتە جەڭ ئەڭ جىددىي بولۇۋاتقان بايانداي بارگاھىغا قايتىدۇ.

بۇ چاغدا جەڭ مەيدانىنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى كەسكىن ئىدى. گەرچە ئىلى ۋىلايىتى مانجۇلاردىن ئازاد قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بايانداي ۋە كۈرە قەلئەلىرىگە بېكىنگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭچىلارغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. قوۋۇقلىرى مۇستەھكەم، تاملىرى قېلىن ۋە ئېگىز سېپىلدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، بايانداي قەلئەسىنى ئېلىش مۇمكىن بولمايدۇ. كۈرەدىن بايانداينى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن چىققان مانجۇ چېرىكلىرى دەسلەپكى قەدەمدە قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىدۇ. بۇ خەۋەردىن ئىلھاملانغان تۇرغاۋۇتلار ئىلىغا يۈرۈش قىلىش پىلانىنى تۈزىدۇ. مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئەمىر ئابدۇررۇسۇلبەگ بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى تېكەس تەرەپتىن ياردەمگە كېلىۋاتقان تۇرغاۋۇتلارنى توسۇشقا ئاتلاندۇرىدۇ. يەنە بىر قىسىم كۈچنى سەپەرۋەر قىلىپ، كۈرەدىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇننىڭ يولىنى ئۈزۈش ئۈچۈن، يابانداي بىلەن كۈرەنىڭ ئوتتۇرىسى بولغان چەيلەڭزە ئۆتىڭىنىڭ يېنىدا «تام بارگاھ» سوقۇپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىدۇ.

ئۈزۈن ئۆتمەي تېكەس يولىغا ئەۋەتىلگەن قوزغىلاڭچىلار ياماتۇدا تۇرغاۋۇت خانىدىن ئېلىپ كېلىۋاتقان 1200 جەڭ ئېتىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. جىياڭجۇن يەنە كۈرە شەھرىدىن

www.kitaphumar.net

7000 لەشكەر بىلەن خادارىنى قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ جەڭدە ئابدۇرۇسۇلبەگ قوماندانلارغا خاس پاراسىتى ۋە باتۇرلۇقنى كۆرسىتىدۇ. دۈشمەن 710 لەشكەرنىڭ جەسىتىنى تاشلاپ چېكىنىدۇ. قوزغىلاڭچىلار 96 زەمبىرەك، 50 ھارۋا ئوق-دورا غەنىمەت ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەرمىنىڭ خەلق ئارىسىدا شۆھرىتى ئاشىدۇ. چىڭ دائىرىلىرى بۇ مەغلۇبىيەتنى جىياڭجۈنىڭ تەدبىرسىزلىكىدىن كۆرىدۇ ۋە چاڭ چىڭنى جىياڭجۈنلىكتىن قالدۇرۇپ ئورنىغا مىڭ شۆينى جىياڭجۈن قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

مىڭ شۆي مەنسەپكە ئولتۇرغاندىن كېيىن يۇمشاق ۋاستە قوللىنىپ قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىگە مۇنداق تەكلىپ قويىدۇ. 1. قوزغىلاڭچىلارنىڭ گۇناھىنى كۆچۈرۈپ، ئەپۇ ئومۇمىي قىلىش. 2. تارانچىلاردىن ئىلگىرى ئېلىنغان ئۆستۈرمە ئاشلىقلارنى قايتۇرۇپ بېرىش. 3. تارانچىلارنىڭ ئىستىقلالىيىتى-چىڭ ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق بولماي، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قىلىشىنى ئېتىراپ قىلىش (تارانچى ۋىلايىتى چەيلەڭزىگە قەدەر). 4. سۇلتانغا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چوڭ مەنسىپىنى يەنى لەھەل جۇڭزىلىق دەرىجىسىنى بېرىش. بۇنىڭ بەدىلىگە تارانچىلار بۇزۇلغان تۇڭگانلارنى ھۆكۈمەتكە تۇتۇپ بېرىش لازىم ئىدى. بۇ تەكلىپكە سۇلتان قاتتىق جاۋاب يازىدۇ.

ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ خەلق ئارىسىدا كۈندىن-كۈنگە ئېشىۋاتقان ئىناۋىتى مەزەمزاتنىڭ سۇلتانلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئەندىشىسىنى كۈچەيتىدۇ. مەزەمزاتنىڭ يول كۆرسىتىشى بويىچە ئەخمەتخان خوجا مانجۇچە يېزىلغان ساختا خائىنلىق خېتى تەييارلايدۇ. ئەخمەتخان خوجا ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن بارگاھتىكى ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ چېدىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنى قەتلى قىلىدۇ. ئەمىرنىڭ يېقىنلىرى دەپ ئىسھاق خەزىنچىنى ئۆلتۈرىدۇ. قازىكالان نەسىردىن ئەلەمنى زىندانغا تاشلايدۇ. ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ چېدىرىدىن جىياڭجۈنگە يازغان خائىنلىق خېتى چىقتى دەپ جامائەتكە ئېلان قىلىدۇ. بۇ چاغ 1865-يىلى 12-ئاينىڭ 21-كۈنى بولۇپ ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ 41 ياشتا ئىدى. ئەمما ھەق-ناھەقنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەم بولمايدۇ. ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنى قەتلى قىلغاندىن كېيىن ئەخمەتخان غوجىنىڭ دەرىجىسى كۆتۈرۈلىدۇ. ھەممە بەگلەر غوجامنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىش قىلىدىغان، ھەتتا سۇلتانمۇ ئۇنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان بولىدۇ. باياندايى قەلئەسىنى ئېلىش نۆۋىتى قوزغىلاڭنىڭ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىدى. قوزغىلاڭچىلار 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن باياندايى قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. سېپىلنى ئىككىنچى قېتىم پارتلىتىش يەنە سادىر پالۋانغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئۇ بۇ قېتىم لەخمىنى ئۈچ ئوغلى بىلەن

مۇكەممەل قىلىپ كولاپ، سېپىلنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پارتلىتىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ هۇجۇمغا ئۆتۈشىگە يول ئاچىدۇ.

باتۇر-قورقماس تارانچى جەڭچىلىرى سېپىلنىڭ بۇزۇلغان شورىسىغا يوپۇرۇلۇپ بارىدۇ ۋە دۈشمەننىڭ كۈچلۈك توپ ئوقىغا ئۇچرايدۇ. ئۇلارغا دالدا قىلغۇدەك ئورۇن بولمىسىمۇ هەرگىز چېكىنمەيدۇ. ئالدىدا ئۆلگەن شېھىتلەرنىڭ جەسەتلىرى دۆۋىلىنىپ ئارقىدىكىلەرگە دادا بولغىدەك بولغاندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ دالدىسىدا قورغان ئىچىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئۈچ كېچە-كۈندۈز تىنىمۇ-تىنغ جەڭ بولىدۇ. باياندايى قەلئەسىنىڭ قوماندانى مورۇنخا ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن بىر ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، ئۆزىنى بىراقلا پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىت 1866-يىلى 1-ئاينىڭ 29-كۈنى ئىدى.

شۇ يىلى قىشنىڭ ئاخىرىدا قوقەندىن دەبدەبە ۋە تەنتەنە بىلەن قىرى غوجا لەقەملىك پوچى ماخمۇت ئىسىملىك بىر زات كېلىدۇ (ئۇ ياغاچتىن زەمبىرەك ياساپ كارامەت كۆرسەتمەكچى بولغانلىقتىن پوي ماخمۇت ئاتالغان). ئۇنىڭ غەرىزى تارانچىلار ئۈستىگە غوجا هاكىمىيىتىنى تىكلەش ئىدى. ئۇ كېلىپلا ئەخمەتخان غوجا بىلەن بىرلىشىپ سۇلتان مەزمزاتنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خىزىر غوجىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئەلاخان پالۋاننى قاماققا ئالىدۇ. قىرى غوجا ئۆزىنى سۇلتان دەپ جاكارلايدۇ. ئەلاخان پالۋان قوزغىلاڭ باشلانغاندىن تارتىپ سادىر پالۋان، ئاقىول پالۋان، ئىسمائىل پالۋانلار بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتناشقان قەيسەر كىشى ئىدى.

ئارا ئۆستەڭلىك قۇتلۇق مىراپ دېگەن كىشى مەخپىي مەجلىس ئۆتكۈزۈپ قىرى غوجىنى ئۆلتۈرۈپ، مەهبۇس ئەلاخان پالۋاننى سۇلتانلىققا كۆتۈرۈشنى قارار قىلىدۇ. قىرى غوجىنى ئۆلتۈرۈشنى تۇردى يۈزبېشىغا تاپشۇرىدۇ. تۇردى يۈزبېشى قارار بويىچە كېچىدە پوچى مەخمۇتنى ئۆز چېدىرىدا ئۆلتۈرىدۇ. ئەخمەتخان غوجا سۈيدۈڭگە قېچىپ بېرىپ، تۇڭگان بەگلىرىنىڭ قوينىغا يوشۇرىنىدۇ. پوچى مەخمۇتنىڭ سۇلتانلىقى بار-يوقى 36 كۈن ئۆمۈر سۈرىدۇ.

پوچى مەخمۇت قەتل قىلىنغاندىن كېيىن ئارائۆستەڭلىكلەرنىڭ قارارى بويىچە ئەلاخان پالۋان سۇلتان بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن سۇلتان بولۇش ئۈچۈن چوقۇم كېڭەش ئېچىلىپ سايلام بولۇشى لازىم ئىدى. سايلامدا موللا شەۋكەت ئاخۇن سۇلتان بولدى. ئەلا پالۋان سەرئەسكەر (قوماندان) بولدى.

1867-يىلى باهاردا يېڭى سۇلتان ئەلاخان پالۋاننى سەردار قىلىپ، كۈرەنىڭ قەلئەسىنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن كۈرە قەلئەسىنىڭ شمال تەرىپىدىكى مۇهىم قورغان ساندۇڭ جاگزىغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇنى 1867-يىلى 5-ئاينىڭ 27-كۈنى

www.kitaphumar.net

قولغا ئالـدۇ. ئانـدىن كـۇرە قەلئەسـىنى مۇھاسـىرىگە ئالـدۇ. سـادىر پـالۋان بـۇ قېتىمـمۇ سېپىلنى ئىككى قېتىم پارتلىتىپ ھۇجۇمغا يول ئاچـدۇ. 1867-يىلى 6-ئاينـىڭ بېشـىدا كـۇرە قەلئەسـى قولغا ئېلىنـدۇ. كونا جيـاڭجۇن ئەسـىرگە چۈشـدۇ. يېڭىسى ئۇرۇشـتا ئۆلـدۇ. ھېسابسىز ئالتۇن-كۆمۈشكە باي جياڭجۇن ئوردىسى بۇلىنـدۇ. غەلبە شـادلىقىدا مەسـت بولغـان سـەردارلار قـوزغىلاڭچىلارنى قويـۇپ بېرىـدۇ. سـۇلتان ئـالتۇن-كۆمۈشـنى خەزىنىگە ئالمايدۇ.

كـۇرەنى بويسۇندۇرۇشـتا سـەركەردە ئەلاخـان تـالانتلىق ھەربىي قومانـدان سـۈپىتىدە تونۇلدى، ئابرويى ئۆستى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. ئەقىلسىز سـۇلتان شـەۋكەت ئـاخۇن سـۇلتانلىق ئـورنىنى ئەلاخـان پالۋانغا تـارتقۇزۇپ قويۇشـتىن ئەنسـىرەپ، ئـۇنى سەۋەپسـىزلا بـۇيرۇق بـىلەن سەرئەسـكەرلىكتىن قالدۇرۇۋېتـدۇ. يـۇرت ئاقساقاللىرى ۋە خەلـق ئەلاخـان پـالۋاننى قايتـىدىن ئـۆز مەنسـىپىگە قويۇشـنى شـەۋكەت سـۇلتاندىن تەلەپ قىلـىدۇ. بـۇ تەلەپ ئېتىبارسـىز قالدۇرۇلغانـدىن كېـيىن ئاقسـاقاللار كېڭەشـى چاقىرىلـىپ، مەجلىـس شـەۋكەت ئـاخۇننى سـۇلتانلىقتىن قالـدۇرۇپ، ئەلاخـان پالۋاننى سۇلتان دەپ جاكارلايدۇ. توختى ئاخۇننى ئەمىرلىككە قويىدۇ. تەختتىن چۈشكەن شەۋكەت ئاخۇن ئەخمەتخان غوجىنىڭ كەينىدىن سۈيدۈڭگە بېرىۋالىدۇ.

يـالغۇز تۇڭگـانلارغىلا سـۇلتان بولـۇپ يـۈرگەن يـاكۇر ئاخۇننـىڭ خىلـىدىن بىـرى تارانچىلار ئىچىدىكى نىزادىن پايدىلىنىپ ئىلـى سـۇلتانلىقىنى چاڭگىلىغا كىرگـۈزۈۋېلىش نىيىتى بار ئىدى. ئۇ ئۇرۇمچىدىكى داۋۇت خەلپەتنىڭ يەل بېرىشى ۋە خـائىن ئەخمەتخان غوجا ۋە شەۋكەت ئاخۇنلارنىڭ قوللىشى بىلەن سۈيدۈڭدىن تۇڭگان قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، كۈچ بىلە ئەلاخان سۇلتاننى تەختتىن چۈشۈرمەكچى بولىدۇ. مۇشۇنداق ھـالقىلىق پەيتتە ئەمىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئانچە رازى بولماي يۈرگەن توختى ئاخۇنمۇ نومۇسسىزلارچە خـائىنلىق قىلىـپ، دۈشـمەن تەرەپـكە ئۆتـۈپ كېتىـدۇ. نەتىجىـدە ئۇيغـۇر-تۇڭگـانلار ئوتتۇرىسـىدا ئـۇرۇش چىقىپ، قان تۆكۈلـىدۇ. ئـاز سانلىق بولغان تۇڭگانلار بەرداشلىق بېرەلمەي پىتراپ كېتىدۇ. ياكۇر ئاخۇن ئۇرۇشتا قـازا قىلـىدۇ. خـائىن ئەخمەتخان غوجا، توختى ئاخۇنلارغا ئەڭ ئېبرەتلىك ئۆلۈم جازاسى-قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىلىدۇ. موللا شاۋكەت ئاخۇننى تاغارغا سېلىپ، تىرىك پېتى ئىلى دەرياسىغا تاشلايدۇ.

ئىلى دېھقانلار قـوزغىلىڭى تـۆت يىـل ئـۇرۇش قىلىـپ (1864-1867) غەلبىنى قولغا كەلتۈردى. ئەلاخـان سـۇلتان ئـازادلىق ئىشـلىرىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان توسقۇنلۇقلارنى تەلتۆكۈس تازىلاپ، سۇلتانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىنتىپاقسىزلىقلارغا خاتىمە بېرىـپ،

www.kitaphumar.net

خەلقنى ئەمىن تاپقۇزدى. ئۇ تاكى 1871-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنىگىچە ئۆزى مۇستەقىل 4 يىل ھاكىمىيەت سۈردى.

## II.ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ زېمىنى ۋە نوپۇسى

ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى، ھازىرقى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى (56 مىڭ 350 كۋادرات كىلومېتىر) دىن سىرت قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىدىكى زېمىنلار-بۇ دائىرىگە ھازىرقى قازاقىستاننىڭ ياركەنت ناھىيەسىدىن غەربكە 18 رۇس چاقىرىمى كېلىدىغان جايدىكى بورغاچاغىچە، غەربىي شىمال تەرەپتىن سارىئۆزەكتىكى ئالتۇن ئىمەل چېگرا پونكىتىغىچە بولغان زېمىنلار كىرەتتى.[4]

تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ ئاھالىسىنىڭ سانى ۋە تەركىبىنى كۆرۈۋشكە بولىدۇ.

| مىللەتلەر | شەھەر نوپۇسى | | يېزا نوپۇسى | | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|
| | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | |
| ئۇيغۇر | 3082 | 2791 | 24654 | 21364 | 51891 |
| قازاق | 180 | 75 | 17546 | 16077 | 33878 |
| تۇڭگان | 308 | 266 | 1782 | 1674 | 4030 |
| خەنزۇ | 770 | 720 | 587 | 570 | 2647 |
| مانجۇ | 150 | 140 | 7502 | 6148 | 13940 |
| موڭغۇل | 5 | 4 | 408 | 350 | 767 |
| سولان | ... | ... | 9260 | 9058 | 18318 |
| شىبە | 1226 | 634 | 136 | 60 | 2056 |
| ئۆزبېك | | | | | |
| جەمئىي | 5721 | 4630 | 61875 | 55301 | 127527 |

بۇ رەقەملەرگە قەشقەرىيەدىن غۇلجىغا ۋە باشقا شەھەرلەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان سودىگەر ئۇيغۇرلار ھەم تاتار، داغۇر، قىرغىزلارنى قوشساق ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ ئاھالىسى 150 مىڭغا يېقىنلىشىدۇ. بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزنى پانتۇسوۋنىڭ «غۇلجا

www.kitaphumar.net

ئۆلكىسىنىڭ مەلۇماتى 1871-1876 يىللار» ناملىق كىتابىدا بىرىلگەن ھۆججەتمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ.[5]

### III.ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ ئاھالىسىنى ئاساسەن دېھقانلار دىيىشكە بولاتتى.

دېھقانلار بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىق، شال، پۇرچاق، قوغۇن-تاۋۇز، كاۋا، تەرخەمەك، سەۋزە، چامغۇر، تۇرۇپ، قىزىلچا، كاپوستا، پىياز، سامساق قاتارلىقلاردىن باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پاختا، كەندىر، چىگە، زىغىر، قىچا، باغۋەنلەر ئۈزۈم، ئالما، ئۆرۈك، ئامۇت، شاپتۇل ۋە باشقا مېۋىلەرنى ئۆستۈرگەن. بۇ يىزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى غۇلجا بازىرىدا ناھايىتى ئەرزان بولغان. مەسىلەن: ئەينى چاغدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن رۇس ساياھەتچىسى بارون ئا.كائول بارسىنىڭ يېزىشىچە، 1870-يىلى غۇلجىدىكى ئوزۇق-تۈلۈكلەرنىڭ باھاسى تۆۋەندىكىدەك بولغان.

100 جىڭ (1.5 پۇت) ياخشى بۇغدا ئۇنى--18 كۇمۇش تىيىن
100 جىڭ ئارپا---------------12 كۇمۇش تىيىن
100 جىڭ گۈرۈچ-------------60 كۇمۇش تىيىن
100 جىڭ سۇ ماي--------بىر تەڭگە 20 كۆمۈش تىيىن
100 باغ بېدە-------------20-50 كۆمۈش تىيىن

نەرقى-ناۋانىڭ بۇنداق ئەرزان بولۇشى بىرىنچىدىن مەرمۇرچىلىق، ئىككىنچىدىن چەتئەللەرگە چىقىرىش ئىنتايىن ئاز بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياساش سانائىتى تەرەققىي قىلمىغان. ھۈنەرۋەنلەر (تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، باپكارچىلىق، تۆگمەنچىلىك، زەگەرچىلىق ۋە باشقىلار) پەقەت ئىچكى بازارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلغان. شۇڭا ئوزۇق-تۈلۈكلەرنىڭ باھاسى ئەرزان سانائەت ماللىرىنىڭ باھاسى ئىنتايىن قىممەت بولغان. بۇنىڭغا بىر مىسال: 1870-يىلى ئاۋغۇستتا غۇلجىدا بولغان رۇسىيەلىك تەرجىمان بارودىننىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا 60 تىيىنلىق بىر بولاق يىڭنىگە بىر سودىگەر 11 پۇت ئاق ئۇن، ئىككى قاپ ئاق نان تېگىشكەن.

سودا-سېتىقتا كۆمۈش تىيىنلار ئاساس قىلىنغان. بىر سەر كۇمۇش شۇ چاغدىكى رۇسىيە ئاقچىسىغا سۇندۇرغاندا ئىككى كۆمۈش سومغا باراۋەر ئىدى. بىر سەر كۇمۇشنى مايدىلاشقا 10 مىسقال كۇمۇش يىتەتتى. بىر مىسقالنى مايدىلاشقا مىس چەك ۋە يارماقلار

www.kitaphumar.net

ئىشلىتىلەتتى. سەردىن چوڭ ئۈيۈل كۈمۈشلەر-قوي تۇياق (12.5 سوم)، تاي تۇياق 120-100 سوم) غا باراۋەر ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا غۇلجا بازارلىرىدا يىپكاتىپرىنا دەۋرىدە چىقىرىلغان رۇس ئاقچىسى ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قالغان ئىدى.

غۇلجىدا پەقەت دورا (پۇرۇخ) ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت قۇرۇلغان ھەم كىيىم-كېچەك تىكىش كارخانىلىرى بولغان. قەغەز ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇندىن ئۆچى، ماي تارتىدىغان زاۋۇتتىن 47 سى، تۆگمەنلەرنىڭ سانى خېلى كۆپ بولغان. ئەمما بۇ زاۋۇتلار ئىنتايىن كىچىك كۆلەمدە بولغان. مەسىلەن: غۇلجىدىكى بارلىق قەغەز ئىشلەپچىقىرىدىغان، مىس ئېرىتىدىغان، ماي زاۋۇت، گۈڭگۈرت زاۋۇت، خۇمدان، 13 ئاياغ تىكىش كارخانىسى، شام-چىراغ ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى، تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرى بولۇپ، ھەممىسىدە بار-يوقى ئىككى مىڭغا يېقىن ئائىلە ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

## IV. ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياستى

ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياستى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارغا نەزەر سالساق تۆۋەندىكىلەرنى بىلەلەيمىز.

[1] سۇلتانلىقنىڭ بىرىنچى ياردەمچىسى ئەمىر بولۇپ ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرغان. ئەمىرنىڭ تۆۋەنىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلار: قۇشبەگ، قازى ئەسكەر، لەشكەر بېشى، مىڭ بېشى، پانسات، مەھرەم (ئاديوتانت)، يۈز بېشى، ئون بېشى. مۈلكىي ئەمەلدارلار: ئەل بەگ، قازى كالان، ھاكىمبەگ، قازى رەئىس، رەئىس باش سەركار (ئېلىق-سېلىق يىغقۇچى)، مىرزا، مىرشاپ (قاراۋۇللار بېگى) مىراپ، كۆك بېشى، بازار بېگى، شان بەگ ۋە باشقىلار.

سۇلتان يۇقىرىدا ئاتالغان ئەمەلدارلارنىڭ ياردىمى بىلەن دۆلەتنى باشقۇرغان. ئۆلۈم جازاسى بېرىش، چەتئەللەرگە ئەلچى ئەۋەتىش، ھەربىي قىسىملارنى قايسى چېگراغا يېقىن تۇتۇش قاتارلىق ئىشلارنى سۇلتان ئۆزى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشاتتى. سوت ئىشلىرى شەرىئەت يولى بىلەن قازىخانىدا سورىلاتتى.

[2] ئىلى سۇلتانلىقىدا ئاقساقاللار كېڭىشى سۇلتاننى سايلاش ھەم ئېلىۋېتىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. سۇلتان كېڭەش ئالدىدا جاۋاب بېرەتتى. بۇ ھال ئىلى سۇلتانلىقىدا ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىشىنىڭ دېموكراتىك تۈزۈم ئاساسىدا تەشكىل قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

[3] سۇلتانلىقتا يەر دۆلەت مۈلكى، شەخسىي مۈلۈك ۋە ۋەخپە مۈلۈك دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنگەن. مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋە ئۇلارغا جان دىلى بىلەن خىزمەت قىلغان باشقا

www.kitaphumar.net

ئەمەلــدارلاردىن مۇســادىرە قىلىنغــان يەرلەر دۆلەت مــۈلكىگە ئۆتكــۈزۈلگەن. ئۇيغــۇر، تۇڭگانلارنىــڭ ئاتــا-بــوۋىلىرى دېھقانچىلىق قىلغــان يەرلەر ئۇلارغــا مىراسقا قالــدۇرۇپ شەخسىي مۈلۈككە ئايلاندۇرۇلغان. يەر ئىگىسى ئۆزىگە قاراشلىق يەرلەرنى سېتىۋېتىشكە، ھەدىيە قىلىشقا ياكى ئىجارىگە بېرىشقا ھوقۇقلۇق بولغان. مەدرىس، مەسچىت، مازارلارغا قاراشلىق يەرلەر ۋەخپە مۈلۈك دەپ ئاتالغان.

سۇلتان ئەسكەر باشلىقلىرىغا ۋە باشقا ئەمەلدارلارغا ئىش ھەققى ئۆچۈن (مائاش ھېسابىغا) دۆلەت يېرىدىن بۆلۈپ بەرگەن. بۇنى ئىلى سۇلتانلىقىدىمۇ سۇيۇرغال دەپ ئاتىغان. سۇيۇرغال يەرنى يەرسىز دېھقانلار ئىجارىگە ئېلىپ دېھقانچىلىق قىلغان. چوڭ ئەمەلدارلارغا ئايرىم يېزا-كەنتلەرنىڭ ئاھالىسىدىن دۆلەت خەزىنىسىگە يىغىشقا تېگىشلىك بولغان ئېلىق-سېلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز پايدىسىغا ئېلىش ھوقۇقى بېرىلگەن. بۇمۇ سۇيۇرغال دەپ ئاتالغان. دۆلەت خىزمىتىدىن بوشىتىلغان ئەمەلدار سۇيۇرغاللىق ھوقۇقىدىن ئايرىلغان.

[4] دېھقاندىن ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى، چارۋىچىلاردىن تىرىك مالنىڭ قىرىقتىن بىر قىسمىنى دۆلەت خەزىنىسىگە ئالغان. ئېلىق-سېلىقتىن پەقەت ۋەخپە يەرلىرى، چوڭ ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە تۇڭگانلار تولۇق ئازاد قىلىنغان. ئەمما تۇڭگانلار دۆلەت ئىشىدىن چەكلەنگەن ئىدى.

[5] سان جەھەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان قازاقلار سۇلتانلىقنىڭ رۇسىيەگە چېگرىداش جايلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى باشقۇراتتى. موڭغۇللارنى بولسا سۇلتان ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن بەلگىلەنگەن ئەلبەگ باشقۇراتتى. سۇلتانلىقتا ھەممىدىن شىبە، سولانلارنىڭ ھوقۇقى قاتتىق چەكلەنگەن ئىدى. ئۇلار بۇرۇن مانجۇ ھاكىمىيىتىنى ئاكتىپ قوللىغاچقا ئەمدى ئېغىر دۆلەت ئىشلىرىنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر .ىدى. غۇلجا ۋە باشقا شەھەرلەردە ياشىغان ئاز ساندىكى خەنزۇلار دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىشلەيتتى، بەزىلىرى ئۇششاق ھۈنەرۋەنچىلىك قىلاتتى، بىرنەچچىسى قەغەز ياساش، ماي زاۋۇتلىرىنىڭ ئىگىسى ئىدى. ئىچكىرىدىن سۈرگۈنگە كەلگەن چەنپەنلەر غۇلجىدا مەدىكارچىلىق بىلەن جان باقاتتى.

[6] ئىلى سۇلتانلىقى تاشقى سىياسەتتە مۇستەقىللىقكە ئىنتىلگەن ۋە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن تىنچ بىللە ئۆتۈش بىلەن كۇپايىلىنىپ، ئىزچىل بېكىنمە ھالەتنى ساقلىغان.

سودا جەھەتتە ئىلىنىڭ كارۋانلىرى تاغ-داۋانلار ئېشىپ جەنۇبتىكى يەتتە شەھەرگە، شىمالدىن ئۈرۈمچى، ماناس، قۇتۇبى قاتارلىق شەھەرلەرگە بارغان. رۇس سودىگەرلىرىنى ئىچكى بازارغا قويۇپ بېرىشكە رۇخسەت قىلمىغان ۋە ئىلىدىن رۇسىيەگە ئاشلىق ئېلىپ

www.kitaphumar.net

چىقىشقا يول قويمىغان. رۇسىيەدىن چەكلىك ساندىكى ئۆزبېك ۋە تاتار سودىگەرلىرى غۇلجىغا كېلىپ سودا قىلغان.

ئىلىدىن يەتتە شەھەرگە بۇغداي، گۈرۈچ، قىچا، تېرىك مال، خام تېرە، يۇڭ، كىگىز، تاشكۆمۈر، تۆرلۈك كىيىم-كېچەك ئېلىپ بېرىپ ئۇ تەرەپتىن تۆرلۈك رەخت، يىپىنچا، سەللە، قورال، ئەيلەنگەن تېرە، ئىگەر-توقۇم ئېلىپ كېلەتتى. ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ كېلىنىدىغان ئاساسىي مال چاي ئىدى. رۇسىيەگە بارغان سودىگەرلەر ئاشلىقتىن باشقا ھەممە ماللارنى ئېلىپ بارغان ئۇنىڭ ئورنىغا چىت، ئەرزان باھالىق سوكنا، مېتال بۇيۇملارنى ۋە ئەيلەنگەن تېرە ئېلىپ كەلگەن.

غۇلجىدا رۇسىيەدىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ 16 دۇكىنى، قەشقەرلىكلەرنىڭ توققۇز دۇكىنى بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا 30 غا يېقىن كىچىك مىلىچمال دۇكانلىرى بولغان. قەشقەر، ئۈرۈمچى سودىگەرلىرى چۈشىدىغان ئىككى كارۋان سارىيى بولغان.

ئىلى سۇلتانلىقى رۇسلاردىن كېلىدىغان خەۋپتىن ئەنسىرەپ، چاررۇسسىيە دائىرلىرىنىڭ «رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئىلى رايونىغا كىرىپ-چىقىشىغا رۇخسەت قىلىش، رۇسىيە كېمىلىرىنىڭ ئىلى دەرياسىدا قاتنىشىغا رۇخسەت قىلىش» دېگەن تەلەپلىرىنى قەتئىي رەت قىلغان ئىدى.

قەشقەرىيە ھاكىمى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئەلچى ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئەلچىلەرنىڭ تەكلىپلىرى رەت قىلىنىپ قايتۇرۇلغانىدى.

ئەمما سۇلتان رۇس تۆرىلىرىدىن بارون ئا.كائولبارس ۋە تەرجىمان بارودىن قاتارلىق ساياھەتچىلەرنىڭ ئىلى دىيارىنى ئارىلىشىغا ھەم تەكشۈرۈشىگە يول قويىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تارانچى ئەسكەرلىرىنىڭ غالجاتتا ئۆتكۈزگەن ياسال (مانېۋېر) نى كۆزدىن كەچۈردى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار چاررۇسسىيە دائىرلىرىنىڭ ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ۋەتكەن جاسۇسلىرى ئىدى.

سۇلتان كۆڭلىرىنى ئوردا بەگلىرى بىلەن بىللە ئەيشى-ئىشرەت ۋە شىكارغا چىقىش بىلەن ئۆتكۈزدى. خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش جەھەتتە ھېچقانچە ئىش قىلالمىدى.

چەت ئەللەردە بىلىم تەھسىل قىلىپ يۇرتىغا قايتقان زاھىت ئەپەندى سۇلتانغا ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە زۆرۈر بولغان تەكلىپلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، سۇلتان ئۇنى «ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش كويىدا بولدى» دەپ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى.

www.kitaphumar.net

1871-يىلى باھاردا، يەتتە سۇ رايونىنىڭ شەرقىدىكى قازاقلار چاررۇسىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشنى خالىماي، تۈركۈم،تۈركۈملەپ جۇڭگو چېگرىسى ئىچىگە كۆچىدۇ. 1871-يىلى 3-ئايدا ۋېرنى ناھىيەسىگە قاراشلىق قازاقلارنىڭ باشچىلىرىدىن تازابېك ۋە چالتابايلار ئىلى سۇلتانىغا خەت يېزىپ ئۆزلىرىگە پاناھلىق بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سۇلتان ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ خەت يازىدۇ. ئۇلار چاررۇسىيەنىڭ نۇرغۇن توسقۇنلىقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ 4-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ زېمىنىغا كىردى (تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا چونجى ئاۋۇلى ۋە تېمىرلىك-قورۇقتاۋ ئاۋۇلىدىن بولۇپ جەمئىي 1000 ئۆيلۈك كىشى ئۆتكەن). سۇلتان ئۇلارنى توققۇزتارا ناھىيەسىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

قاچاقلارنىڭ ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان يەتتىسۇ گوبېرناتورى كالپاۋىسكى دەرھال سۇلتانغا ئۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا مۇراجىئەت قىلىدۇ. سۇلتان ئۆزىنىڭ ھىمايىسىگە سىغىنغان قازاقلارنى تۇتۇپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ سۇلتانلىقىغا مۇناسىپ كۆرمەي، كالپاكوۋىسكىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ.

1871-يىلى 5-ئاينىڭ 31-كۈنى چاررۇسىيە تازابېك ۋەقەسىنى باھانە قىلىپ ئىلى رايونىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىدۇ. سۇلتان ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە باشچىلىق قىلىپ، چاررۇسىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرغان بولسىمۇ قورال-ياراقنىڭ ناچارلىقى ۋە ئىچكى جەھەتتە خائىنلارنىڭ تەسلىمچىلىك قىلىش تۈپەيلى نائىلاج 1871-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى رۇسىيە دائىرلىرىگە تەسلىم بولىدۇ. بۇ ھەقتە گېنرال كالپاكوۋىسكى يۇقىرىغا يازغان دوكلاتىدا مۇنداق دەيدۇ:«21-ئىيۇن سۈيدۈڭدىن چىقىشىمىز بىلەنلا بىزنى سۇلتاننىڭ ئەلچىلىرى-تەركىبىدە ئۈچ كىشى، ئۇلارنىڭ بىرى سۇلتاننىڭ ئوغلى (كېۋىربەگ)، قالغانلىرى سۇلتاننىڭ خەزىنىچىلىرى ئابدۇللا بىلەن ئابدۇراخمان كۈتۈۋالدى...تارانچىلارنىڭ تولۇق بويسۇنغانلىقى بوگۈن ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى. مېنىڭ قوشۇنۇم سۇلتان ھەم ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەمرالىقىدا باياندايدىن غۇلجىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق قارشىلىققا دۇچ كەلمىدى. ھەممە يەردە ئاھالىلەر بىزنى تولۇق ئىتائەت بىلەن كۈتۈۋالدى. سۇلتان غۇلجا قورغان دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى، قورال-جابدۇقلارنى، جۈملىدىن 193 زەمبىرەك، 250 تىن ئوشۇق مىلتىق، كۆپلىگەن ئوق-دورا، 6000 پۇت (96 تونىنا) بۇغداي ۋە ئارپا ھەم باشقا نەرسىلەرنى ماڭا تاپشۇردى».[5] شۇنىڭ بىلەن مۇستەقىل تۆت يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئىلى سۇلتانلىقى مۇنقەرز بولدى. چاررۇسىيە دائىرلىرى ئوبۇل ئەلا

www.kitaphumar.net

سۇلتانلىقىنىڭ ئىلىدا داۋاملىق تۇرۇۋېرىشىنى خەۋپلىك دەپ قاراپ، ئۇنى 1871-يىلى 9-ئاينىڭ 17-كۈنى ۋېرنىغا نازارەت ئاستىدا ئېلىپ كەتتى.

## V. ئىلى سۇلتانى ئوبۇل ئەلاخاننىڭ چەت ئەلدىكى تۇتقۇنلۇق ھاياتىغا دائىر ئۈچ مۇھىم ھۆججەت

*بىرىنچى ھۆججەت*

12.تۈركىستان ھەربىي ئوكرۇگى، يەتتىسۇ ئوبلاستلىق ئەسكەرلەر ئىشتابى، غۇلجا بۆلۈمى، ۋېرنى شەھىرى.

1872-يىل 22-مارت. 2136-نومۇرلۇق[6]

يەتتىسۇ ئوبلاستى غۇلجا ئىشلىرى بويىچە ھەبىي گوبېرناتورنىڭ باشقارمىسىغا:

سۇلتاننىڭ (ئوبۇل ئوغلى) تەمىناتى ئۈچۈن 2-سېنتەبىردىن[7] تۆت ئايغا يىللىق مۇئاشى 1400 رۇبلى ھېسابىدا 467 رۇبلى ئاقچا بېرىلدى. شۇنداقلا ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك تەمىناتى 2 رۇبلى 50 كوپېيك ھېسابىدا 12-ئىيۇلدىن 1-سېنتەبىرگىچە، يەنى 48 كۈنگە 120 رۇبلى تۆلەندى.

*ئىككىنچى ھۆججەت*

10.تۈركىستان گېنىرال گوبېرناتورى يەتتىسۇ ئوبلاستى ھەربىي گېنىرال گوبېرناتورى لاۋازىمىنى ئورۇنلىغۇچى جانابلىرىغا:

1875-يىلى 9-ئاۋغۇست. 5012-نومۇرلۇق، تاشكەنت[8]

سۇلتان ئوبۇل ئوغلىنىڭ ئانىسى زەينەپخان مىرالىنا ئوبۇل ئوغلىنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن غۇلجىغا كېلىپ كېتىشىنى سوراپ ماڭا ئىلتىماس قىلغان ئىدى. ۋېرنى شەھىرىدە ئىستىقامەت قىلغۇچى سۇلتان ئوبۇل ئوغلىغا ئىككى ھەپتىگىچە غۇلجىغا بېرىپ كېلىشكە رۇخسەت بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە سىز جانابلىرىنى خەۋەردار قىلىمەنكى، ئەگەر غۇلجىدا يۈرگىنىدە ئوبۇل ئوغلىنىڭ خەلققە ئەسكى تەسىرى تەگكىدەك بولسا، ئۇ دەررۇ، ئىككى ھەپتىلىك قەرەلنىڭ پۈتمىگەنلىكىگە قارىماي، غۇلجىدىن قوغلىنىدىغان بولىدۇ.

گېنىرال-ئادىيوتانت فان كائۇفمان

www.kitaphumar.net

*ئۈچىنچى ھۆججەت*

يەتتىسۇ ئوبلاستى ھەربىي گىبېرناتورى غۇلجا ئىشلىرى باشقارمىسى
1875-يىلى 4-ئاۋغۇست. 1699-نومۇرلۇق، ۋېرنى شەھىرى[9]
بىلەت

مەزكۇر بىلەن بىلەن غۇلجىنىڭ سابىق سۇلتانى تارانچى ئوبۇل ئوغلى ئىبراگىموۋقا، ئۇنىڭ رەپىقىسى مەريەمگە ھەم ئۇلار بىلەن بىللە باردىغانلار: موللا يەھيا ھاسانوۋغا ئايالى مىنىس بىلەن، سوپى ئەلىيىۋغا ئايالى گۈلچەھرە بىلەن، دەۋرانقۇل سۇپۇرگىگە ئايالى قەرىيە بىلەن، قاسىم روزىمۇھەممەدوۋغا، ئابدۇلخەير مۇھەممەت قۇربانوۋغا، قەمەردىن رەخمىتۇللىنغا، سىدىق ئەلىيىۋقا، توختى باقى ئازنىباقىيۋغا ۋە ئابدۇلئەزىز مۇھەممەت ئەزىزوۋغا-ھەممىسى بولۇپ ئون ئەر كىشى ۋە تۆت ئايالغا بېرىلدى. ئۇلارغا غۇلجا شەھىرىگە بېرىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى كۆرۈپ كېلىشكە تۈركىستان گېنرال-گوبېرناتورى ئالىي جانابلىرىنىڭ ئىجازىتى بويىچە رۇخسەت قىلىندى. ئۇلارغا غۇلجا شەھرىدە تۇرۇش ئۈچۈن ئىككى ھەپتىلىك مۇددەت رۇخسەت بېرىلدى، بۇ مۇددەتنىڭ تۈگىشى بىلەن غۇلجىدىن ۋېرنى شەھىرىگە دەرۇ قايتىپ كېلىشى لازىم.

ھەربىي گوبېرناتورنىڭ ئىشنى ئورۇنلىغۇچى، ئۇنىڭ ياردەمچىسى راسسىكى.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. تېيىپچان ھادى: «ئىلى گۇڭ-بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى» ئىلى تارىخي ماتېرىياللىرى 1-قىسىم.
2. يۇنۇسجان ئىلى: «1864-يىلىدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىشىغا دائىر ئىككى مۇھىم ۋەقە». شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى 1993-يىلى 2-سان.
3. ئىسىيىۋ داۋۇت ئابدۇلمۇۋىچ: «يەتتە شەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى» ئالمۇتا. قازاقىستان نەشرىياتى 1990-يىل نەشرى.
4. نەزەر غوجا ئابدۇسەمەتوۋ: «يورۇق ساھىللار». ئالمۇتا. «جاۋزۇۋشى» نەشرىياتى 1991-يىل نەشرى.
5. غوجائەھمەت يۇنۇس: «غازات دەرمۇللىك چىن داستانىنىڭ ماتېرىيال قىممىتى». «ئىلى دەرياسى ژۇرنىلى». 2000-يىل 1-سان.

www.kitaphumar.net

[1] بۇ كىتاب ئەينى ۋاقىتتا س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا نەشرگە تەستىقلانغان. ئالمۇتا «قازاقىستان» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1990-يىلى نەشر قىلىنغان.

[2] ۋېرنىي-رۇس تىلىدا ئىشەنچلىك قورغان دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھازىرقى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ.

[3] ئابدۇرۇسۇلبەگ-مەزمزاتتىن بۇرۇن ئىلىنىڭ ھاكىمى بولغان چورۇقنىڭ ئوغلى. مەزمزات بولسا چورۇق ھاكىمدىن بۇرۇن ھاكىم بولغان خالزاتنىڭ ئولى.

[4] 1981-يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈنى جۇڭگو-رۇسىيە ئىمزالىغان «سانت-پېتىربۇرگ» شەرتنامىسىنىڭ 3-ماددىسىدىكى «ئىلىدىكى قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىدىكى رايونلار رۇسىيەگە ئايرىپ بېرىلىدۇ» دېگەن مەزمۇن بويىچە بۇ زېمىنلار رۇسىيە تەرەپكە ئايرىپ بېرىلگەن.

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992-يىل 5-ئاي 1-نەسرى، 2-توم 408-بەت.

[5] مەركىزى ھۆكۈمەت تارىخ ئارخىپى. قازاقىستان س س ر. 21-دېلو، 1-ئارخىپ 25-بەت.

[6] مەركىزى ھۆكۈمەت تارىخ ئارخىپى. قازاقىستان س س ر. 16-دېلو، 25-بەت.

[7] 1871-يىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[8] مەركىزى ھۆكۈمەت تارىخ ئارخىپى. قازاقىستان س س ر. 161-دېلو، 1-بەت.

[9] مەركىزى ھۆكۈمەت تارىخ ئارخىپى. قازاقىستان س س ر. 16-دېلو 14-بەت.

(ئاپتور غۇلجا شەھەر روشەن كوچا 153-قورۇدا)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

مەنبە: ئىلى دەرياسى ژۇرنىلىنىڭ 2013-يىلى 2-سانىدىن ئېلىندى.

www.kitaphumar.net

# ئۇيغۇرلاردا پۇل بارمۇ؟

**غالىپ بارات ئەرك**

ئۇزاق تارىخقا، پارلاق مەدەنىيەتكە، كۆپ نوپۇسقا ئىگە خەلقىمىز - ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈش تارىخىغا، بۈگۈنىگە، ئەتىسىگە كۆڭۈل بۆلۈدىغان چاغ بولۇپ قالدى. مانا يېڭى ئەسىر ھەش - پەش دېگۈچە يېتىپ كېلىپ ئۆز جامالىنى نامايەن قىلدى، قارىماققا خۇددى ئادەتتىكى كۈنلەردەكلا، كۆن ئىلگىرىكىدەك مەشرىقتىن چىقىپ تەپتارتماستىن مەغرىپكە پېتىۋاتىدۇ. يېڭى ئەسىر، يېڭى دەۋردە يەنە" كونا مۇقام "بويىچە مارشقا دەسسەش لازىمىمۇ؟ ئەيتاۋۇر ئويلىشىمىز، ئۆز ئەقلىمىز بىلەن پىكىر قىلىشىمىز، جاھانغا قاراپ باشقىلار بىلەن ئۆزىمىزنى جۈملىدىن ئىجتىمائى، سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، پەن تېخنىكا جەھەتلەردىكى ئورنىمىزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىمىز ھەمدە"ئۆز تەغدىرىمىزنىڭ تۆمۈرچىسى"بولۇشىمىز لازىم، ئۇيغۇر دانالىرى"كۆز كۆرسىمۇ ئەقىل كۆرمىسە بىكار "دېيىش ئارقىلىق ئەقىل پاراسەتنى ئىنتايىن يۇقۇرى ئورۇنغا قويۇدۇ ، ئۇيغۇر شائىرلىرى ئەقلىنى"3 - كۆز "دەپ ئاتايدۇ، بىزنىڭ كۆزلىرىمىز نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرۈۋاتسىمۇ ئەقلىمىز كۆرمەيۋاتىدۇ، مانا ئەمدى بولسىمۇ ئەشۇ ئەقىل كۆزىمىز بىلەن يەنە بىر خىل ئېيتقاندا 3 - كۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىزگە ۋە باشقىلارغا قاراپ باقايلى . ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا"ئەي پېقىر ئۇيغۇر ئويلان.....ئويلان كۆپ ئۇزاق"

ئۇيغۇر مىللىتى جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايۇنىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يەرلىك توپ ئاھالە بولۇپ ش . ئۇ . ئا . ر دائىرىسىدىكى ئومۇمى نوپۇسى 8مىليون 20مىڭ 40 (1997-يىلى)، ئۇندىن باشقا جۇمھۇرىيەتنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ خېلى ساندا ئۇيغۇرلار بار. چەتئەللەردە روسىيە، قازاقىستان (200مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ دۆلەت ئاھالىسىنىڭ1%نى ئىگىلەيدۇ)، قىرغىزىستان (پۈتۈن ئاھالىنىڭ 1%نوپۇسىنى ئىگەللىگەن بولۇپ 50مىڭدىن ئارتۇق)، ئوزبەكىستان (نوپۇسى 50مىڭ ئەتراپىدا)، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان (نوپۇسى 50مىڭ ئەتراپىدا)، تۈركمەنىستان (بىر قانچە مىڭ ئۇيغۇر بار) ۋە باشقا بىرقانچە دۆلەتتە ھايات كەچۈرمەكتە. ئومۇمەن دۇنيادا ھازىرقى ئومۇمى نوپۇسى 9 مىليوندەك بولۇپ دۇنيادىكى نوپۇسى مىليوندىن ئاشىدىغان

www.kitaphumar.net

200دەك مىللەتنىڭ نوپۇسىنى كۆپتىن ئازغا قاراپ تىزغاندا 90 نەچچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، جۇملىدىن دۇنيادا نوپۇسى كۆپ مىللەتلەردىن بىرى سانىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا پۇل بارمۇ؟-- " پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا"

بۇ سوئال ھە دىگەندىلا قارشى ئېلىنماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى خەلقىمىزنىڭ پۇلغا بولغان قارشى تېخى يېتىلگىنى يوق، تېخىچە كوممۇنىزىم دەۋرى -"ھەممە ئىقتىدارىغا قاراپ ئىشلەش، ئېھتىياجىغا قاراپ تەمىنلىنىش"چۈشۈنچى سىڭىپ كەتكەن ، شۇڭا ھەممە بۇنى دىنى رىۋايەتلەردىكى جەننەت بىلەن سېلىشتۇرماق بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر دانالىرى ئېيتقان"پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا"دىگەن ئاقىلانە تەمسىل سەلبى قاراش سۈپىتىدە تونۇلۇۋاتىدۇ، قانداقلا بولمىسۇن سوتسىيالىزىمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان ئېلىمىز ئۈچۈن پۇلنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ، ھەر بىر سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن يېتەرلىك مەبلەغ كىرەك. پۇلۇڭ بولمىسا دانىشمەن ئەجداتلىرىمىز ئېيتقىنىدەك"ھالىغا بىقىپ ھال تارتىش "قا،"يوتقانىغا قاراپ پۇت سۇنۇش "قا مەجبۇر بولىمىز. مانا ، ئېلىمىزمۇ پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە قەدەم قويىدى ھەممىدە خېلى ياخشى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، بازار ئىگىلىكى ئۇيغۇرلارنىمۇ چەتتە قويماستىن سۆرەپ كىرىپ پۇلنىڭ زادى نېمىلىگىنى دەستلەپكى قەدەمدە ھېس قىلدۇردى، مەنمۇ شۇ قاتاردا پۇلنىڭ كۈچ- قۇدرىتىنى ھېس قىلدىم ھەممىدە پۇل ھەققىدە كۆپىرەك ئويلايدىغان بولدۇم، شۇ قاتاردا ئۇيغۇرلاردا پۇل بارمۇ ؟ دىگەن سوئال مىنى دائىم ئويلىنىدىغان، جەمىيەتنى كۈزىتىشكە مەجبۇرلايدىغان بولۇپ قالدى. راست، قايسى بىر ئۇيغۇر قانچىلىك پۇلى بارلىغىنى ئېيتىپ بىرەلەيدۇ؟ مىنىڭچە ھازىر مانا مۇشۇ بوگۈنكى كۈندە ئۆزىدە قانچىلىك پۇلنىڭ بارلىغىنى دەڭسەمەيدىغانلار ئىنتايىن ئاز بولسا كىرەك. بۇنىڭ سەۋەبى ھەممىيلەنگە ئايدىڭ، چۈنكى ئۆي ئىسلاھاتى بىلەن ئىسلاھات دولقۇنىدا"ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش"سىياسىتى يۈرگۈزۈلۈپ، بىر قىسىم ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئىش ئورنىدىن قالدى ھەممىدە ئىگىلىك تىكلەش يوللىرى ئۈستىدە باش قاتۇردى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىپ ئۆي ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى."ئۆي ئالمىسام تالادا قالدىم، ئۆي ئالسام بالادا قالدىم"دىگەندەك ئۆينىڭ باھاسىغا چىقىش قىلالماي كۆپ رىيازەت چەكتۇق، ھەتتا》ئۆي ئالايمۇ؟ خوتۇن ئالايمۇ؟ ئۆلۈۋالايمۇ؟《دەپمۇ ئىلتىجا قىلىپ ئويلىنىشقا چاقىرىلدۇق. پۇل ئۆز كۈچىنى، ئۆزىنى بىزگە تونۇتتى، مانا ئەمدى مۇلاھىزە قىلىپ ئەمىلى پاكىت ئاساسىدا جاۋاپ بىرەيلى ، ئۇيغۇرلاردا پۇل بارمۇ؟

www.kitaphumar.net

《پۈلنىڭ بىر ئۈچى يۈرەكتە، بىر ئۈچى بىلەكتە》 دەيدۇ ئۇيغۇر دانالىرى، پۈلنىڭ ئۈچى بىلەن تۈتاشقان ئەشۇ ئۇيغۇر"يۈرۈكى"ھەم"بىلىگى“نىڭ قۇدرىتى قانچىلىك؟ ھازىرچە ئېنىق ئىستاتىستىكىلىق مەلۇمات يوق، ئەمما 80% تىن 85%گىچە بولغان ئۇيغۇرنىڭ دېھقان ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەتنى ھېچكىم ئىنكار قىلمىسا كېرەك (مەملىكىتىمىزدە يېزا ئاھالىسى ئۇمۇمى ئاھالىنىڭ 63.9%نى ئىگەللەيدۇ). ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى سانلىق مەلۇمات يوق ، ئەمما شىنجاڭنىڭ ئىشتىكى نوپۇسى ئىچىدە جىسمانى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى ئۇلارنىڭ 92. 61%نى ئىگەللەيدۇ، شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيە بولسا 87% بولۇپ 5. 61% يۇقۇرى. دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، ئورمانچىلىق ، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ نىسبىتى 81. 9% بولۇپ شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 17 .5% يۇقۇرى.ئەقلى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 7 .39% بولۇپ شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 13% تۆۋەن. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە 1 ـ ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 83. 2% ( شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتى 66. 3% ) ، 2 ـ ئىگىلىكتىكى نىسبىتى 5 .63% ( شىنجاڭدىكى ئومۇمى نوپۇستىكى نىسبىتى 16. 22% ) ، 3 ـ ئىگىلىكتىكى نىسبىتى 11. 17% ( شىنجاڭدىكى ئومۇمى ئاھالە ئىچىدە 17. 48% ) بولۇپ بۇ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلەيدىغان نىسبىتى يۇقۇرى بولۇپ مۇشۇ نىسبەت ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبىتىگە يېقىن كېلىدۇ. بۇلارنىڭ يىللىق كىرىمى قانداق؟ رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى كۆرىدىغان بولساق دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1620يۈەن ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇنى ئايلىق ساپ كىرىمگە سۇندۇرساق بەردەم ئۇيغۇر دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى ئاران135 يۈەن بولىدۇ (بەزى كىشىلەر بىر دېھقاننىڭ بىر يىللىق كىرىمى مۇز كالتەك ساتقۇچىلارنىڭ كىرىمىدىن تۆۋەن دەيدۇ)، ئۇنداقتا ئۇلار گۆش ـ ياغ يىمەمدۇ، ئۇن سېتىۋېلىپ نان ـ تاماق يىمەمدۇ؟ تۇرۇبا سۈيى ئىچمەمدۇ، ئېلىكتىر چىراق ياندۇرمامدۇ؟ كىيىم كەيمەمدۇ؟ بالىلىرىنى مەكتەپتە ئۇقۇتمامدۇ؟ ئاغرىسا دوختۇردا داۋالانمامدۇ؟ ئۇرۇغ، خېمىيىۋى ئوغۇت سېتىۋالمامدۇ؟ مۇشۇنداق بولغاندا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يىلدا ھېرىپ چارچاپ ئىشلىسىمۇ قولىدا ھېچ نەرسە قالمايدۇ،"قولدەك ئىشلەپ بەگدەك يە"دەيدىغان ئۇيغۇرلار توغرىسىنى ئېيتقاندا بىر يىل جاپا چېكىپ قورسىغىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. 《تۇرپان گېزىتى》 نىڭ مۇخبىرى مۇھەممەت راخماننىڭ 《ئاسىيا كىندىكى》 گېزىتىنىڭ 2000ـ يىلى 8ـ ئىيۇن سانىدا ئېلان قىلىنغان《دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى

www.kitaphumar.net

راستچىللىق بىلەن مەلۇم قىلايلى》 نامىلىق ئوبزورىسىمان ماقالىسىدا يېزىشىچە بەزى شەخس ۋە ئورۇنلار دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى يۇقۇرىغا ئۆستۈرۈپ مەلۇم قىلىپ ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنى تىوغرىراق ئېيتقاندا پارتىيە ۋە خەلقنى ئالداپ مەنسەپ دەسمايىسى قىلىدىكەن. ماقالىدە يېزىلىشىچە تۇرپان ئايدىڭكۆل يېزا يەمشى كەنتىدىكى ئەملى ساپ كىرىمى 1159 يۈەن بولغان بولسا يېزا بۇنى 1823 يۈەن ھىساپلىغان، شۇ يېزىنىڭ ئانجان كەنتى مەسئۇللىرى 《كەنتىمىزنىڭ ئۆتكەن يىللىق كىشى بېشى ساپ كىرىمى 1285 يۈەن ئىدى. بۇ يىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى نىسبەتەن تۆۋەن بولدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈرلۈك تەبىئى ئاپەتلەرنىڭ زىيىنىمۇ ئاز ئەمەس. مۆلچەرىمىزچە بۇ يىللىق كىشى بېشى ساپ كىرىمىمىز 1000يۈەن ئۆپچۆرىسىدە بۇلىشى مۈمكىن. لېكىن يېزىنى بىرلىك قىلساق كىشى بېشى ساپ كىرىمىنى 1800يۈەنگە يەتكۈزسەك بۇلىدۇ. بۇنىڭغا يۇقۇرىنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 300 يۈەن ئاشۇرۇش ئۆلچىمىنى قوشساق كەنتىمىزنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى 2100 يۈەنگە يېتىدۇ. بۇنداق بولغاندا پەرق 1000يۈەن ئەتراپىدا بۇلىدۇ.》 بۇنداق ساختا سانلىق مەلۇمات بىلەن دېھقانلارنى بېيىتىپ پارتىيىنى ئالدايدىغان ۋابا ھەممە جايدا دىگۈدەك بار بۇلۇپ خوتەن ۋىلايىتىدە بارلىغىنى شائىر روزى سايىت شېئىرلىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. دېھقانغا دىلكەش شائىر روزى سايىتنىڭ》دېھقان بولماق تەس《 نامىلىق لېنتىسىدىكى》 دېھقان يىغلايدۇ 《 قاتارلىق شېئىرلىرى دېھقانلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىشى سەۋەپسىز ئەمەسمۇ نىمە؟ نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ 《خوتەندىن خەت》 ئاخباراتىمۇ دېھقانلار ئۈچۈن سۆزلەنگەن راست گەپتەك قىلامدۇ نىمە؟ سىز دېھقانلار ھۇرۇن ۋە ئەقىلسىز، شۇڭا بېيىمىغان دەپ قارامسىز؟ ياق، مەن سىزگە كۆرگەنلىرىم بىلەن پاكىتنى قۇشۇپ سۆزلەپ بېرەي!

تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ كىرىمى 1620 يۈەن بۇلۇپ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن 700يۈەن تۆۋەن تۇرىدىكەن. 1983-يىلى مەملىكەت بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىدىن شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ كىرىمى 43 يۈەن تۆۋەن بولسا 1999- يىلىغا كەلگەندە 691 يۈەن تۆۋەن بولغان. 1983- يىلى شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىگىگە سالغان مەبلىغى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سىېلىنمىسىدىن 13 يۈەن(16.5%) ئاز بولسا 2000 - يىلىغا كەلگەندە 544 يۈەن ئارتۇق مەبلەغ سالغان بۇلۇپ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سىېلىنمىسىدىن 83.2% يۇقۇرى بولغان.

www.kitaphumar.net

《2000-يىلى بىلەن 1983-يىلىنى سېلىشتۇرساق شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىدىن كىرگەن كىرىمى 8 ھەسسە ئاشقان بولۇپ يىلىغا 10.3%، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 4.3 ھەسسە ، يىلىغا 10.3 پىرسەنت ئاشقان. ئەمما ئائىلە ئىگىلىكى سېلىنمىسى 17 ھەسسە، يىلىغا 18.5 پىرسەن ئاشقان بولۇپ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ ئېشىشىنىڭ 3 ھەسسىسىگە يېقىنلىشىدۇ.》 (<>2001-يىلى 4-ئاينىڭ 13-كۈنى)

شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك كىرىمىدە 89.9% دېھقانچىلىقتىن، 10.1% باشقا ئىشلاردىن كىرىدىكەن، بۇ نىسبەت 1985 ـيىلىدىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىكەن.

دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىقتا سالىدىغان مەبلىغى نېمە ئۈچۈن ئېشىپ كېتىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەپلىرى تۈرلۈك، ئەمما دېھقاندىن ئىبارەت بۇ"بۇزەكنى بوزەك قىلمىسا قىيامەتتە سورىغى بار"لىغىنى بىلىدىغان ھەممە ساھە ئۇلارنى تالان تاراج قىلىدۇ. خەۋەرلەرگە قارىغاندا 3-ئاينىڭ 25-كۈنى سودا - سانائەتنى باشقۇرۇش، سۇيەت تەخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى، دېھقانچىلىق نازارىتى، تەمىنات سودا كوپىراتىۋى... قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇپپا جەنۇبى ۋە شىمالى شىنجاڭدا دېھقانچىلىق ۋاستىلىرى بازىرىنى 15كۈن تەكشۈرگەن بولۇپ جەنۇپتىكى تۆت ئوبلاست (ۋىلايەت) تىكى 11ناھىيىدىلا بايقالغان ساختا، سۈپەتسىز خىمىيىۋى ئۇغۇت 1150توننا، ۋاقتى ئۆتكەن سۈپەتسىز دېھقانچىلىق دورىسى 148 توننا، ساختا سۈپەتسىز ئۇرۇق 68 توننا، ساختا سۈپەتسىز يۇپۇق 292 توننا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ساختا سۈپەتسىز زاپچاسلىرىدىن بايقالغانلىرىنىڭ باھاسى 17مىليون 320 مىڭ يۈەن ئىكەن. 4- دېۋىزىيە 64- پولكتىن 780 توننىدىن كۆپرەك ساختا فوسفورلۇق ئۇغۇت بايقالغان بولۇپ غۇلجىدىن ئېلىپ ئەكەلگەن بۇغايغا مەخسۇس ئىشلىتىدىغان خالتىسى 50 كىلوگراملىق (باھاسى 50 يۈەن) ئۇغۇتنى ئامىرىكىدا ئىشلەنگەن فوسفورلۇق ئۇغۇتنىڭ خالتىسىغا قاچىلاپ (50 كىلو) 113 يۈەندىن ساتقان. دېمەك ساختىلىق دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كىرەكلىكلىرى بازىرىنى قاپلاپ كەتكەن، ھەمدە دېھقانلار قان تەردىن كەلگەن پۇللىرىنى بۇلۇۋالغان مۇشۇنداق ھالەتتە شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ يەرگە سالىدىغان مەبلىغى قانداقمۇ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتمىسۇن؟ ئىشەنمىسىڭىز 《شىنجاڭ ئىقتىسات گېزىتى》نىڭ 2000- يىلى 8- ئاينىڭ 18- كۈنى ساندىكى 《دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش نىمشقا تەس》 دىگەن ماقالىنى كۆرۈڭ، ماقالىدە ئىنكاس قىلىنىچە

www.kitaphumar.net

يېزا توك يوللىرىنى ئۆزگەرتىشتە مىچۇەن، توقسۇ قاتارلىق جايلاردا ئاق ھوجەت بېرىپ ئۇشۇق ھەق يىققان بولۇپ 100 مېتىرى بازار باھاسىدا 25يۇەنلىك سىمنى 60يۇەندىن ساتقان.

سۇ ۋە توكنىڭ باھاسى ھەممىلا جايدا يۇقىرى ئىكەنلىكى، توكنىڭ خورىشى دېگەندەك قوشۇپ ئېلىنىدىغان ھەقلەرنىڭ كۆپلۈگى ھەممە بىلىدىغان ھەقىقەت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىر ئاق(پاختا)، بىر قارا(نېفىت) ئىستراگىيىسىنى بەلگىلىدى، پاختا كۆلىمى 14مىليون 920 مىڭ موغا يېتىپ پۈتۈن مەملىكەت پاختا كۆلۈمىنىڭ 26.2% ئىگىلىدى. پاختا مەھسۇلاتى 30 مىليون دەنگە يېتىپ مەملىكەت ئومۇمى مەھسۇلاتىنىڭ 40% ئىگىلىدى ( دۇنيا پاختا مەھسۇلاتىنىڭ 8% نى ئىگەللەيدۇ ). مو بېشى پاختا مەھسۇلاتى 100 كىلوگىرامغا يېتىپ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىنىڭ 1.41 ھەسسىسگە توغرا كەلدى. دۇنيا بويىچە بىردىنبىر مىليون گېكتار كۆلەمدىكى پاختىلىقنىڭ ھەر گېكتاردىن 1500كىلوگىرامدىن ھوسۇل ئالىدىغان يۇقۇرى مەھسۇلاتلىق رايۇن بولۇپ قالدى. سېتىۋېلىنغان پاختا 25مىليون 200مىڭ دەنگە يېتىپ مەملىكەت بويىچە سېتىۋېلىنغان پاختىنىڭ50.6% ، باشقا جايلارغا توشۇلغان پاختىسى مەملىكەت پاختىسىنىڭ 41.5% ئىگەللىگەن. مەملىكەت بويىچە ئالى دەرىجىلىك پاختا 30 مىليون دەن بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنىڭ 26مىليون دەن بولۇپ 86.6% ئىگەللەيدۇ.

2000- يىلى دۇنيادا ھەر گېكتار پاختىلىقتىن 581 كىلوگىرام ھوسۇل ئالغان بولسا ئېلىمىزدە 932 كىلوگىرامدىن ھوسۇل ئېلىنغان، ئامېرىكىدا 718 كىلوگىرام، پاكىستاندا 473 كىلوگىرام، ئاۋىستىرالىيىدە 1517 كىلوگىرام ھوسۇل ئېلىنغان بولسا شىنجاڭدا 1482 كىلوگىرامدىن ھوسۇل ئېلىنىپ خەلقارا ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتكەن.

ئامېرىكا قاتارلىق غەرپ ئەللىرىدە پاختا شەخسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا تېرىلغان بولۇپ ئامېرىكا پاختىسىنىڭ 90%تى ئەنە شۇنداق دېھقانچىلىق مەيدانلىرى تېرىغان، ھەر ئائىلە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 180 گېكتار (2700 مو)، ئاۋىسترالىيەدە 1000 گېكتار (15 مىڭ مو )، ئۆزبەكىستاندا 9 گېكتار ( 135 مو ) بولسا شىنجاڭدا ھەر بىر ئائىلە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 18 مو پاختا تېرىپ ھېرىپ كەتكەن ( شىنجاڭدا تېرىلغان پاختىنىڭ 50% تى ئىشلەپچىقىرىش قورۇلۇش بىڭتۇەنلىرىدە تېرىلىدۇ)، ئەلۋەتتە غەرپ دۆلەتلىرى ئىلغار پەن تەخنىكا ۋە ماشىنىلار بىلەن باشقۇرىدۇ.

يېقىندا ئەنگلىيەنىڭ 《بايلىق》 ژورنىلىدا 2000- يىلدىكى جۇڭگولۇق 50 بايىنى ئېلان قىلغان بولۇپ ئومۇمى ئاھالىنىڭ 60 نەچچە پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىغان دېھقان

www.kitaphumar.net

تائىپسىدىن بىرمۇ ئادەم يوق، ئەمما دېھقانچىلىقتا مۇناسىۋەتلىك سودا ساھەسىدىن بەش كىشى بار. گۇاڭجۇدىكى 120مىليون ئامېرىكا دوللىرى (تەخمىنەن 960مىليون خەلق پۇلى) پۇلى بار لىن ئائىلىسىمۇ ھەرگىز دېھقانچىلىقتىن بېيىماستىن كەپتەر قاتارلىق جانلىقلارنى بېقىش، يېتىشتۈرۈش كەسپى شىركىتى قۇرۇش بىلەن بېيىغان. مۇشۇ 50 باي ئىچىدە ياساش ۋە قۇرۇلۇش كەسپلىرى بىلەن بېيىغانلار 29 نەپەر، ئىنتېرنېت قاتارلىق يۇقۇرى پەن تېخنىكىنىڭ پۇلىدىن بېيىغانلار 14نەپەر بولغان. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 43ياش بولۇپ ئوتتۇرا ھساپ بىلەن بىرىگە 200مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن (تەخمىنەن 1مىليارت 600مىليون خەلق پۇلى) توغرا كېلىدۇ.

مىليونىر دېھقان ئاتالغان پەيزىۋات ناھىيە شورجەينەك كەنتىدىكى روزى قادىرنىڭ ئىگىلىگىگە قارايدىغان بولساق 2000 مو يېرىنى ماشىنىلاشتۇرۇپ تېرىغاندىن باشقا 500قوي، 70كالا، 500كەپتەر، 100قىرغاۋۇل سېتىۋېلىپ باقمىچىلىق فېرمىسى قۇرغان. شېغىل زاۋۇتى قۇرغان ۋە يول قارىمايلاشتۇرغان. راستىنى ئېيتقاندا دېھقانچىلىقتىن كۆرە قۇشۇمچە ئىگىلىك دەپ ناملانغان ئاساسى ئىگىلىكتىن كىرىم قىلىپ بېيىغان، جۇملىدىن بىر يىلدا باقمىچىلىقتىنلا 182مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلغان. ئۇ بېيىغاندىن كېيىن 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى مائارىپ ۋە باشقا جامائەت ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان.

بىچارە دېھقانلارنىڭ باي بولماسلىقى ھەققىدە كىشىلەرنىڭ ھەر خىل مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلىدىم، بەزى كىشىلەر ئۇلارنى ھورۇن دىسە، بەزىلەر ئەقىلسىز دەيدۇ، ئۇلار راستىلا شۇنداقمۇ؟ ئەلۋەتتە ھەممە نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولغىنىدەك ئۇلارنىڭ ھورۇنلىرىمۇ بار، ئەمما ئۇلارنىڭ نىسبىتى ئۇنداق يۇقۇرى ئەمەس. ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش تەربىيىسى“ بىلەن ”ئۈچتە بىللە بولۇش“قا دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن بولسىڭىز ئۇلارنىڭ جاپا مۇشەققەتلىك ئەمگىكىنى، تۇرمۇشىنى ھەمدە ئالغان ھوسۇل ۋە ساپ كىرىمى ھەققىدە ئازراق بولسىمۇ چۈشەنچىگە ئېرىشكەن بولىشىڭىز مۇمكىن. سىزنىڭچە ئۇلارنىڭ شۇنداق ئىشلەپ باي بولماسلىقىدا قانداق سەۋەپلەر باردۇ؟ دېھقانلار قىش ـ ياز جاپا چېكىپ ئىشلەيدۇ، ئۇلار بۇغداي ئورىغان، خامان ئالغان پىژغىرىم ئىسسىقتا سىز ئىشلىمەي يېرىم سائەت ئاپتاپتا تۇرۇپ بېرىڭ، خالامسىز؟ بىراۋ سىزگە پۇل بېرەي دېسىچۇ؟ ئىشىنىمەن، سىز پۇل بېرەي دېسىمۇ خالىمايسىز. ئېغىر ئاشلىق تاغارلىرىنى كۆتىرىپ ئامبارغا بارمايسىز، يۇغان پاختا خالتىلىرىنى كۆتۈرۈپ پاختا تېغىغا ياماشمايسىز، ئەسلا خالىمايسىز. قان بېسىمىڭىز يۇقۇرى، شەكسىزكى پاختا تېرىشنى خالىمايسىز، لېكىن دېھقان قىلماي ئامالى يوق، چۈنكى ئۇلار ياششى باللىرىنى بېقىشى لازىم. ئۇلار ”سەرخىل“

www.kitaphumar.net

دېھقـانچىلىق قىلالمايـدۇ، يۇقارقـىدەك ئىجتىمـائىي، تەخنىكىلىـق سـەۋەپلەرنى تـۆۋەن سـەۋىيىلىك دېھقانلاردىن ئـىزلەش تـوغرا ئەمەس (ئەمما دېھقـانلارمۇ مەلـۇم مەسئۇلىيەتنى ئۈسـتىگە ئالمىسا بولمايـدۇ)، چـۈنكى يېقىنـدا شـىنجاڭ پەن-تېخنىكىـا سـەھىيە نەشـرىياتى دېھقان چارۋىچىلارنىڭ پەن تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشىغا دائىر كىتاپلار دېگەن ئومۇمى تېما ئاستىدا 《چىلان ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى》 قاتارلىق بىر قاتار كىتاپلارنى نەشر قىلغان بولۇپ چىلانچىلىقنى زور كـۆچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان چاقلىق ناھىيىسىگە بۇ كىتاپ كەلگەنـدىن كېيىن نەچچە مىڭ ئۇيغۇر دېھقان بـار بـۇ ناھىيىـدە 5يۈەنلىك بـۇ كىتـاپتىن نەچچە پارچىمۇ سېتىلمىغان، بىـر يېزىنىڭ رەھبەرلىرى بـۇ بىـر يۈرۈش كىتاپلارنى كۆرۈپ ھەممە مەھەللىلەرگە ئېلىپ بەرسەك بولغىدەك دېگەنۇ بەلكىم بۇ پۇلغا بىر ئۈستەل تاماق يېيىشنى ئەۋزەل كۆرگەنمۇ ئىككىنچىلەپ كىتاپنى سېتىۋېلىشقا يېزىدىن ياكى مەھەللىدىن ئادەم كەلمىگەن. دېھقانلىرىمىز سـەرخىل دېھقانچىلىق قىلاي دېسە ئۇلاردا يېتەرلىك مەبلەغ- پۇل يوق، دېھقانچىلىق تەخنىكىسى يوق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋالىدىغان دەسمايە يوق، پۇل تاپقىلى بولىدىغان تەخنىكىنى ئۆمۈملاشتۇرغۇدەك، باشلامچىلىق قىلغۇدەك زىيالىي، ئەل سۆيەر ئاگرانوم، جان دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ھەم ئۇلارنى بېيىشقا باشلايدىغان سەۋىيىلىك كادىر يوق، ناۋادا ھەر يېزىدا باغۋەنچىلىك ئالىمى ئۆمەرجانىدەك ھەم تەخنىكىغا ھەم ئەل سۆيەرلىك يۈرەككە ئىگە ئوغلاندىن بىر ئىككىدىن بولغان بولسا چۇقۇم ئەھۋال باشقىچە بولاتتى. جۇملىدىن يامالىق تېغىدەك قاغجىراپ كەتكەن ئۇيغۇرلار ھايات بەخش يېشىل ھاياتقا، يېڭى تەخنىكىلارغا ئېرىشىپ بېيىغان، ئادەمدەك ياشىيالىغان جۇملىدىن باشقىلاردەك ياشىيالىغان بولاتتى. بىز ئۆزىمىزنى باغۋەن مىللەت دەپ، بارغانلا دەشت چۆلنى باغۇ بوستان قىلىمىز دەپ ماختايتتۇق، لېكىن مىۋىلىرىمىزنىڭ باھاسى يىلسېرى چۈشۈپ خەقنىڭ يىلسېرى ئېشىۋاتىدۇ. باھاسىلا ئەمەس يەنە سان ۋە سۈپىتىمۇ ئۆزگىرىۋاتىدۇ، بۇ دەل بىزنىڭ تەخنىكىمىزنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچتا قېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىۋاتىدۇ، ئاز قالدۇق مىۋە چىۋە ماكانى دېگەن نامنى قولدىن بېرىپ قويغىلى، بەلكىم بۇ نامنى ئەمدى تىلغا ئېلىش قۇرۇق لاپ ئۇرۇش بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ ئۆزۈملىرىمىز نەچچە يۈەندىن سېتىلسا چەتئەلنىڭ نەچچە ئون يۈئەندىن بازار تېپىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نەدە؟ بەزىلەر يەرنى كۆپ تېرىپ ھەربىر دېھقان نەچچە يۈز مودىن تېرىسا باي بولامدۇ دەيدۇ، بۇ بەلكىم راستتۇر. مېنىڭچە شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭرى بولسىمۇ بوستانلىق كىچىك، شىنجاڭ بوستانلىقلىرىدىكى ئادەم زىچلىقى ئىچكىرىنىڭكىدىن ئاز ئەمەس (ھەر كۋادرات

www.kitaphumar.net

كىلومېتىر بوستانلىقتا توغرا كەلگەن ئادەم 256 دىن ئېشىپ كەتتى)، قۇرغاق رايونلارنىڭ ئادەم زىچلىقى ھەققىدە ب. د. ت نىڭ بەلگىلىسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى ۋە ئاجىز ئېكولوگىيىسىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە. داۋاملىق تۈردە بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىش مۆلچەرلىگۈسىز ئېكولوگىيىلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈشى شەكسىز، شۇڭا بىز تەبىئەتنى سۆيۈشىمىز ۋە ئۇنى ئاسرىشىمىز لازىم. ئەمەلىيەتتە بىز بوز يەر ئاچماي كۆلەمنى كۆپەيتمەي بەلكى تەخنىكىلىق ھالدا ئىقتىسادى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرساق خەلقنى بېيىتىش مۇمكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن كۈچ قۇدرىتىمىزگە تايىنىپ شەرت ـ شارائىت يارىتىشىمىز ھەمدە دېھقانلىرىمىزنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. مۇتەخەسسىلەر-نىڭ ئېيتىشىچە باغلارغا قۇيۇلىدىغان سۇ مۇۋاپىق بولسا مېۋىلىرىمىزنىڭ باھاسى 30% ئەتراپىدا ئاشىدىكەن. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى بوز يەر ئېچىپ باي بولۇش بىر خىل قالاق ئۇسۇل، ئىمكان بولسا سەرخىل دېھقانچىلىقنى يولغا قويۇش ھەمدە يېزا بازار كارخانىلىرىنى بەرپا قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يېزا ئىگىلىگى بىلەن مەشغۇل، راستىنى ئېيتقاندا ئۇيغۇر دېھقانلار پەقەت خام ئەشيا ئىشلەپ چىقارغۇچى بولدىكى پىششىقلاپ ئىشلەشكە تىرىشمىدى، بىر كىلو بۇغداينى بىر يۈەن ئىككى مودىن سېتىپ ئۇنى ئاز كەم ئىككى يۈەندىن سېتىۋېلىپ يېدى، نەچچە يۈز گىرام تەييار چۆپكە ئازراقلا ئىش قوشۇلسا تېشىغا مايماق سايماق قىلىپ "مۇسۇلمانچە" دەپ يېزىلسا نەچچە يۈەندىن سېتىۋېلىپ يەدۇق، بىز مۇسۇلمان ھەم ئۆزگىچە يېمەك ئىچمەك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، بۇ بىر چوڭ بازار دېمەكتۇر، بىز ئالدى بىلەن مۇشۇ ساھەدىن باشلاپ يېمەك ئىچمەك سانائىتى بىلەن مەھسۇلات بازىرى ئېچىپ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيادىن سانائەت مەھسۇلاتىغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم . شىنجاڭدا شۇنچە كۆپ مۇسۇلمان تۇرۇپ ئۆزىمىز يەيدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرالمىغانلىغا قارىغاندا ھەققەتەن چاغلىق ئوخشايمىز. يۇقارقىدەك ئىجتىمائى، تەخنىكىلىق سەۋەپلەرنى تۆۋەن سەۋىيىلىك دېھقانلاردىن ئىزلەش توغرا ئەمەس، چوڭكى ئىجتىمائى، تارىخى سەۋەپلەر تۈپەيلى ئۇلار تۆۋەن سەۋىيىدە قالغان. يەنىلا سانلىق مەلۇماتلارغا مۇراجەت قىلساق بۇنى ئېنىق كۆرىۋېلىش مۇمكىن: «غەربى شىمالدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىم يەر 1.98مو بولۇپ ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ 1.94مودىن سەللا ئارتۇق. ئەمما غەربى شىمالدا مو بېشىدىن 359كىلوگرام مەھسۇلات ئالسا ئوتتۇرا قىسىم رايونلاردا 495كىلوگرامدىن مەھسۇلات ئالغان. يەرنىڭ ئىقتىسادى ئۈنۈمدارلىقى غەربى شىمالدا

www.kitaphumar.net

180مىڭ يۈەن، ئوتتۇرا قىسىم رايونىدا 681مىڭ يۈەن بولغان》(《شىنجاڭ گېزىتى》 2000-يىل 9-ئۆكتەبىر). بۇنداق پەرق نېمە ئۈچۈن كېلىپ چىقىدۇ؟

گېرمانىيەنىڭ دېھقانچىلىقىنى مىسال قىلساق ئۇمۇمى ئاھالىنىڭ 7.1%نى دېھقانلار ئىگەللەيدىغان بولۇپ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر دېھقان 95ئادەمنى باقىدۇ. ئۇلارنىڭ دېھقان بولۇشتىمۇ ئۆلچەم بولۇپ ئالدى بىلەن چوقۇم مۇنتىزىم، سىستېمىلىق كەسپى تەربىيە قوبۇل قىلىشى كېرەك. كەسپى تەربىيە قوبۇل قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى چوقۇم توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىش، ھېچ بولمىغاندا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. دېھقان بولىدىغانلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن كەسپى مەخسۇس مەكتەپلەرگە كىرىپ بىر يىل نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئىگىلىشى، دېھقانچىلىق مەيدانى ياكى دېھقانچىلىق كەسپى مەكتەپلىرىگە كىرىپ ئۈچ يىل ئەتراپىدا كەسپى جەھەتتىن تەربىيىلىنىپ، ئىمتاھاندا لاياقەتلىك بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن دېھقان بولۇش لاياقىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

ئامېرىكا نوپۇس تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، ئامېرىكىدا 1950-يىلى 15% ئادەم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا 80-يىللارغا كەلگەندە % 2.5 كە چۈشكەن، 1987-يىلى 2% چۈشكەن. 1986-يىلى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 23مىڭ 326دوللار بولۇپ، غەيرى دېھقانچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 29مىڭ 632دوللار ئىكەن.(«بايىنغۇلىن گېزىتى» 1990-يىل 5-ئاينىڭ 12-كۈنىدىكى سانىدىكى مەلۇمات بولۇپ كىرىم پەرقى 6000 دوللار ئەتراپىدا)

ئەجابا، كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ دېھقانلىرى نېمە ئۈچۈن باي ھەم كىرىمى ياخشى، لېكىن سوتسىيالىزم دەۋرىدە ئېكسپىتاتسىيە بولمىغان "ھەممە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرىدىغان" دەۋردە نامرات بولىدۇ؟ يەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنىڭ تۆۋەن، دېھقانلارنىڭ نامرات بولۇشىدىكى تۈپكى سەۋەپ زادى نېمە؟ بۇنىڭ جاۋاپكارلىرى ئەلۋەتتە ھازىرقى زىيالىلىرىمىزنىڭ غايىسىزلىكى، ۋىجدانسىزلىقى، بوشاڭلىقىدىن كۆرۈش مۇمكىن، چۈنكى بىزدە خېلى كۆپ ساندا يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى پۈتتۈرگەن زىيالىلار بولسىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قوسۇغىغا نان، ئۈچىسىغا كىيىم بېرىپ ئوقۇتقان ئەشۇ دېھقان قېرىنداشلىرىنى بېيىتىش يولىدا قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلدى؟ تۆۋەن تەننەرقلىق ئەمما مەھسۇلات ئاشۇرۇدىغان تەخنىكىلاردىن قانچىلىك ئوتتۇرىغا چىقىرىپ دېھقانلارنىڭ

www.kitaphumar.net

بېيىشىغا ياردەم قىلىدى؟ ئەقەللىسى باشقىلارنىڭ يېڭى تېخنىكىسىدىن قانچىلىكنى تۆنۈشتۇرۇپ بېيىشىغا ياردەم قىلىدى؟ مىسالەن خەنزۇ دېھقانلىرى بىلەن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئىقتىسادى ھالىنى سېلىشتۇرايلۇق، مۇتلەق كۆپى ئوخشاش بىر زېمىندا تېرىقچىلىق قىلىسمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرى نامرات، خەنزۇلار دېھقانلار باي؟ گەپ شۇ يەردىكى خەنزۇ دېھقانلار كۆپۈنچە ئىقتىسادى زىرائەت تېرىيدۇ، ئۇلار تولۇق تېخنىكىلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ تېخنىكىلىق ئىشلەيدۇ. ئۇلار تېرىغان كۆكتاتنىڭ باھاسى ئىنچىل تۇردە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن يۇقۇرى، ئوخشاش ئىككى باغۋەنني مىسال قىلساق ئۇيغۇر باغۋەنىنىڭ شاپتۇلى 1-2يۇەندىن سېتىلسا خەنزۇ باغۋەنىنىڭ ئەت شاپتۇلى 6-7 يۇەندىن سېتىلىدۇ، پەرق مانا دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا ئىسىت دەيمەن يېزا ئىگىلىك تەخنىكىسىنى ئىگىلەپ ھېچ نەرسىگە سەرپ قىلماي ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئاگرانوملارنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە. شۇنداق، خەلق باققان، ئوقۇتقان بەزى كىشىلەر قىلچىلىك مەنسەپكە ئېرىشكەن ھامان ئۆزىنىڭ كىچىككىنە پايدىسى ھىسابىغا خەلقنى زىيانغا ئۇچرىتىپ ساختا ماللارنى ئەكىلىپ مەجبۇرى ساتىدىغان ئىشلار كۆپ بولمىدىمۇ؟ شۇڭا دېھقانلىرىمىز بېيىيالمىدى، بېيىغان ئاز ساندىكىلىرى بولسا زىرائەت تېرىشنى قوشۇمچە ئورۇنغا قويغان، باشقا كۆپ خىل ئىگىلىكنى ئاساس قىلغان جۇملىدىن باغۋەنچىلىك، بوداقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئامىتى كەلگەن دېھقانلاردۇر. خۇلاسە قىلساق ئۇيغۇر دېھقانلاردا پۇل بارمۇ؟ يوق، ئەگەر بار دىسىڭىز ئېيىغا نۇپۇس بېشىغا توغرا كېلىدىغان 140يۇەن پۇل بىلەن بىر ئاي ئۇن، گۆش، ياغ، سىد، كۆكتات ئىستىمال قىلىپ ياشاپ كۆرۈڭ، توك چىراغ ياندۇرۇڭ، بالىڭىزنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلەڭ تورۇبا سۈيى ئىچىڭ، بوپتۇ كونا كىيىملىرىڭىزنى كىيىڭ، خۇدا ساقلاپ ئاغرىق سىلاقتىن خالى بولۇڭ، شۇندىمۇ ئەشۇ پۇل يېتەمدۇ؟، ئويلاپ كۆرۈڭ!مەن بۇ يەردە ئېتىقاتلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ « شائىرغا كېسەل تەگكەن كۈنلەردە ›› ناملىق خاتىرىسىدە ئېلان قىلىنغان مۇنۇ جۈملىلەرنى ئوقۇغۇنىڭىزدا قانداق تەسىراتقا كېلىدىغىنىڭىزنى بىلگۈم بار: ” ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى 20 يۇەندىن جەمئى 40 يۇەن ئوقۇشلۇق پۇلى تۆلىشى كېرەك ئىكەن. 360 كۈن تاڭدىن شامغىچە ئىشلىگەن جاپاكەش ئاتا ـ ئانا تۈگۈمەس سېلىق ۋە جېرىمانىلەردىن ئاشۇرۇپ ئاران 20 يۇەن بېرەلەپتۇ. بۇ يىگىرمە يۇەننى 13 ياشلىق ئاكا 10 ياشلىق سىڭلىسىغا ئۆتۈنۈپتۇ: ’ بۇ پۇلنى سىز تۆلەپ كىتاپ ئېلىڭ، ياخشى ئوقۇڭ‘ دەپتۇ سىڭلىسىغا. مەسۇم ئوغۇل سىڭلىسىنى مەكتەپكە ئۇزۇتۇپ ، ئۆزى مەھەللىنىڭ سىرتىغا كېتىپتۇ. كەچتە ئۇنىڭ جەسىتىنى

www.kitaphumar.net

دوڭغاق جىگدىگە ئېسىلىۋالغان يىرىدىن تېپىشىپتۇ. بۇ پاجىئەنى ئاڭلاپ شۇ بالىنىڭ مەكتىپىگە ئۆلۈغ ئالىم، ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ قىزى، داڭلىق تىلشۇنىيە دىكتورى گۈلشەن ئابدۇرەھىم يىغلاپ تۇرۇپ مىڭ يۈەن ئىئانە قىپتۇ. ئابدۇرەزاق سايىم مىڭ يۈەن ئىئانە قىپتۇ. باشقىلار مىڭ يۈەن ئىئانە قىپتۇ... " .

دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمنى مۇنداق ھىساپلايدۇ: ئومۇمى كىرىمدىن ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا سەرپ قىلغان خىراجەت، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنىڭ كونىراش خىراجىتى ، تاپشۇرۇلىدىغان باج ، مەھەللە قاالدۇرۇقى قاتارلىق تۈرلۈك يىغىۋېلىنىدىغان پۇللارنى ئېلىۋەتكەندە قېلىپ قالغىنى ئاندىن دېھقانلارنىڭ ساپ كىرىمى بولىدۇ. پارتىيە ھازىر كەڭ كادىر ئىشچى خىزمەتچىلەرنى دېھقانلارنىڭ ھال ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالسۇن ، بېيىشىغا ياردەمدە بولسۇن ، يول كۆرسەتسۇن دەپ ئۆچتە بىرگە بۆلۈشقا چۇشۇردى ، ھەر بىر ئۇيغۇر زىيالىسى دېھقان چارۇچى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھال كۈننى ئوبدان ئويلاپ كۆرۈشى لازىم.

پۈتۈن ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ 10% تىنى ئىگەللەيدىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق ئۇلارنىڭ ھالىنى كۆرۈپ باقايلى:

بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدە دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى جان دىل بىلەن ئىجرا قىلغىنى بويىچە ئاتا-ئانا ۋە ئىككى بالا جەمئى تۆت نۇپۇس بار دەپ قارىساق ئاساسەن توغرا بولىدۇ. 《شىنجاڭ ئىقتىسات گېزىتى》نىڭ 2001- يىل 15-ماي سانىدا ئېلان قىلىنغان مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا ئىش ئورنىدىكى ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ 2000-يىلى ئوتتۇرىچە مۇئاشى 8717 يۈەن بولۇپ ئالدىنقى يىلدىن 1106 يۈەن ئاشقانلىغى، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە مۇئاشتىن 654 يۈەن تۆۋەن ئىكەنلىگى، شىنجاڭنىڭ شاڭخەي (18531يۈەن)، بېيجىڭ(16350يۈەن)، شىزاڭ (14976يۈەن)، گۇاڭدوڭ (13823يۈەن)، جېجاڭ(13076يۈەن) ... قاتارلىق 12 ئۆلكە ئاپتونوم رايوندىن كېيىن تۇرىدىغانلىغى ئېلان قىلىنغان. شۇڭا بىز ئادەتتىكى ئىشچى خىزمەتچى سوپىتىدە ئېيىغا ئەر-ئايال ئىككەيلەن جەمئى 1500يۈەن مۇئاش ئالىدۇ دەپ قارايلى.

ئائىلىۋى خىراجەت: ئۇن، ياغ، گۆش، سىن، توك، قاتناش راسخودى، باللارنىڭ ئوقۇش پۇلى، خەۋەرلىشىش خىراجىتى. سىزنىڭچە ئايدا 800 يۈەن يېتەرمۇ؟ يەنە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم، ئاغرىق سىلاق، ئولتۇرۇش - قوپۇشلارچۇ؟

مەن ئۇيغۇر ئەر بولغاندىكىن ئېيىغا 100- 150يۈەن ئەتراپىدا پۇل خەجلەپ تاماكا چەكمىسەم، كەم دىگەندىمۇ 80 يۈەن ئەتراپىدا پۇل خەجلەپ ھاراق ئىچىپ مىخايىنىڭ

www.kitaphumar.net

خوشال بولمسام قانداق ياشيالمايمەن. يەنە دىنىمدىن، ئەخلاقى پەزىلەتتىن ۋاز كېچىپ ئەجدادىمدىن قالغان ئۇدۇم بويىچە ئاياللاردىن خوشاللىق تاپمىسام مېنى قانداقمۇ مەيدىسىنىڭ تۈكى بار ئەركەك دىسۇن كىشلەر!

مەن بىر ئۇيغۇر ئايال بولغان ئىكەنمەن، ئەجدات ھىكمىتى " ئاناڭنى پەدازسىز داداڭغا كۆرسەتمە" گە ئەمەل قىلمىسام، ئالتۇن زىبۇ زىننەت ۋە كىيىم كېچەك بىلەن ئۆز قىممىتىمنى كىشلەرگە نامايەن قىلمىسام كىممۇ مېنى كۆزگە ئىلىدۇ؟ بۇنىڭغا پۇل قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى.

مۇشۇنداق بولغاندا بىر ئاي ئىشلەپ 300 يۈەن ئەتراپىدە ئېشىنچە پۇل قالىدۇ، نىمە ئىشەنمەمسىز؟ باي دىمەكچىمۇسىز؟ ياق، مانا ئۆي ئىسلاھاتى ھەممىنى ئاشكارىلاپ قويمىدىمۇ؟ 30مىڭ سوم پۇلنى قانچىمىز بانكىدىن ئېچىقىپ تاپشۇرالىدۇق؟ ئەمەلىيەتتە ھەممىمىز پارقىراپ رېستورانلاردىن كەلمەي ئويىنغىنىمىز بىلەن "كەيگىدەك ئەڭلىمىز يوق، ئېتىم مارجان بۇۋى" بولمىدۇقمۇ؟ جوڭگو خەلق ئۇنىۋېرستۇتىنىڭ پىروففىسورى جو شياۋجېڭ ماقالىسىدە يېزىشىچە 《ئامېرىكا ئاھالىلىرىنىڭ 80% ئوتتۇرىھال تۇرمۇشتىكى سىنىپ ئىكەن، ئوتتۇرىھال تۇرمۇش سەۋيەسىدىكى سىنىپ بولسا جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرغۇچىلار بولۇپ ئۇلارنىڭ مۇقىم خىزمىتى، ماشىنىسى، ئۆيى بار ئىكەن ھەم بىر ئاي رۇخسەت سوراپ دۇنيانى سەيلە ساياھەت قىلالايدىكەن، مانا بۇ ئوتتۇرىھال تۇرمۇش سەۋيىسىدىكىلەرنىڭ كۈنى ئىكەن》، ئەلۋەتتە مۇندىن ئۆزگە بەلكىم % 10يىاكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئاھالە يۇقۇرى تۇرمۇش سەۋيەسىدىكى "كاپىتالىستلار" بولۇشى مۇمكىن، قالغان %10بولسا ماشىنىلىق يۈرۈپ ئىش ئىزلەيدىغان، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ئالىدىغان نامراتلاردۇر بەلكىم. ‹‹ يېرىم ئايلىق سۆھبەت ›› ژورنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 2ـ سانىدىكى ماتىرىيالغا ئاساسلانغاندا ئامېرىكىدا بايلىقى 3 مىليون دوللارغا يەتسە ئاندىن باي سانىلىدىكەن ، بىز ئۆزىمىزنى ئۇلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى، ھالىمىز قانداق؟ بىز بايمۇ؟

ئۇيغۇرلاردا دېھقان-چارۋىچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن باشقا 5% ئەتراپىدا تىجارەتچى ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى بىر قەدەر ھال كۈنى ياخشى دىيىش مۇمكىن، ئۇلارنىڭ قانچىلىكتىن پۇلى بارلىقى ھازىرچە نامەلۇم. ئەمما ئۇمۇمەن باشقىلارغا قارىغاندا ھال كۈنى ياخشى. سودا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ياخشى كۈنى قاچانغا بارىدۇ؟ بۇنىڭغا بىرنىمە دىمەك تەس، مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى بولغان ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنى مىسالغا ئالساق تازىلىقى ياخشى بولماسلىق، تامىقى ياخشى بولماسلىق،

www.kitaphumar.net

مۇلازىمتى قوپال بولۇش قاتارلىق ھەرخىل سەۋەپلەر بىلەن خەنزۇ ئاشخانىلىرىغا يۈگۈرەيدىغان بولۇپ قالدۇق. ئۆزلىرىنى يەھۇدىلاردەك چاغلايدىغان سودىگەرلىرىمىزنى ئالساق ئاز دەسمايە بىلەن مالغا بېرىپ ئاز مال ئەكېلىپ باھانى ئۆرە قىلىپ ساتاتتۇق، مانا ئەمدى خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتتىن بولغان سودىگەرلەر ئۇيغۇرلار ياخشى كۆرىدىغان مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ ئەكىلىپ ئارزاق باھا چاپلاپ كۆپ سېتىپ كۆپ پايدا ئېلىپ ئۇيغۇر سودىگەرلەرنى بازاردىن قوغلاپ چىقارماقتا. تىككۈچىلەرنى ئېلىپ ئېيتساق ئىككى قوللۇق ئىش قىلىپ خېرىدارلىرىدىن ئايرىلىپ قالماقتا، لېكىن خەنزۇ تىككۈچىلەر بولسا رەختلەرنمۇ ئەكىلىپ رەختنى ئۆزىدىن ئالسا رەخ باھاسى ۋە مانجىسىدا ئېتىۋار بېرىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ ھەم سۈپەتلىك ئىش قىلىپ بازارنى مونوپول قىلماقتا.

ھازىر دۇنيا بىلىم ئىگىلىگى دەۋرىگە قەدەم قويىدى، بىز بولساق تېخىچە ئېپتىدائى چۈشەنچىدە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرمەكتىمىز، ئۇيغۇرلار قۇرغان كارخانىلاردا ئىشلەپ چىقىرىلغان مەھسۇلاتلاردىن قانچىلىك بار؟ ئەمەلىيەتتە 《ئارمان》، 《ئامنە》 ،《گۈلدىيار》، 《گۆھەر زېمىن》 يۇرۇشلۇك مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرى بازارغا سىڭىلىندى ( ئۇيغۇر تىبابىتى شۇنچە ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولسىمۇ ھازىر زاڭزۇ تەبابىتى ۋە موڭغۇل تىبابىتچىلىكىمۇ ئىناۋەت تاپالمىدى)، بىزنىڭ بىلىم ئىگىلىگىگە قەدەم بېسىشىمىزغا يەنە قانچىلىك ۋاقىت باردۇ؟ ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ قەلەمقاش، سۇمبۇل ساچ بولىشىدا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان تەبىئى گۈزەللىك، ساغلاملىق بۇيۇملىرى ئوسما، يىلىم، خېنىلەردىن بىز ۋاز كەچسەك باشقىلار كەشپىياتى سۈپۈتىدە مەھسۇلات قىلىپ ئىشلەپ چىقىرىپ بازارغا سالدى. ساغلاملىققا پايدىلىق بولغان مۇسەللەس قاتارلىق بەزى ئىچىملىكلەر شەكسىزكى ئۇزاققا قالماي يەنە باشقىلار تەرىپىدىن ئىشلەپ چىقىرىلىپ بازار تېپىشى مۇمكىن، بىز تېخىچە ئۆزىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى تونۇپ بولالمايۋاتىمىز، ئۇيغۇرلارنىڭ ”ھا ھا ھا“ دەپ كۈلۈشىمۇ 》 ۋا خا خا 《 بولۇپ داڭلىق ماركىغا ئايلاندى. يەن ۋە تەخنىكا جەھەتتىكى قالاقلىقىمىزدىن رايونىمىزدىكى ئۆسۈملۈك ۋە جانلىقلارنى تونۇپ بولالمايۋاتىمىز، بىز ئۇنىڭ قەدىر قىممىتىگە يەتمەستە ياۋايى ھايۋانلىرىمىزنى ئوۋلاپ تۈگەتمەكتە، چۈچۈك بويىغا ئوخشاش ھەممە يېرى ئالتۇن ئوسۈملۈكلىرىمىز كولىنىپ تۈگىمەكتە، بىز دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇرغان ” چېگە“ (لوپ كەندىرى) دەك تەبىئى تالانىمۇ تونۇيالماي ، قىممىتىنى چۈشەنمەي يۈرمەكتىمىز. بىز ئۆزىمىزنى ۋە مەدەنىيىتىمىزنى تونۇيالمىغىنىمىز ئۈچۈن تېخىچە ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتە يۈكسىلەلمەيۋاتىمىز. دېھقانچىلىق قاتارلىق خام

www.kitaphumar.net

ئەشيادىن پىششقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار نەچچە ھەسسە قىممەت بولۇپ ئېلىپ كېلىدىغان قوشۇمچە قىممەتمۇ ـ پايدىمۇ خېلى ياخشى، بۇ خۇددى رەختىنىڭ باھاسى بىلەن تىككۈچىلەرنىڭ ئالىدىغان باھاسىنىڭ پەقلىنىشىدىغانلىقىنىڭ ئۆزى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. يەن ۋە تەخنىكىنىڭ زور ئىقتىسادى قىممەت يارىتىدىغانلىقىنى ھازىرقى ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. 《كومپيۇتۇر دۇنياسى》 ژورنىلىنىڭ ئۈيغۇرچە 2000- يىللىق 3-، 4- قوشما ساندا ئېلان قىلىنغان ماقالىدە يېزىلىشىچە 1999- يىلىدىكى يەر شارى بويىچە كاپىتالى ئەڭ زور 1000 كارخانە ئىچىدە ئامېرىكا مىكرو سوفت شىركىتى 407 مىليارت 220 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلىغى بىلەن 1- ئورۇندا تۇرغان ( بۇ كارخانە يەنە 2001 ـ ، 2002 ـ يىلى دۇنيادا ھەممە ئىشىنىدىغان شىركەت بولغان) . بۇ شىركەتنىڭ قۇرغۇچىسى بىل گايتىس 102 مىليارت دوللارلىق بايلىقى بىلەن دۇنيادىكى بىرىنچى باي ھېساپلىنىدۇ.

‹‹ فوبۇس›› ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان دۇنيادىكى 10 چوڭ باي ئىچىدە مىكرو سوفت شىركىتىنىڭ لىدىرى بىل گايتىس ، ئامېرىكا مەبلەغ سېلىش بانكا خوجايىنى ۋولىن بافىت (35 مىليارد دوللار) ، گېرمانىيىلىك ئاربورىشت قېرىنداشلار ( 26 مىليارت 800 مىليون ) ، مىكرو سوفت شىركىتىنى ھەمكارلىشىپ قۇرغان بارو ئەيلون ( 25 مىليارت 200 مىليون ) ، ئامېرىكىلىق لارى ئېرسون (23 مىليارت 500 مىليون ) ، ئامرىكىلىق جىم ۋولتون ( 20 مىليارت 800 مىليون ) ، ئامرىكىلىق يوھان ۋورتون ( 20 مىليارت 700 مىليون ) ، ئامېرىكىلىق ئارىس ۋولتون ( 20 مىليارت 500 مىليون ) ، ئامرىكىلىق روپسون ۋولتون (20 مىليارت 500 مىليون ) ، ئامرىكىلىق ھايلون ۋولتون (20 مىليارت 400 مىليون ) ئىكەن ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋولتون جەمەتىدىكى 5 باي بىر شىركەت جەمەتىنىڭ ئەزالىرىدۇر. يۇقارقى بايلارنىڭ ھېچ بىرسىمۇ دېھقان تائىپىسىدىن ئەمەس.

1999- يىلى 《بايلىق》 ژورنىلى ئېلان قىلغان 40 ياشتىن تۆۋەن دۇنيادىكى ئەڭ باي 10 كىشى ئىچىدە Dell شىركىتىنىڭ 34 ياشلىق لىدىرى مىكائىل دېل 21 مىليارد 490 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بىلەن 1- باھالانغان.

35 ياشلىق تور كىتاپلىرى سودىگىرى ئاموزون شىركىتىنىڭ لىدىرى جوف بىزووۋس 5 مىليارد 740 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بىلەن 2- بولغان.

Gate Way كومپيۇتۇر شىركىتىنىڭ 36 ياشلىق لىدىرى تېددىر ۋىت 5 مىليارد 440 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بىلەن 3- لىككە، تور تالاشتۇرۇپ سېتىش شىركىتى oBay نىڭ 32 ياشلىق لىدىرى پىيىر ئومىيا 3 مىليارد 690 مىليون دوللار پۇلى بىلەن 4- بولغان.

www.kitaphumar.net

بۇلاردىن باشقا ياخو شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسىدىن بىرى 33 ياشلىق داۋى فىلو 3 مىليارد 120 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ، يەنە بىر قۇرغۇچىسى 30 ياشلىق ياڭ جىيۈەن 3 مىليارد 50 مىليون دوللار پۇللىرى بىلەن 5- ۋە 6- بۇلۇپ باھالانغان. ئۇلاردىن باشقىلارمۇ ئەنە شۇنداق ئۆتكۈر تەخنىكىلار بىلەن 40 ياشتىن تۆۋەن ياشتىكى كىشىلەر بۇلۇپ 10- باھالانغان oBay شىركىتىنىڭ 33 ياشلىق ئانالىز ئۇستىسى جېف سكورنىڭ 1 مىليارد 350 مىليون ئامېرىكا دوللىرى پۇلى بار ئىكەن. بىز ئۆزىمىزگە قاراپ باقايلى، قانچىمىز 40 ياشقا بارماستا قانچىلىك ئىگىلىك تىكلىدۇق؟ قانچىلىك ئىقتىساد جۇغلىيالىدۇق ياكى جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن قانچىلىك ھەسسە قوشالىدۇق؟ ئامېرىكا قاتارلىق غەرپ ئەللىرىدە مىليون مىليون پۇلنىڭ ئىگىلىرى " كاپىتالىست" لارنىڭ تەكىدىن تولىسى ئىشنى نۆلدىن باشلاپ ئۆز ئەقىل پاراستى ھەم كۆچىگە تايىنىپ مىليونىرلارغا ئايلانغان ئىكەن، دۇنيادىكى ئەڭ باي كومپيۇتېر ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل تۆھپە قوشقان بېل گايتىس 31 يېشىدىلا مىلياردېرغا ئايلانغان ، ئەر خوتۇن ئىككىسى « بېل ۋە مېيلىندا فوندى جەمئىيىتى» گە 20 مىليارت ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلغان . بىز بولساق تورلۇك باھانە سەۋەپلەر بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىمىزنى يوشۇرۇپ كەلمەكتىمىز، " شارائىت يوق" ، " مەبلەغ يوق "، "ئالدىراش " دىگەندەك باھانە سەۋەپلەر بىلەن ئۆز ئۆزىمىزنى گوللەپ ئۆتمەكتىمىز. ئومۇمەن مەيلى دېھقان، مەيلى مۇئاشلىق كادىر ياكى تىجارەتچى بولسۇن ئۆزىنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنىدىغان ۋاق يەتتى، كىچىككىشكە ھەرگىز بولمايدىغىنى ھەققىدە ئىقتىساد - پۇل بىشارەت بەرمەكتە.

«شىنجاڭ گېزىتى» 2001 - يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى سانىدا « جوڭگودا 200 مىليون ئاھالە ‹ ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە › قاتلىمىغا قەدەم قويىدى » دىگەن خەۋەردە ئېيتىلىشىچە دۆلەت ئۈچۈر مەركىزىنىڭ ئەمەلدارى "كەلگۈسى بەش يىلدا ، جوڭگودا 200 مىليون ئاھالە ‹ئوتتۇرا بۇردۇئازىيە قاتلىمى› ئىستىمالچىلىرى قاتارىغا ئۆتىدۇ" دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ئەمەلدار ئىزاھلاپ مۇنداق دىگەن : " ‹ ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە قاتلىمى› دىگەنلىك مۇقىم كىرىمى ، ئۆي ، ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش ئىقتىدارى بار ، كىرىمنى ساياھەت ۋە مائارىپ ئىستىمالىغا ئىشلىتەلەيدىغان كىشلەر توپىنى كۆرستىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە ، غەرپ ئەللىرىدە ، « ئوتتۇرا بۇردۇئازىيە قاتلىمى»دىكىلەر خېلى كۆپ سانىنى ، تەرەققى تاپقان دۆلەتلەردە، بۇ قاتلام ئومۇمى نوپۇسىنىڭ 80% نى ئىگىللەيدىكەن.

www.kitaphumar.net

... دۆلەت ئىستاتىسكا ئىدارىسىنىڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش باش ئەترىتى يۇقۇرى كىرىملىكلەر مەسىلىسىنى 2000 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تەتقىقات تېمىسى قىلىپ ، بېيجىڭ ، شاڭخەي ، تيەنجىن ، چوڭچىڭ ، جېجاڭ ، گۇاڭدوڭ ، يۈننەن ، شەنشى ، خۇبېي ، لياۋنىڭ قاتارلىق ئون ئۆلكە شەھەردىكى يۇقۇرى كىرىملىك 9956 ئائىلىنى سۇئالغا جاۋاپ بېرىش ئۇسۇلىدا تەكشۈردى.

كەسىپ نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، كارخانا ، كەسىپى ئورۇنلار مەسئۇللىرى ۋە كەسىپ ـ تەخنىكا خادىملىرىنىڭ شەھەرلەردىكى يۇقۇرى كىرىملىكلەر ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 50% تىن ئاشىدىكەن، كەسىپ ـ تەخنىكا خادىملىرى ئىككىنچى ئورۇندىكىلەر بولۇپ ، شەھەردىكى يۇقۇرى كىرىملىكلەرنىڭ 15.2% نى ئىگەللەيدىكەن. بىر نەچچە يىللار ئىلگىرى كىشىلەر : ‹‹ ئەقلى ئەمگەك بىلەن جىسمانى ئەمگەكنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالدى ›› دېيىشكەندى. ئەمەلىيەتتە كەسىپ تەخنىكا خادىملىرىنىڭ شەھەردىكى يۇقۇرى كىرىملىكلەر ئىچىدىكى نىسبىتى تېز ئاشتى. بۇمۇ بىلىم ئىگىلىگىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققى قىلغانلىقى، تەخنىكىنىڭ بازارلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى›› دېيىلگەن. ئەگەر بىز مۇشۇ خەۋەردىكى نىسبەت بويىچە ئېيتساق جوڭگۇدا ھەر 6 ـ 7 ئادەمنىڭ بىرى ئوتتۇرا بۇرژۇازىيە قاتلىمىدىكى ئىستىمالچىغا ئايلاندى دىگەنلىك بولىدۇ ، مۇشۇ نىسبەت بويىچە ھېساپلىساق ئۇيغۇرلاردىنمۇ بىرەر مىليون ئادەم بۇ قاتلامغا كىرىشى كېرەك، بىز قانداق قىلساق بۇ نىسبەتكە يېتەلەيمىز؟

مىنىڭ يۇقارقى ھېساپ كىتاپلىرىمنى كۆرگەنلەر بەلكىم مىنى پۇلنى خۇدا دەپ بىلىدىغان، 《پۇل تاپقىچە يۈز تاپ》 نى بىلمەيدىغان، بېخىل بىر بەندە بولىشى مۇمكىن دەپ ئويلىشى مۇمكىن، مەيلى قانداق ئويلىماڭ مىنىڭ پۇل ھەققىدە ئۆزگىچە كۆز قارىشىم بار. چۈنكى ئەمىلىيەت ماڭا بۇنى كۆرسەتكەن، سىزگە ئوخشاش مەنمۇ ئۆي سېتىۋالغان، پۇلنىڭ قۇدرىتىنى تېتىغان، 《بىر نان تاپسا داپ چالىدىغان》 قېرىنداشلىرىمنىڭ ھال كۈنىنى ھەم ھېس قىلغان. يىراقنى قويۇپ يېقىننى، ئادەتتىكى ئۇيغۇرلارنى قويۇپ ھازىرقى مەشھۇر شەخسلىرىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق پۇل ياكى مەبلەغنىڭ قانچىلىك زور كۈچى بارلىغىنى بىلەلەيمىز. جۇرئەت ئۇبۇلقاسىم ئىككى قېتىم دۇنيا جىنىس رېكورتىنى يارىتىدىغاندا پۇل ئۇچۇن قانچىلىك رىيازەت چەكتى؟ ئۆرۈمچىنىڭ جەنۇبى قوۋۇقتا ئۆتنىسگە خۇرجۇننى ئارتىپ ياردەم تىلىمىدىمۇ؟

سىياسى كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2001 ـ يىللىق يىغىنىدا جۇمە ئىسمايىل ، مەخسۇم ھاجى قاتارلىق ھەيئەتلەرنىڭ پىكىرلىرىگە قارىغاندا ئىقتىسادى

www.kitaphumar.net

سەۋەپلىك خوتەن ۋىلايىتىدىكى دېھقان چارۋىچىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشى يىلدىن يىلغا قىيىنلاشقان ، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ : ‹‹ خوتەن ناھىيىسىدىكى كەڭ دېھقان چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش ئەھۋالى يىلدىن يىلغا ناچارلاشماقتا، ناھىيە بويىچە ھەر يىلى 1800ـ 2000 غىچە ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا تەخنىكوم ۋە ئالىي مەكتەپكە ئېشىش ئىمتاھانىغا قاتنىشىدۇ، بۇلاردىن 450 ـ 500 گىچە ئوقۇغۇچىغا چاقىرىق كېلىدۇ ، لېكىن مەكتەپكە بېرىپ نورمال ئوقۇيالايدىغىنى پەقەت 250 نەپەر ئەتراپىدا بولۇپ %50 تەك ئوقۇغۇچى ئىقتىسادى قىيىنچىلىق سەۋەپلىك ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمايدىكەن ، بۇنىڭ تەسىرى بىلەن دېھقان چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرىلارغا ئۆرلەپ ئوقۇشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالغان ››

‹‹شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى›› ( ئۇيغۇرچە 2002 ـ يىلى 18 ـ يانۋار ) ساندا مۇنداق بىر مەلۇماتمۇ بار: ”يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش بەدەل پۇلى ئارقا ئارقىدىن ئۆرلەپ ، يىلىغا 4000 ـ 6000 يۈەنگىچە بولغان، بىر قىسىم مەكتەپلەرنىڭ 9000 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن.

ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىلا نەچچە يىلدىن بۇيان ، ئوقۇش ياردەم قەرز پۇلى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان نامرات ئوقۇغۇچى 4000 دىن ئاشقان. ئىگىلىنىشىچە ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ، 20 دىن ئارتۇق ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئىنىستىتۇتتا نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 40 مىڭدىن ئاشىدىكەن ... “

بىلىيارتچى قاسىم تۇرسۇن ئەنگىلىيەدە نىمە كۆنلەرنى كۆردى؟ ”پەلەك شاھى“ ئادىلجان ھوشۇرنىڭ كەچمىشلىرىدىن قانچىلىك كىشى خەۋەردار؟ غولجا شەھەرلىك 2ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 16ياشلىق گۈلباھار ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ شىنجاڭ تېببى ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىغىدىكى 1ـدوختۇرخانىدا 7 ئاي داۋالىنىپ ( ھەر ساھە مېھرىبانلىرىنى يەتكۈزۈپ 200مىڭ يۈەنلىك داۋالىنىپ) بىر ئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن غولجىغا قايتقان ۋە بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان. بۇنداق ئىشلار ئاز بولدىمۇ؟ .... نەچچىلىگەن سەرۋى قامەتلىك قىزلىرىمىز پۇل تېپىش ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئىشلەيمىز دەپ قانچىلىك دەپسەندە قىلىندى؟ ئەجدادلار توغرا ئېيتىدۇ”پۇلى بارنىڭ گېپى ئوك، پۇلى يوقنىڭ گېپى توك “”پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا“ دەپ. مېنىڭ يۇقارقى بايانلىرىم ھەرگىزمۇ پۇلنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈپ ئىپپەت نۇمۇسىنىمۇ پۇلغا تېگىشىۋاتقانلارغا مەدەت بېرىش ئەمەس! بىزنىڭ نۇزۇگۇم كەبى

پاكلىقنى، ئىپپەتنى پۇل-بايلىقتىن ئۈستۈن بىلىدىغان ساپ نىيەت، ئىمان ئېتىقاتلىق خۇتۇن قىزلىرىمىز سانسىز. گېپىمىزگە قايتساق پۇلنىڭ قۇدرىتى چەكسىزدۇر، ئۇ مۈشكۈللۈكنى ئاسان قىلغۇسى.

ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن شۇنچە نامرات ئۆتتىمۇ؟ ياق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بېيىغانلارمۇ بولدى، ئەمما باي بولغاندىن كېيىن ماڭغان يولى ئوخشاش بولمىدى. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلاردىن پۇل تاپقانلار پۇلنى قانداق خەجلىدى؟

خوتەنلىك ساخاۋەتچى، مەرىپەتپەرۋەر دېھقان كېرەم ئىمىن نۇرغۇن پۇل خەجلەپ مەكتەپ، دوختۇرخانا، كۆۋرۈك سالدى.

غۇلجىلىق ئابلىمىت خالىس ھاجىم ئۆزى 400مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن مۇھەممەت ئىمىن قارىھاجىم، سادىقجان، ئابدۇرېشىت قادىر، دىلشات سابىت قاتارلىق ئەل ئوغلانلىرىنىڭ 100مىڭ يۈەندىن پۇل قوشۇشى نەتىجىسىدە قۇرۇلغان غۇلجا مىللى مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى 1مىليون 500مىڭدىن ئارتۇق مەبلەغ بىلەن قۇرۇلۇپ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىنىڭ قايتا ئوقۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم سۆيەر روھىنى نامايەن قىلدى.

غۇلجىدىكى نۇرتاي ھاجىم 1مىليون 500مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ يېتىم يېسىرلار مەكتىۋى قۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ساخاۋەتلىك روھىنى نامايەن قىلدى.

ئۈرۈمچى قىران بۇركۇت شىركىتىنىڭ لىدىرى قۇدرەت ھاجى ئاتۇشتا جامائەت ئىشلىرى ئۈچۈن 1مىليون 500مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل خەجلەپ ساۋاپ تاپتى.

ئاتۇشتىن ساۋۇت ھاجىم ۋە پەرزەنتلىرى 2مىليوندىن كۆپ پۇلنى جامائەت ئىشلىرىغا سەرپ قىلدى.

قەشقەردىن ئەسقەر ئابدۇللا 1مىليون يۈەن پۇل چىقىرىپ مەكتەپ سېلىپ مەرىپەت نۇرىنى چاچتى.

ئۈرۈمچىلىك قاسساپ يۇسۇپ ئىمىن ئۆز يېنىدىن نۇرغۇن مەبلەغ چىقىرىپ پۇتبول مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى.

مەرھۇم مامۇتجان داۋۇت 500 مىڭ يۈەن چىقىرىپ يىگىنى ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزار مۇكاپاتىنى تەسىس قىلغان.

بۇنداق مىساللار خېلىلا كۆپ بولۇپ خەلقنى سۆيۈندۈردى، بەزىلەر ئۇيغۇرلارنى يەھۇدىلارغا ئوخشاش سودىدا ماھىر دەپ تەرىپلەيدۇ، ئەمما مەن يۇقارقىلارغا ئوخشاش ساخاۋەت ئىگىلىرىنىلا يەھۇدىلارغا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ. چۈنكى يەھۇدىلار ئەنە شۇنداق

مىللەتپەرۋەرلىك ھەم ئىلمپەرۋەرلىك بىلەن نۇرغۇن قانلىق كەچمىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئۆز مەۋجۇتلىغىنى ساقلاپلا قالماي يەنە دۇنيادا ئالاھىدە بىر مىللەتكە ئايلانغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا دۇنيادا نوبىل مۇكاپاتى ئالغانلارنىڭ 17% تى ئاران 14مىليونىدەك نوپۇسقا ئىگە يەھۇدىلار ئىكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئۇلارنىڭ يىرىمىدىن كۆپرەك بولسىمۇ تېخىچە بىرەر ئادەم بۇ شەرەپلىك مۇكاپاتقا نائىل بولالمىدى. ئامېرىكىدا ھەر بەش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ بىرى يەھۇدى ئىكەن، ئۇيغۇرلاردىنچۇ؟

ياپونىيەدە ئوقۇپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن دوكتور ئاشتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستۇتىنىڭ پېروفىسورى مەمتىمىن غىنى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئىشقا چۈشكەندە يەن تەخنىكا تەتقىقاتىنى يۇكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تەجرىبىخانە قۇرۇشقا خىراجەت بولمىغاچقا ئۆزى 300مىڭ يۈەن چىقىرىپ تەجرىبىخانە قۇرۇپ تەتقىقات ئۈچۈن شارائىت ياراتقان.

دوكتور ئاشتى خالمۇرات غۇپۇر ئۇيغۇر تىبابەت تەتقىقات ئورنىغا ئادەم لازىم بولغاندا ئۆزى 10مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ خادىم يۆتكەپ كېلىشكە مۇۋەپپەق بولغان. ئالىمنىڭ مۇۋەپپەقيەتلىرىدىن خەۋەر تاپقان ئەنگىلىيە ۋە باشقا چەتئەل شىركەتلىرى ئۇنى يۇقىرى مۇئاش بىلەن تەكلىپ قىلسىمۇ ۋەتەننى، مىللەتنى دەپ پۇل، يۇقۇرى تۇرمۇشتىن كېچىپ ۋەتەنگە قايتقان.

ئەنگىلىيەدە ئوقۇپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن مائارىپشۇناس ھەكىمە ئەرشىدىن خانىم ئوقۇش داۋامىدا قەرز بولۇپ قىلىپ ئوقۇش پوتتورگەندىن كېيىن مەلۇم ۋاقىت ئىشلەپ قەرزلىرىنى تۆگۈتۈپ ئاندىن ۋەتەنگە قايتقان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر ياشلىرى چەتئەللەرگە چىقىپ ئىلىم تەھسىل قىلدى، غەرپ دۇنياسىنىڭ يۇقۇرى مۇئاش، يۇقۇرى ئىستىمال جەمئىيىتىدە ئالدى 3ـ 4يىلدىن كەينى 8ـ10 يىلغىچە ئوقۇدى، ئۇلار تۇرمۇشىنى قانداق قامدىدى؟ ئوقۇش پۇللىرىنى قانداق تۆلىدى؟ ئوقۇش يەنى چەتئەللەردە جوڭگوغا، ئۇيغۇر مىللىتىگە ۋەكىللىك قىلغان ھالدا ئوقۇش شۇنچە ئاسانمىدۇ؟ ياق، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئوقۇسا يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپ تۇرمۇشىنى قامدىدى. مەن كۆرگەن ماتېرىياللاردا ياپونىيەدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئۇيغۇرلار باشقا مەملىكەتلەردە ئوقۇغان ئۇيغۇر دوكتورلاردىن خېلى كۆپ، ئۇنداقتا ئۇلار ئوقۇغان توكيو قاتارلىق ئىلىم مەركەزلىرىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى قانداق؟ خەنزۇچە 《پايدىلىنىش خەۋەرلىرى》 گېزىتىنىڭ 2000ـ يىللىق 15ـسېنتەبىر سانىدا ” شۇئىتسارىيە بىرلەشمە بانكىسى دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە:

www.kitaphumar.net

دۇنيادىكى شەھەرلەر ئىچىدە توكيودا كېتىدىغان تۇرمۇش خىراجىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ نيۇيورك، ستوكھولىم، سۇلشلاردىن كۆپ يۇقىرى تۇرىدىكەن .... يېمەكلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 39خىل تووارنىڭ 58 شەھەردىكى باھاسىنى سېلىشتۇرغاندا ئوتتۇرىچە باھاسى 310 ئامېرىكا دوللىرى بولسا مۇشۇ تووارلارنىڭ توكيودىكى ئوتتۇرىچە باھاسى 765 ئامېرىكا دوللىرى ئىكەن...“. يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ياپونىيە يۇقىرى ئىستىمالىنى تېتىپ كۆرگەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ ئۇنىڭ يېزىشىچە 200 گرام تاتلىق ياڭيۇ خەلق پۇلىدا 24يۈەن، ئىككى باش پىياز 14يۈەن، ئىككى باش سەۋزە 9يۈەن، بىر كىلوگرام گۆرۈچ 20يۈەن ئىكەن، يۇقارقىلار خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلغان باھا بولۇپ سىز تاماق يېيىشىڭىز ئۈچۈن چوقۇم يېتەرلىك پۇلىڭىز بولۇشى كېرەك. دېمەك چەتئەلگە چىققان ھەر بىر ئوقۇغۇچى جان تىكىپ ئىشلەپ جاپالىق ئوقۇپ ئاندىن دوكتۇر- پەنلەر ئالىملىرىدىن بولۇپ چىققان. ئەگەر سىز چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇماقچى بولسىڭىز ئامېرىكىدا ھەر بىر ئوقۇش يىلىغا 30 مىڭ دوللاردىن ئارتۇق بولۇپ يىلىغا تەخمىنەن 250 مىڭدىن 300 مىڭغىچە خەلق پۇلى كېتىدىكەن. ئەنگلىيىدە ھەر ئوقۇش يىلىغا كەم بولغاندا 200 مىڭ يۈەن كېتىدىكەن. ياپونىيەدە بىر مىليون ياپونىيە يېنىدىن ئارتۇقراق پۇل كېتىدىكەن، 150 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل بولغاندىلا ئاندىن بىر يىل ئوقۇغىلى بولىدىكەن. گېرمانىيە ۋە ئاۋىستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە كېتىدىغان يىللىق خىراجەت 100 مىڭ يۈەندىن كەم بولمايدىكەن. سىز ئۇ چەتئەل، لېكىن ئېلىمىز سوتسىيالىستىك جوڭگودا پۇل ئۇنچە مۇھىم ئەمەس دېيىشىڭىز مۇمكىن، ئۇنداقتا ئېلىمىزگە نەزەر ئاغدۇرايلى: يېقىندا شىنجاڭ ئۈچۈن خوشاللىنارلىق بىر ئىش بولغان بولۇپ سىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئىنىستۇتىغا MBAيەنى سودا سانائەتنى مەمۇرى باشقۇرۇش ئىلمى ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بېرىش ھوقۇقى بېرىلگەن بولۇپ بۇ ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەرنىڭ كارخانىلاردىكى ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ مۇئاش تەمىناتىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىكەن، جۈملىدىن مۇشۇ ئۇنۋانغا ئېرىشىشتىن بۇرۇنقى يىللىق مۇئاشى 33مىڭ يۈەن بولسا، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تۇنچى يىلىلا 88مىڭ يۈەن بولغان. ئۇنداقتا مۇشۇ ئوقۇش ئۈچۈن قانچىلىك خىراجەت كېتىدۇ؟ ئوقۇش پۇلىنىڭ ئۆزىلا چىڭخۇا ئۇنىۋېرستۇتىدا 60 مىڭ يۈەن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرستۇتىدا 50مىڭ يۈەن ئەتراپىدا. بولدىلا پۇلىمىز بولمىغاندىكىن ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇيلى، ئالى مەكتەپلەر قانداق بولار؟ 2000- يىللىق ئالى مەكتەپلەرنىڭ يىللىق ئوقۇش پۇلى 《بايىنغۇلىن گېزىتى》 نىڭ شۇ يىلى 6- نويابىر سانىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ چىڭخۇا ئۇنىۋېرستۇتى 4800يۈەن، شىمالى جوڭگو قاتناش ئۇنىۋېرستۇتى 5500يۈەن، توڭجى ئۇنىۋېرستۇتى 6500يۈەن، ئەڭ

www.kitaphumar.net

تۆۋەنلىرىنىڭمۇ 3000يۈەن ئەتراپىدا بولغان. بولدىلا ئاۋۋال ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئـويلايلى ، بـالىلىرىمىز ئـالىي مەكـتەپكە ئۆتەلمىسە هـېچ بولمىغانـدا مـوزدۇز يـاكى بـىرەر هۈنەرۋەن بولار ؟ ‹‹ شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى ››نىڭ 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى سانىدا ئۈرۈمچى شەهرىنىڭ 2001 ـ يىللىق ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ پۇل يىغىش ئۆلچىمىنى ئېلان قىلغان بولۇپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەۋسۇملۇك ئوقۇش پۇلى 600 يۈەن ، دېهقان چارۋىچىلىق رايونىنىڭ 400 يۈەن بولـۇپ ئـاپتونوم رايونىمىزنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىۋى 50% ئەتراپىدا ئۆرلىتىپ يىغىسا بولىدىكەن. پىلان سىرتىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن 2500 يۈەن هەق ئېلىنىدىغان بولـۇپ تولۇقـلۇق ئوتتـۇرا مەكـتەلەر 50% ئۆستۈرۈپ ئالسا بولىـدىكەن. رايـون ئـاتلاپ ئوقـۇش هەققـى 1000 ـ 600 يـۈەنگىچە بولىـدىكەن ››. دېهقـانلىرىمىزنى قويـۇپ تـۇرلىرىنى بـاي چاغلاۋاتقـان مۇئاشـلىقلارنىڭ مۇئاشىدىن يىللىق ئېشىنچە پـولى 3000يـۈەن ئەتراپىـدا، ئۇنـداقتا پەرزەنتلىرىمىز ئوقۇشقا بارسا ئوقۇش پۇلىدىن باشقا پۇلىنى قانداق هەل قىلارمىز؟؟؟ بالىلىرىمىز بىر ياقىدىن ئىش تېپىپ ئىشلەپ بىر ياقىدىن ئوقۇپ جان باقارمۇ يە؟ مەن ” يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇن“ۇپ ئوقۇتمايمىكىن دەيمەن، هېچ بولمىسا دەسمايە ئـاز كېتىـدىغان مـوزدۇز بولـۇپ جـان باقـار، ھەممە ئادەم يالاڭغىداق ماڭىدىغان خوتەن دېهقانلىرى بولمىغاندىكىن؟

ئۇيغۇرلارنىـڭ قـولى راسـتىنلا پـۇل كۆرمىـدىمۇ؟ ئۇنـداق دىسـەك قەتئـى بولمايـدۇ، دېهقانلىرىمىز ئىلگىرى پاختا مەهسۇلاتلىرىنىڭ باهاسى يۇقۇرى چاغلاردا ئاز تولا بېيىغان. كادىرلىرىمىزنىڭ مۇئاشى كۆندىلىك تۇرمۇشنى قامدىغان، ئەمما ئازراق ئېشىنچە پۇل خېلى بىر قىسىم ئادەملىرىمىزنى هەرخىل ئويلارغا، دۆلەتكە، پـارتىيىگە، خەلققە يـۈز كېلەلمەيـدىغان ئىشلارغا راۋان قىلدى. بەزى بىر ئىشلار ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىنى خورىتىدىغان مـۇهىم ۋاستىلەرگە ئايلاندى.

تاماكـــا: تېخـــى دۆلەت تەرىپىـــدىن چەكلەنمـــگەن زەهەر دەرىجىســـى دەرهـــال كۆرۈنمەيدىغان زەهەرلىك چېكىملىك. ئۇيغـۇر ئائىلەلىرىـدە مۇتلەق كـۆپ ”ئۆپكىسـى بـار ئەرلەر“ تاماكـا چېكىـدۇ، ئۇلارنىـڭ پەرزەنتلىـرى دادىلىرىـدىن ئۆگـۈنـۈپ باشـلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ چېكىشنى ئۆگـۈنىـدۇ، بـۇ ئۇيغـۇر ئـائىلىلىرىنى ئېيىغا 100ـ150يـۈەن بىۋاسـتە ئىقتىسـادى زىيـان سـالىدۇ. ئامېرىكـا ئالىملىرىنىـڭ تەتقىـق قىلىشـىچە تاماكـا چەككەنـدە ئـۆپكە، جـگەر، بـۆرەك هەمتـا ئۈسـتىخانغىچە كـۆپ ئەزالارغـا تەسـىر كۆرسىتىدىكەن. بىر يېرىم قـاپ تاماكـا چەككەنـدە ئـادەم بەدىنـى قوبـۇل قىلغـان زىيـانلىق ماددىلار 300 قېتىم رىنتگېن ئاپراتىدا تەكشۈرگەنگە باراۋەر كېلىدىكەن. بىر تال تاماكىنى

www.kitaphumar.net

چەككەندە چەككۈچى 4000خىلدىن ئوشۇق خىمىيلىك ماددىنى سۈمۈرۈۋالىدىكەن...
توكيودا بىر ئالىمنىڭ 91مىڭ ئايالنىڭ كىسەل خاتىرىسىنى تەتقىق قىلىشىچە ئەرلىرى تاماكا چېكىدىغان ئايالالرنىڭ ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولۇشى چەكمەيدىغانلارنىڭ ئايالىنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە يۇقىرى بولىدىكەن .... شۇڭا دۆلەت ھازىرچە گەرچە تاماكا ئىشلەپ چىقىرىشقا يول قويسىمۇ قىپىغا " تاماكا چېكىش سالامەتلىككە زىيانلىق" دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشنى چىقىرىش بەلگىلەنگەن. تاماكا چەككۈچىلەر ئۆزلىرى زەھەرلەنگەندىن سىرت 53.5% ئادەم ۋاستىلىك زەھەرلەنمەكتە، جۈملىدىن ئىشخانىدا ئىشداشلار، ئائىلىدە خوتۇن ـ باللىرىمىز ۋاستىلىك زەھەرلەنمەكتە. ھازىر ئېلىمىزدە يىلىغا بىر مىليون، كۈنىگە 2000 ئادەم تاماكا چېكىش سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلماقتا ئىكەن. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا ئۇرۇمچى ئاھالىسىنىڭ 32.22% تاماكا چېكىدىكەن.

ھاراق: ھازىر ھاراقنى سىزمۇ، مەنمۇ، ئۇمۇ ئىچىۋاتىمىز، ئەرلەرلا ئەمەس خوتۇن قىزلىرىمىزمۇ ئىچىدىغان بولۇۋالدى. ئۇلار " قەھرىمانلىق جاسارىتى " بار ئۇيغۇرلاردۇر بەلكىم ( مەن بىر قانچە ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنىڭ نەچچە توننا ھاراق ئىچىپ بولغانلىقىنى پەخىرلىنىپ سۆزلىگىنى ئاڭلىدىم ، تورمۇشىنىڭمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ باشقىلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى كۆكتاتتىن تارتىپ ئاچچىقسۇلارغىچە باشقىلاردىن پات ـ پات سوراپ خۇلۇم خوشنىلىرىنىمۇ زېرىكتۈرگەنلىگىدىنىمۇ خەۋەر تاپتىم). ھاراققا خەجلەيدىغان پۇلىمىز ئېيىغا يۈز يۈەن ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ، ھاراقمۇ خۇددى تاماكىغا ئوخشاش ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك زىيانلىق بولسىمۇ شۇنداق بىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى شەكىللەنگەنكى كىمكى ھاراق ئىچمىسە ئۇ ئەر ئەمەس، ھەر قانداق ئىشى ئالغا باسمايدىغان، ھاراقسىز ئۆز ئارا ئىزلەشمەيدىغان، دوستلار يىغىلسا ھاراقسىز كۆڭۈللۈك سۆھبەت قۇرالمايدىغان ئىجتىمائى مۇھىت شەكىللەندى. ئۆز ئارا كىنايە قىلىشىپ " ئۇيغۇر بولغاندىكىن ھاراق ئىچمەي نىمە قىلىمىز " دېيىشىدىغان بولدۇق. راستىنى ئېيتقاندا نىمە ئۈچۈن مۇنداق بىر بىرىمىزگە زورلاپ ئەقلىدىن ئېزىپ ھاراق ئىچىدىغانلىقىمىزنى بىلگىلى بولمايدۇ، بىز ئەشۇ رېستورانلاردا قان تەرىمىزدىن كەلگەن پۇلىمىزغا بىر بىرىمىزنى زورلاپ ھاراق ئىچىپ مەس ئەلەس يۈرگۈنىمىزدە قولى قىسقا ئۇرۇق ـ تۇققان ، ئاتا ـ ئانا ، قېرىنداشلىرىمىزدىن بىرقىسمىنىڭ بىر ۋاق تاماق ئۈچۈن خارۇ ـ زار ، قان يىغلاپ مۇھتاجلىق ئىلكىدە تۇرغىنىنى قەتئىي ئويلاپمۇ قويمايمىز. قانچىلىغان باللارنىڭ مۇھتاجلىق تۈپەيلى قولى ئەگرى بولۇپ قالدى، دوستلار ئويلىنىپ كۆرەيلى، توپ تويىمىز بىلەن ھاراقكەشلىكتىن قول ئۈزەيلى ، ئۇيغۇرلۇق يولىغا قايتايلى.

www.kitaphumar.net

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىپلىمىزدە 25 مىليون توننا ھاراق ئىشلەپ چىقىرىلغان. شىنجاڭدا ھازىر 120دىن كۆپ ھاراق زاۋۇدى بار بولۇپ 80 نەچچىسى ئاق ھاراق ئىشلەپ چىقىرىدۇ. يىڭىۋا زاۋۇدى 18، ئۈزۈم ھارىقى زاۋۇدى 17، سېرىق ھاراق زاۋۇدى 3 بولۇپ يىللىق ئۇمۇمى مەھسۇلاتى 550مىڭ توننا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاق ھاراق 150مىڭ توننا ئىكەن ( ئۇيغۇرلار قانچىلىكىنى ئىستىمال قىلىدىغاندۇ؟). بىر كىلو ئاق ھاراق ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن 2.5كىلوگىرام ئاشلىق، بىر كىلوگىرام پىۋىغا 150گىرام ئاشلىق كېتىدىكەن. ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە ئاق ھاراق خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن بولسا مانا تېلۋىزورلىرىمىزدا كۈنىگە نەچچە قېتىم ئاق ھاراق ئېلانى بېرىلىپ كەڭ تۈردە ھاراق ئىچىش تەشۋىق قىلىنماقتا، ھەتتا ئادىل مىجىتقا ئوخشاش ئەل سۆيگەن سەنئەتكارلىرىمىزمۇ خەلقنى ئېيتقاددىن، ئەقلى ھۇشىدىن ئايرىلىپ ھاراق ئىچىشكە دەۋەت قىلماقتا.

زىنا: دىنى ئىسلامدا ئىنتايىن قاتتىق چەكلىنىدىغان زىنا يەنە قايتىدىن باش كۆتىرىۋاتىدۇ. مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نۇرغۇن پالاكەتلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە (زىناخورلارنى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش كېرەكمۇ قانداق؟)ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى 《 دە يېزىلىشىچە مۇسۇلمان بولمىغان دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرىدىن بولمىش قارلۇقلار زىنانى ئىنتايىن قاتتىق چەكلىگىنى ئۈچۈن زىنا يوق بەرمەيدىكەن، ناۋادا يۈز بەرسە ئۆلتۈرۈلمىلا ئۇلارنى گۇناھىدىن خالاس قىلىدىكەن). ئەيدىز شۇنداقلارغا بېرىلىگەن جازا بولۇپ كەلمەكتە، ئىپلىمىزدە 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بايقالغان ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغانلار 500مىڭ بولۇپ% 83 ئەرلەر ئىكەن. 1995 -يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا بايقالغان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغانلار 9 بولسا، 1996 -يىلى 370 كە، 1998 -يىلى 1087گە، 1999 -يىلى 3656گە، 2000 -يىلى 6 -ئايغا كەلگەندە 4436كە، 2001 -يىلى 9 -ئايدا يۇقۇملانغانلارنىڭ سانى 5755 كە يەتكەن بولۇپ بەزى مۇتەخەسسىلەر بۇ سان ئەملى يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگەللەيدۇ دىيىشمەكتە. گېزىت خەۋەرلىرىگە قارىغاندا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان شىنجاڭلىقلار مەملىكەتتىكى يۇقۇملانغۇچىلار ئومۇمى سانىنىڭ %20نى ئىگەللەيدىكەن ، بۇلتۇر بىر يىلدىلا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان شىنجاڭلىقلارنىڭ سانى 1109 بولۇپ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش ھازىر ئادەتتىكى ئاما ئىچىگە قاراپ يۈزلەنمەكتە ئىكەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا (يۈننەن 1- ئورۇندا) تۇرىدۇ، ئەمما تارقىلىش سۈرئىتى - يۇقۇملانغۇچىلار كۈنىگە 4- 5 ئادەم يۇقۇملىنىش سۈرئىتىدە كۆپەيگەن بولۇپ بۇ جەھەتتە مەملىكەت بويىچە شىنجاڭ

www.kitaphumar.net

”چـمپيون“. ئاپتونوم رايونـمىزدا ھازىر 15ۋىلايەت ئوبلاستتىكى 68 ناھىيە، شەھەر، تۇن مەيدانـدا ئەيـدىز كېسـىلى بىـلەن يۇقۇملانغـانلار بايقالغـان بولـۇپ بـۇ كېسـەلگە گىرىپتـار بولغۇچىلارنىڭ% 92 ئەرلەر ئىكەن، 20 ياشتىن 29 ياشقىچە بولغـانلار %73 ئىگەللىـگەن بولۇپ ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ %70 زىنا ئارقىلىق يۇقىدىكەن، 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شىنجاڭ تېلۋىزيە ئىستاسىسى ‹‹ كۆڭۈلدىكى سۆز ›› پىرۇگىرامىمىسىدا دىيىلىشە شىنجاڭدا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ % 80 تىن كۆپرەگىنى ئۇيغۇرلار ئىگەللەيدىكەن. ئەلۋەتتە يۇقارقىلار ھازىرچە ئېنىقلانغان سان بولۇپ ئېنىقلانمىغانلىرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىگىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئەمما بىر ھەققەت ئايدىڭكى ئەدەپ قائىدە ۋە ئىمـان ـ ئېتىقاتـدىن كەچـكەن بىـر بۆلـۈك زىناخورلىرىمىزغـا ئـانچە ياخشـى كـۈن قالمىغانـدەك! ( ئەلـۋەتتە بۇلارنىـڭ ئىچـىدە زەھەرنـى ئۈكـۈل قىلىـش ئـارقىلىق ئـۆز ئـارا يۇقتۇرۇش ۋە قان بىلەن يۇقۇش قاتارلىقلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمايمىز) ئەمما زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا ئۇلارنىڭ بىغۇبار، سەبى، پاك پەرزەنتلىرى ( ب د ت نىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ ئېلان قىلىشىچە ھازىر دۇنيادا 13مىليون 400 مىڭ بالا ئەيدىز سەۋەۋىدىن يېتىم قالغان بولۇپ بۇ سان 2010 ـ يىلىغا بارغانـدا كۆپىيىپ 25 مىليونغا يېتىـدىكەن ) ھەم پاك ديانەتلىك خوتۇنلىرىدۇر. ‹‹ بايىنغۇلىن گېزىتى ›› (2001 ـ يىل 21ـ دىكابىر ) ئـېلان قىلغـان تەرجـىمە ماقالـدە يېزىلىشـىچە ‹‹ ئەيـدىز كېسـىلى ۋىرۇسـى بىـلەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئەيدىز كېسلى بىمارلىرىنىڭ يىللىق بالنىستا يېتىپ داۋالىنىدىغان ( ئوتتۇرىچە قېتىم سانى ) 14 قېتىمغا ، كۈن سانى 89.6 كۈنگە يەتكەن. ئوتتۇرىچە ھەر يىلـى ھەر بىـر ئادەمنىـڭ داۋالىـنىش راسـخوتى 54 مىـڭ 549 يـۈەنگە يەتـكەن.... مۇبـادا كىسەلگە قارشى ۋىرۇس بۇيىچە داۋالىنىشنى قوبۇل قىلسا ، بىر بىمار ھەر يىلى 23 مىڭ 857 يـۈەن راسـخوتنى قايتىـدىن قوشـۇپ داۋالىنىشـقا تـوغرا كېلىـدۇ. بـۇ راسـخوتلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىنچاقلىساق 78مىڭ 406 يۈەن بولىدۇ. مۇتەخەسسىلەرنىڭ ھېساپلىشىچە ، ئەيـدىز كىسـلى ۋىرۇسـى بىـلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىـڭ سانى ئازايسا ئوتتـۇرىچە بىـر ئـادەم جەمئىيەت ئۈچۈن 370 مىڭ يۈەن ئىجتمائى بايلىق يارىتىپ بىرەلەيدىكەن ››

ئـاق ئالۋاسـتى خىروئىن: ئـارتۇقچە سۆزلەش نە ھـاجەت، ئىنسانلار ئۇنىڭغا بەرگەن سىمۋول نامى ئاق ئالۋاستى ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟ گېتار ماھىرى ئەخمەتجان ۋە باشقا خۇلۇم ـ خوشنا دوست بۇرادەرلىرىمىزنى يۇتۇپ ئەلنى غەمناك قىلغانلىقى، ھېلىھەم ياۋۇزلىقى بىلەن بىزگە سايا تاشلاپ تۇرغانلىقى ھەممىگە ئايانغۇ؟

www.kitaphumar.net

ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بىباھا ئەسىرى ‹‹ قۇتادغۇبىلىك ›› نىمە دېگەنلىكىنى يەنى مۇندىن مىڭ يىل بۇرۇن نىمە دېگەنلىكىنى ئۇقۇپ كۆرۈڭ ھەم ئويلىنىپ بېقىڭ :

1337. مەي ئىچمە ، زىنادىن سەن ئەيلە ھەزەر ،
بۇ ئىشلار گادايلىق تونىن كەيدۈرەر.
1338. ھاراق مىڭ گۇناغا پاتۇرغاي سېنى ،
قاچار بەخت زىنادىن، يۈزۈڭ تۆكۈلەر.

ئۇيغۇر خەلقىدە قايسى زاماندىن قالغىنى نامەلۇم ” 15كۈنلۈك ئالەمدە ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا“ دېيىدىغان ماقال بار بولۇپ خەلقىمىزدە بىر قىسىم كىشىلەر ئەجدادىدىن قالغان بۇ ئۇدۇمغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ كۈننى ئۆيۈن تاماشا بىلەن ئۆتكۈزمەكتە. ئىشەنمىسىڭىز كوچىدىكى بىليارتخانىلارغا بىرىپ قاراپ بېقىڭ، خەنزۇ يولداشلار پۇل تېپىش ئۈچۈن بىليارت تاختىسى ئاچىدۇ، ئەمما ئوينايدىغانلارنىڭ تولىسى ئۇيغۇر، ناۋادا ئۇلارمۇ قاسىم تۇرسۇندەك مۇۋەپپەقيەت قازانغان بولسىدى ئۇلارغا رىغبەت بېرىش كېرەك ئىدى، ئەپسۇس...ئۇلار بىرىنچىدىن ۋاقىت ئىسراپ قىلسا يەنە بىر جەھەتتىن پۇل تىكىشىپ قىمار شەكىللەندۈرۈدۇ ھەم قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار بىر مەزگىل قەرتقا مەستانە بولغان بولسا مانا ئەمدى ماجاڭ ئارقىلىق قىمار ئوينايدىغان بولدى. ئۇندىن باشقا ھەر خىل قىمارلار ئۇيغۇرلاردا راۋاج تاپماقتا. ئۇمۇمەن قانداق بىر ئويۇن تاماشا تۈرى بولسا ئۇيغۇر ئەرلىرى باشچىلاپ كىرىدىغان بولۇپ كەتتى. ئاپىرىن ئۇيۇنچى ئەرلىرىمىزگە! 21- ئەسىرنى مانا داۋاملىق ئويناپ كۈلۈپ خوشال خورام ئۆتكەي!

سۆزلەپ كەلسە گەپ تولا، پاكىت تولا، مانا ئەمدى تەكلىۋىم ھەممەيلەن ئۆزىمىزگە، باشقىلارغا قاراپ باقايلى، ئويلىنايلى، بىزنىڭ باشقىلاردىن نەرىمىز كەم نەرىمىز ئارتۇق ئەقىل كۆزى بىلەن قاراپ باقايلى، ئەمدى ھەممىگە ئەقىل كۆزى بىلەن قارايلى، چۈنكى ئەجدادلىرىمىز دانالىق بىلەن”كۆز كۆرسىمۇ ئەقىل كۆرمىسە بىكار“ دېيدۇ ئەمەسمۇ! بۇ ”بۇ بېيەرۋالىق زامانى ئەمەس“ ” ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ھەم مۇقەددىمىسى“ بىزمۇ ئادەم! باشقىلارمۇ ئادەم، بىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئادەملىگىمىزنى دۇنياغا نامايەن قىلايلى، دۇنيادا ئۇيغۇر دېيىدىغان بىر مەدەنىي مىللەتنىڭ دۇنيادا مەۋجۇتلىغىنى بىلدۈرەيلى. ئادەملىگىمىزنى تونۇيلى، ئۇيغۇر دىگەن قەدىم مەدىنيەتلىك بىر مىللەتنىڭ تەندۈرۈس

www.kitaphumar.net

ۋارىسلىرى ئىكەنلىكىمىزنى، ئۇلارنىڭ تارىختا دۇنيا مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشقانلىقىنى مۇندىن كېيىنمۇ ئۆز تۆھپىسىنى قوشىدىغانلىقىغا ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ ئىلىم پەن دۇنياسىغا يۈرۈش قىلىپ پەن تەخنىكىدىكى باراۋەرلىك بىلەن ئۆز مەۋجۇتلىقىمىزنى نامايەن قىلايلى! پەن تەخنىكا ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىكى باراۋەرلىك ھەممە باراۋەرلىكنىڭ مۇقەددىمىسى، لېكىن پەن تەخنىكا ۋە ئىقتىسادى باراۋەرلىك ھەممە كىشىنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەنلا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. بىز ”ئۇيغۇر ـ يەڭگۈچى، ئەقىللىق، كۈچلۈك“ ئەمەسمۇ؟

مەنبە: ئالمىزار مۇنبىرىدىن ئېلىندى.

www.kitaphumar.net

# شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈشلەر ۋە قەدىمكى تۈركچە ۋەسىقىلەرنىڭ بايقىلىشى

تۈگۈشىۋا (روسىيە)

ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ تەرجىمە قىلغان
(جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى)

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ياۋروپالىقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇزۇن ۋاقىت بىكىنمە ھالەتتە ئىدى. غەربىنىڭ بىرىكىشى بولۇپمۇ ئوتتۇرا دېڭىز دۆلەتلىرى بىلەن جەنۇبىي ئاسىياغا بارىدىغان دېڭىز يولىنىڭ بايقىلىشىغا ئەگىشىپ، شەرق-غەرب سودا ئالاقىسىدىكى مۇھىم قاتناش يولى بولغان يىپەك يولى خارابىلىشىشقا باشلىدى. ھىندى دېڭىزى قىرغىقىدىن ئافرىقىنىڭ شەرقىي دېڭىز ساھىلىغىچە شۇنداقلا پۈتكۈل غەربىي ھىندى ئوكيانىغىچە بولغان جايلاردا ئەرەپ دېڭىزچىلىرى ئىز قالدۇردى. ئۇلار مىلادىيە بىر مۇشەققەتتە ئاخىرى مەنزىلگە يېتىپ، ھىندىستان، جۇڭگولارغا بارىدىغان دېڭىز يولىنى ئېچىشقا كاتتا تۆھپىلەرنى تۆھپىلەرنى قوشتى. دېڭىز يولى كىشىلەرگە بارا بارا ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۇنتۇلدۇردى، شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولى ئەسلىدىكى شانۇ-شەۋكىتىدىن قېلىپ، يەرلىك يول بولۇپ قالدى.

13-ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى 25 يىلدا غەربىي ياۋروپالىقلار ئەتراپىغا قوشۇن تۈرغۈزغان موڭغۇللارغا سەگەك بولۇپ، ئەھلى سەلىپ قوشۇنىنى شەرققە ئاتلاندۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتىدىن كۆز تىكىشكە باشلىدى. ئۇ ۋاقىتتا خرىستىئان پاپاسى پرېسبايتېر جون (Presbyter John) ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلا قىلىش ھەققىدە ياۋروپادا گەپ تارقىتىشقا باشلىدى. بۇ گەپنى دەلىللەش شۇنداقلا موڭغۇللارغا دائىر ئىشەنچلىك خەۋەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن، غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بولۇپمۇ پاپا بىلەن فرانسىيە پادىشاھى لۇيىس IX ئەلچىلىك ۋە دىن تارقىتىشتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەھلىسەلىب جەڭچىلىرى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نىشانىغا تولۇق يېتىش ئۈچۈن، دومىنىكو مەزھىپى ۋە

www.kitaphumar.net

فرانسىسكو مەزھىپى موناخلىرىدىن بىر تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەپ، پىيان دىل كارپىن (Giovanni da Pian del Carpin )نىڭ باشلامچىلىقىدا 1245 - يىلى شەرققە قاراپ ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ بارىدىغان مەنزىلى موڭغۇل خانلىقىنىڭ پايتەختى قاراقۇرۇم بولۇپ، ئىككى يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلگەن. تا بۇگۈنگە قەدەر كارپىن ئېلىپ كەلگەن دوكلات تېخىچە ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق. 1249 - يىلى موناخ ئاندىري لوگۇمىي (Andre Longeumeau) قاراقۇرۇمغا باردى، ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتى يوقاپ كەتتى. ئەڭ مول ماتېرىيالغا ئېرىشكىنى ۋىللېم ۋان رۇيسبروك ( Willem van Ruysbroeck) ئەلچىلەر ھىساپلىنىدۇ، ئۇلار 1252~1253 - يىللىرى قىشتا يولغا چىقىپ، 1254 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا موڭكۈ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ پايتەختى قاراقۇرۇمغا يېتىپ بېرىپ، 1256 - يىلى موناستىرغا قايتىپ كېلىدۇ. رويسبروكنىڭ ئەلچىلىك دوكلاتى جايلارنىڭ دىن، ئىقتىساد، ئۆرپ-ئادەت ھەممە ھەربى كۈچىگە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ناھايىتى مۇھىم ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە.

13 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ماركوپولو پىيان دىل كارپىنى، رويسبروكلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى بولغان «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» سىياسىي، دىني مەزمۇندىكى ئەلچىلەر خاتىرىسىگە ئوخشىماستىن، بەلكى ماركوپولونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگودىكى ئۇزۇن يىللىق سەرگۈزەشتىسىگە ئاساسەن يېزىلغاندى. موناخلارنىڭ بايانغا ئوخشىمايدىغىنى ئۇنىڭ ئەسىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا قىزىققۇچىلارنى مۇھىم ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدىغان زۆرۈر ئوقۇشلۇق بولۇپ قالغان ئىدى. ياۋروپادا بۇ خىل تىملار بارلىقا كېلىشتىن خىللا بۇرۇن ئەرەپ ئەدىبلىرى ئۆزلىرىنىڭ كەچمىشلىرىگە ئاساسەن مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى يازغاندى. «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» مۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ كۆرگەن بىلگەنلىرى ئاساسىدا يېزىلغاندى. بۇ ئەسەر ئېھتىمال 1296 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ كونستانتىنپولدىن يولغا چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىپ ئەڭ ئاخىردا جۇڭگوغا بارغىچە بولغان ئۇزۇن مۇساپىسىنىڭ جەريانى ئەڭ تەپسىلىي ۋە مۇكەممەل خاتىرلەنگەن.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دىسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە بارغان ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئۇ يەردە رۇس ھۈنەرۋەنلەر، سودىگەرلەر ۋە ئەلچىلەرنى كۆرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇيرۇق بىلەن جۇڭگوغا بارغان رۇس ئەلچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتە قالدۇرغان ئەڭ بۇرۇنقى، ئەڭ ئىشەنچىلىك مەلۇماتلىرىنى 17 -

www.kitaphumar.net

ئەسرگىچە سوروۋشكە بولىدۇ. 1715- يىلى رۇسىيە كاتولىك دىنى ئەلچىلىرى جۇڭگوغا يېتىپ كەلگەن. 1713 ~1716- يىللىرى تىرۇشىنكوۋ باشچىلىقىدىكى رۇسىيەنىڭ 1- ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭ، شىزاڭنىڭ شىمالىنى كېسىپ ئۆتۈپ چىگىخەي كۆلىگە كەلدى، كەڭ كەتكەن بۇ بىپايان زېمىنغا تېخى ياۋروپالىقلارنىڭ قەدىمى يەتمىگەندى. 19- ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە رۇسىيە ئالىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى سېستىمىلىق تەتقىق قىلىشقا تۇتۇش قىلدى. سىمونوۋ ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرگەندىن كېيىن، پىرژىۋالىسكىينىڭ 1870~1885- يىللىرىغىچە ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ تۆت قېتىم ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىشىگە بىۋاستە ياردەم قىلدى. بىزوۋ، روبىروۋسكىي ۋە كوزلوفلارمۇ شۇ قاتاردىكىلەردىن بولۇپ، ئۇلار پەقەت ئاز ساندىكىلەردۇر، خالاس..

روبروۋسكىي پىرژىۋالىسكىينىڭ 1879~1880- يىللىرىغىچە ئېلىپ بارغان 3- قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەسىدە 2- ياردەمچىسى بولسا، 1883~1885- يىللىرىغىچە ئېلىپ بارغان 4- قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسىدە 1- ياردەمچىسىگە ئايلانغان. 1889~ 1890- يىللىرىغىچە بىزورووۋ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە، چوڭقۇر ئىشەنچكە ئېرىشىپ، شىزاڭنىڭ شىمالى قىسمىدىكى شارائىتى ناچار، دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىر ئېگىزلىك جايلاردىكى قورۇللارنى يول باشلىغۇچىغا ئەگىشىپ ئۆزى يالغۇز تەكشۈرگەن.(1)

قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا سەيياھلىرى ۋە ئىستىلاچىلىرىنىڭ سەپەر جەريانىدىكى جەۋر-جاپالىرىنى جون پائۇل روكس (Jean-Paul Rou) نىڭ «تامرلان» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئاستىغا بېرىلگەن ئىزاھتىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن: «يولۇققان مەسىلەرنى نەچچەر رەت ھەتتا نەچچە مىڭ قېتىم دېيىلىدىغان ‹قەھرتان سوغۇق›، ‹ پېژغىرىم ئىسسىق› دېگەن ئىبارىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. يەر شەكلىنى تەسۋىرلەشتە تەكرار دېيىلىدىغان سۆزلەر بولسا ‹مېڭىش ئىنتايىن قىيىن›، ‹يىلاندەك سوزۇلۇپ كەتكەن تاغلار›، ۋە ‹كۆز يەتكۈسىز پەلەمپەيلەر› دېگەنلەردىن ئىبارەت.»(2)

مول تەجرىبىلىك ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىدىن بىرى بولغان روبروۋسكىينىڭ باشچىلىقىدا ئېكسپېدىسيەچىلەر 1889~1893-يىللىرىغىچە قاراكۆلدىن يولغا چىقىپ، يۇلتۇز ئىگىزلىكىنى بويلاپ، تەڭرىتاغ ئارقىلىق تۇرپانغا (لۈكچۈن) كېلىپ، قۇمۇل قۇملۇقىدىن ئېشىپ، دۇنخۇاڭغا كەلگەندىن كېيىن، چىڭخەي كۆلىگىچە ئىلگىرلەپ كىردى. روبىروۋسكىي ئادەتتىكى تەكشۈرۈشتىن باشقا يەنە تۇرپاندىكى جايلار، يېزا

www.kitaphumar.net

قشلارقلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلى خاتىرلەپ ماڭدى. ئىدىقۇت قەدىمي شەھرى خارابىسى ھەمدە ئىدىقۇت دۆلىتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاھالىلەرگە دائىر مەسىلىلىرىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلدى.

خارابىلىكنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ھەققىدە روبروۋىسكى مۇنداق خاتىرە قالدۇرىدۇ: «بىز ئىدىقۇت شەھرىگە جەنۇبى قوۋۇقتىن كىردۇق، نەزىرىمىز شال ئېتىزلىقى بىلەن قورشالغان قەدىمي خارابىلىككە چۈشتى. بۇ بازار كەڭلىكى تەخمىنەن ئۈچ ساژىن[①]، ئېگىزلىكى بەش ساژىن، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئالتە ساژىن كېلىدىغان سېپىل ئىچىگە قورۇلغانىكەن. بارلىق قورۇلۇش-ئىمارەتلەر ئاساسەن بۇزۇلۇپ كەتكەن، ئۆيلەرنىڭ ئەسلىدە گۈمبىزى بار ئىكەن، كۆپىنچىسى ئىككى قەۋەت ئىكەن، تامنىڭ ئىچى ـ سىرتىغا بۇددا رەسىملىرى سىزىلغانىكەن، لېكىن بۇ رەسىملەر شامالدا بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ ياكى قەستەن قىرىپ چىقىرىۋېتىلىپتۇ.... بىز ناھايىتى نۇرغۇن بۇت بار خارابىلىكتىن ۋە بۇزۇۋېتىلگەن بۇتخانىلاردىن ئۆتتۇق. بۇنىڭدىن بۇددا دىنىنىڭ بۇ جايدا بىر مەزگىل قاتتىق گۈللەنگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يەرلىك كىشىلەر ۋە ئەتراپ بازارلاردىكى ئاھالىلەر خارابىلىكنى كولاپ، تاملارنى ئۆرۈپ يەرگە ئوغۇت قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ خارابىلىك تېز سۈرئەتتە ۋەيران بولۇۋېتىپتۇ. ئۇزاقتا قالماي ئارخېلوگىيە قىممىتىگە ئىگە بۇ سىرلىق قەدىمي خارابە يەرشارىدىن تەلتۆكۈس غايىپ بولغۇدەك. خارابىلىكنى كولاش جەريانىدا يەرلىك ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن ھەرخىل ئائىلە سايمانلىرىنى مەسىلەن، ساپال قاچا، زىننەت بويۇملىرى، مىس پۇل ۋە ھەرخىل قولىيازمىلارنى بايقىدۇق. مەن ئامال قىلىپ بۇ نەرسىلەرنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى تېپىشقا تىرىشتىم. سېتىۋالغان يۆگەلمە كىتابلاردىن كەڭلىكى بىر ئېنگىلىز چىسى، ئۇزۇنلۇقى تۆت ئارشىن[②] كېلىدىغانلىرى بار ئىدى. قوۋۇقتا يىراق بولمىغان غەربىي شەھەر سېپىلىنىڭ ئەتراپىدا مەن غايەت زور بىر بۇددا مۇنارىنى كۆردۈم، مۇنارنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ چىقىدىغان پەلەمپەيمۇ بار ئىكەن. مۇنارنىڭ تام ۋە تورۇسلىرىدا سۈرەتلەر بار ئىكەن. شەرقىي سېپىل سىرتىدا ئىككى مۇنارسىمان قەبرە بار ئىكەن. بۇ يەردە يەنە پىرامىدا شەكىلدىكى قەبرە، ئۇنىڭدىن باشقا ئالتە تەرەپلىك قەبرىلەر بولۇپ، ئۈستىگە چىقىدىغان يولمۇ بار ئىكەن. ئارخېلوگلار ئۈچۈن، پۈتۈن ئويمانلىق چەكسىز ھوزۇرلۇق بىلىنىدىكەن، نەگىلا بارسىڭىز قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىكەن».(3)

تۇرپاندا تەكشۈرۈش ئەترىتى نۇرغۇن قەدىمى بويۇملارنى مۇۋەپپىقىيەتلىك قولغا چۈشۈردى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا پۇل، ساپال بويۇم، لاي بۇت، شۇنداقلا ئىنتايىن قىممەتلىك

قولىيازمىلار بار ئىدى. ئۇلار سانت پېتېربۇرگقا ئېلىپ كېلىنىپ، بىر قىسىم ئىلمى تەشكىلاتلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، مۇشۇ سەۋەپتىن 1898 ـ يىلى كىلېمىنس باشچىلىقىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ماتېرىياللارغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان ئۆمەك شىنجاڭنى تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ، قەدىمكى تۇرپان ئىلىدىكى ئىنتايىن قىممەتلىك يازمىلارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ۋ. رادلوف بۇلارنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى، بۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن ئورۇن ئالدى.(4)

روبروۋىسكىي شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت دۇنياسىنى تەتقىق قىلىشنى تېزلەتكەن ئالىملارنىڭ بىرى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، ئىقتىسادى، سىياسى تۈزۈمى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، مەدەنىيىتى ۋە باشقا تەرەپلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلدى. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ئەينى ۋاقىتتا بىر بۆسۈش دەپ قارالدى. ئۇ تۇغما سەنئەتكار بولۇش سۈپىتى بىلەن،بۇ جايلارنىڭ تەبىئىتى، يەر شەكلى، مەنزىرى قاتارلىقلارنى جانلىق تەسۋىرلەپ سىزىپ چىقتى. ئۇ تۇرپان ئويمانلىقى ۋە ئەتراپىدىكى جايلارنى ئالايلۇق، لۈكچۈن، دىغار، پىچان، لەمجىن، چىقتىم، تۇيۇق، سىڭگىم، ئىدىقۇت شەھىرى قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، يەرلىك ئاھالىلەر ۋە قەدىمكى خارابىلىكنى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ بەرگەن تۇنجى كىشى بولۇپ قالدى.

بۇ رايوندىكى پەۋقۇلاددە زور ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار بولۇپمۇ روبروۋىسكىي باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1893~1895 ـ يىلىغىچە قولغا چۈشۈرگەن بۇيۇملار رۇسىيە ئارخېئولوگىيە ئىلمي جەمئىيىتى شەرقشۇناسلىق شۆبىسىدىكى ئارخېلوگلارنىڭ تەتقىق قىلىشى بىلەن «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارخېلوگىيەلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى»(5) دېگەن نامدا ۋۇجۇتقا چىقىرىلدى. 1903 ـ يىلى رۇسىيەدىكى ئىلمي جەمئىيەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقي ئاسىياغا تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتكەندىن كېيىن، شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى قولغا چۈشۈرگەن قەدىمكى تۈركچە يازمىلارنىڭ ئەھۋالىدىن قەرەللىك دوكلات بېرىپ تۇردى. بىرزوۋىسكىي باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتى بىلەن ئولدېنبۇرگ رۇسىيەدىن 1 ـ قېتىم شىنجاڭ كېلىپ بىر تۈركۈم قەدىمكى تۈركچە يازمىلارنى ئېلىپ كەلدى، ئارقىدىن مالوف ئۇلارنى ئېلان قىلدى.(6)

مەزكۇر رايون ھەققىدىكى تەتقىقات دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرغان بولسىمۇ، ئالىملار بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى قەدىمكى دەۋردىن باشلىدى، شىنجاڭدىكى شەھەر ۋە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ سىرتتا يۈتكىلىشى دەريا ئېقىنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئولدېنبۇرگ مۇنداق دەپ يازغان: « ھازىر بۇ رايوندىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە يەنە

www.kitaphumar.net

تېپىلدۇ دەپ قارىمايمىز، چۈنكى بۇ يەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى بارا-بارا تۆۋەنلەۋېتىپتۇ ياكى ئۆزگىرىپ بوپتۇ.»(7) پاكىت ئالىلقاچان ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، ئۇ يەردە « بىر شەھەر ھەش-پەش دىگۈچە قۇمغا غەرق بولۇپ كېتىپ، ھېچكىم ھايات قالماپتۇ» دېگەن رىۋايەت تارقالغانىكەن. بۇ ھېكايە قەدىمكى يىلنامىلەردىمۇ خاتىرلەنگەن بولۇپ، شىنجاڭلىقلاردا ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا تارقىلىپ تاكى 20- ئەسىرگىچە يېتىپ كەلگەن.(8)

مۆجىزىلىك ھېكايىلەر ھەرگىزمۇ خالىغانچە بارلىققا كەلگەن ئەمەس. مەسىلەن، 16- ئەسىردىكى مەشھۇر تارىخى ئەسەر « تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئاپتورى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر دوغلات قەبىلىسىدىن چىققان، تەربىيە كۆرگەن كىشى. مەزكۇر كىتابىدا شۇ جاينىڭ ھۆكۈمدارى ھىسابلانغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ گۇناھكارلارغا <قازىق> دېيىلىدىغان قەدىمي شەھەرنى كولاتقۇزغانلىقى ھەققىدە مۇنداق بايان بار:

«ئۇ گۇناھكارلارنى كونا شەھەرلەرنى قېزىشقا سالاتتى، شەھەرنىڭ زېمىننى قېزىپ تۇپراقلىرىنى سۇدا چايقاتقۇزاتتى. ئەگەر چوڭراق نەرسە بولسا كولىغاندا چىقاتتى، ئۇششاق نەرسىلەر بولسا سۇدا چايقىغاندا كۆزگە كۆرۈنەتتى. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن قېزىش ئارقىلىق ھىسابسىز ئالتۇن-كۈمۈش ۋە جاۋاھىراتنى تېپىۋالدى. مەن ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن مۇنداق ئاڭلىغاندىم: مىرزا ئابابەكرى خوتەن شەھرىدىن بىر خەزىنىنى تاپقان ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە يىگىرمە يەتتە چوڭ كۈپ بار ئىدى. ئۇ كۈپلەرنىڭ چوڭلۇقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئەگەر ئۇق ۋە ساداق باغلىغان كىشى ئىچىگە كىرسە، كۈپنىڭ ھېچ تەرىپىگە تاقىشىپ قالمايتتى. ئۇ كۈپلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىچىدە بىر چوڭ مىس ئاپتۇۋا بار ئىدى، ئۇ ئاپتۇۋىلاردىن بىرى پەقىرنىڭ قولىغا چۈشكەندى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى شىشە شەكىلدە، بوينى ئۇزۇن، ئىنچىكە دەستىسى يوغان تۆمۈردىن، جوغىسى مىستىن بولۇپ، جوغىسىنىڭ ئۈچى ئاپتۇۋىنىڭ ئاغزى بىلەن تەڭ تۇراتتى. ئاپتۇۋىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم گەزدىن ئۇزۇنراق ئىدى. ئەگەر ئۇ ئاپتۇۋىغا سۇ توشقۇزۇلسا ئىككى كۈچتۈڭگەر ئادەم تەستە كۆتۈرەلەيتتى. ئاشۇ يىگىرمە يەتتە كۈپنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىچىدە بۇ ئاپتۇۋىدىن بىردىن بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە لىق قۇم ئالتۇن توشقۇزۇلغان ئىدى. ئاپتۇۋىنىڭ سىرتىدىكى كۈپنىڭ بوش قالغان يېرىگە كۈمۈش باش تىزىپ قويۇلغان ئىدى. "تارىخى جەھانگۇشاي" ۋە "جامىئۇت تەۋارىخ" قاتارلىق تارىخ كىتابلىرىدا كۈمۈش باشنى چۈشەندۈرۈپ: "ھەر بىر باش بەش يۈز مىسقال كۈمۈش بولۇپ، ئۇنى بىر خىش قىلىدۇ. كۆرۈنىشى سوقا، ئوتتۇرىسى ئىنچىكە" دېيىلگەن. مەن كۈمۈش باشنىڭ تەرىپىنى يۇقىرقى كىتابلاردا ئاشۇنداق كۆرگەن. ئەمما كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقمىغاندىم. مىرزا

www.kitaphumar.net

ئابابەكرى ئۇ كۇمۇش باشلارنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئاپتۇۋىنىڭ تېشىغا تىزدۇرۇپ، كۇپلار بىلەن يۆتكەپ خەزىنىسىگە قويغانكەن. سۇلتان سەئىدخان ياركەننى ئىشغال قىلغاندا، ئۇ كۇمۇش باشلار خانىنىڭ لەشكىرىنىڭ قولىغا چۈشكەن، پەقىرگىمۇ بىر نەچچە باش چۈشكەندى. شۇ ۋاقىتتا بۇ باشلارنى كۆرۈپ كىتابتا كۆرگىنىم بىلەن ئوخشاش سۈرەتتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.»(9)

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر تىلغا ئالغان بۇ باشلار ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.(12) بۇنىڭدىن قارىغاندا، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ بايانى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان رىۋايەتنى ئىسپاتلايدۇ. بالايى قازا يېتىپ كەلگەندە بايلىقنىڭ ئىگىلىرى ئۆيدىن ئايرىلىشقا ئالدىراپ ئۆزلىرىنىڭ مال-دۇنياسى ۋە قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېتەلمەيدۇ.

روسسىيە ئوتتۇرا شەرق ۋە شەرقىي ئاسىيا تەكشۈرۈش كومىتېتى 1909~ 1911-يىللىغىچە ۋە 1913~ 1915-يىللىغىچە ئىككى قېتىم مالوفنى شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەندە، ئۇ ئارخېئولوگىيەگە دائىر تەكشۈرۈشنى ئەمەس ئىرقشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىققا دائىر تەكشۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، يازمىلارنى توپلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ئەنئەنىۋي يول بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئاندىن قۇمۇلغا بېرىپ، ئاخىرىدا قۇمۇلدىن ئۆتۈپ گەنسۇغا كەلگەن. ساقلىنىشى ئەڭ مۇكەممەل، مەزمۇنى ئەڭ مول بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق نوم ئاتلىق بىتىك»نى ئۇ 1-قېتىملىق تەكشۈرۈشىدە گەنسۇ ئەتراپىدىكى ۋېنشۇ غارىدىن بايقىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ باشقا نۇسخىسى بولمىغان ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىگە ئېرىشىپ ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلغان.(13)

مالوف ئىرقشۇناسلىققا دائىر ماتېرىياللارنى يىغىش سەپىرىدە ھازىرقى تۈركىي تىللار ۋە ۋە ئۇلارنىڭ دىيالېكتلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان تىللاردىن ۋە دىيالېكتلاردىن يۇغۇر تىلى ۋە سالار تىلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر قىسىم دىيالېكت ۋە شېۋىلىرىدىن قۇمۇل شېۋىسى، لوپنۇر دىيالېكتى، خوتەن دىيالېكتى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلاپ بەردى. چۆل-جەزىرىلەرنىڭ ئايرىپ تۇرۇشى تۈپەيلى بوستانلىقلاردىكى ئاھالىلەر ئوخشىمايدىغان دىيالېكتلىرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن روشەن پەرقلىنەتتى. مالوف بوستانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ تىل، دىيالېكتلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتىغا كىرمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنى

www.kitaphumar.net

خارەكتېرىگە قاراپ، باشقاتۇركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تۈركە ئايرىش كېرەكلىكىنى، بولۇپمۇ لوپنۇر دىيالكتى، خوتەن دىيالكتى ۋە يۇغۇر تىلنى تېخىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. مالوف مۇنداق دەپ يازىدۇ: «يۇغۇر تىلىنى ئۇيغۇر تىلى دەپ بېكىتىش ئىنتايىن قىيىن ... ئۇ قەدىمكى دەۋردە قىرغىزلىشىپ بولغان ئۇيغۇر تىلى ياكى بولمىسا پۈتۈنلەي باشقىچە بىر تىل».(14) مالوف شىنجاڭدىكى ھازىرقى تىل ۋە دىيالېكتلارنى تۈركە ئايرىغاندا ئۇلارنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىنى يورۇتۇپ بەرگەن. ھالبۇكى، بۇ خىل ئالاھىدىلىك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشى بىلەن ناھايىتى تېزلا يوقىلىپ كەتتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىر قىسىم ئۆزگىچە تىل، دىيالېكتلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا ئاساسلىقى، ئۇلار تارقالغان رايوننىڭ ئەتراپتىن ئايرىم تۇرغانلىقى سەۋەب بولغان. بۇلار يازما ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مالوف يۇغۇر، سالار، لوپنۇرلۇقلار، ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىكى باشقا يەرلىك مىللەتلەرگە دائىر نۇرغۇن ئېرىقشۇناسلىق ماتېرىيالى توپلىدى. توپلىغان نەرسىلىرى تۆۋى كىيىمى، ئاياللارنىڭ زىبۇ-زىننەتلىرى، ئەرلەر بۆيۈملىرى ۋە باللار كىملىرى، يەنە چالغۇ-ئەسۋاپ، ھەيكەل ۋە باشقا تۆۋىنىش بويۇمى، ئائىلە سايمانلىرى، ئوۋچىلىق قوراللىرى، دېھقانچىلىق قوراللىرى ۋە باشقا مىس ئەينەك، قۇلۇپ، قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ، يەنە تارتىۋالغان نۇرغۇن سۈرەت بار.

رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى سانتپېتېربۇرگقا ئېلىپ كەلگەن قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرگە دائىر تۈركچە يازمىلار رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرق قولىيازمىلىرى تەتقىقات ئورنىغا قويۇلدى ۋە ئوتتۇرائاسىياغا دائىر ئالاھىدە ساقلانمىلار تېپىلغان ئورنىغا قاراپ ئون گۇرۇپپىغا ئايرىلدى. يازمىلارنىڭ سانى 4000 پارچىغا يېتىدۇ. ئاساسلىقى خارابىلىكتىن بايقالغان، ئۇلار قۇم ۋە ئەسكى ـ تۈسكىلەرنىڭ ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالغاچقا چىرىپ كەتكەن، بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان ئازراق قولىيازمىلارنىلا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى مۇقەددەس بۇيۇم سۈپىتىدە بۇتخانىلارغا ياكى كىتاب ساقلاش ئۆيىگە قويۇلغانكەن.

قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرگە دائىر تۈركچە يازمىلارنى مەزمۇن جەھەتتىن ئىككى تۈركە ئايرىش مۇمكىن. 1ـ تۈردىكىلەر دىنىي ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلەر، 2ـ تۈردىكىلەر تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان پۈتۈكلەر، يەنى تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە ۋە پالچىلىققا دائىر پۈتۈكلەر، خەت چەكلەر ۋە ھەرخىل توختاملار ئىدى. سان جەھەتتىن ئېيتقاندا 1ـ

www.kitaphumar.net

تۇردىكىلەر كۆپ، ئەمما مۇكەممەل، پۈچۈلۈپ كەتمىگەنلىرى ئاز. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەشھۇر ئەسەر «ئالتۇن يارۇق »نىڭ ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسى ھازىر رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرق قوليازمىلىرى تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا، ئۇنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىم سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان، ئەسەر بۇددا نوملىرىدىن تۈپلەنگەن، 374 ۋاراق، فورماتى 58×25 سانتىمېتىر. ئاخىرقى بەتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە بۇ قوليازما 17- ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تىلىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا يېقىنلاشقان ئالامەت يوق.

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ باشقا تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلىدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئالدىنقى بەش جىلدىنى شاگىرتى خۈيلى يازغان ، ئۇنىڭدا شۈەنزاڭنىڭ 7- ئەسىردە ھىندىستانغا بۇددا نومىنى ئالغىلى بېرىش جەريانى خاتىرلەنگەن. تىلى گۈزەل ، بەدىئىي قىممەتى يۇقىرى.

رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ساقلىنىۋاتقان شۇ دەۋرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر قەدەر مۇكەممەل ۋەسىقىلەردىن يەنە «شاستىۋستىك» (قوليازمىنىڭ فورماتى 14×13 سانتىمېتىر، 43 ۋاراق ساقلىنىپ قالغان )، «سادادارما پۇنداريكا سۇترا » نىڭ 25- بۆلۈمى « ئاۋالوكىتا ئىشۋارا بۇددا ـــ شەپقەتكار بودساتۋا»نىڭ تۇركچە يازمىسى (يازما يۈگەلمە شەكلىدە تۈپلەنگەن، 236 قۇر بەت ساقلانغان)، « مانى مۇرىتلىرىنىڭ تۆۋنامىسى » (يازما، يۈگەلمە شەكلىدە تۈپلەنگەن، 160 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان) لار بار. ئۇندىن باشقا يەنە «داساكارماپاساۋادانامالا»، «ئامىتاياس»، «سەككىز يۈكمەك يارۇق»، «سادھارماپۇترا» قاتارلىقلارمۇ بار. ۋەسىقىلەر ئىچىدە توختامىلار كۆپرەك بولۇپ، ئاساسلىقى ئولدىنبۇرگ، مالوف ۋە كىروتكوفلار توپلىغان ماتېرىياللارغا مەركەزلەشكەن.

يازمىلار ئەڭ دەسلەپتە سىستېمىلىق توپلانمىغان، ئوخشاش ئەسەرنىڭ پارچىلىرى ئوخشمايدىغان يىغمىلار ئارىسىغا قويۇلۇپ قالغان. روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرق يازمىلىرى تەتقىقات ئورنىدىكى تۈرۈك-رونىك يېزىقى، مانى يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى، پولومى يېزىقى، تۈبۈت يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق كۆپ خىل يېزىقتا يېزىلغان. ماتېرىياللارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدىن ھۆكۈم قىلغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سۇڭ ۋە يۈەن دەۋرلىرىدە ئەڭ كەڭ تارقالغان، ئۇنىڭ كەڭ تارقىلىشى ئۇ يېزىقنىڭ ئىنتايىن ئىخچام ئېنىق بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئاران 16 ھەرپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تۈركچە 36 خىل فونېمىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. كېيىنچە ھەرپلەر ئازراق كۆپەيگەن بولسىمۇ، 20 دىن ئېشىپ

www.kitaphumar.net

كەتمىگەن، تاۋۇشلارنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق نۇرغۇن ھەرپلەرنى ئىپادىلىگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيەتلىرى بەزىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى يېشىپ ئوقۇشنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

بۇ ماقالە پوپوۋا تۈزگەن «19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20ـئەسىرنىڭ باشلىرىدا روسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەكشۈرۈشلىرى» (سانتپېتېربۇرگ، 2008 ـيىلى، روسچە نەشرى) ناملىق روسچە ئەسەرنىڭ 40~49ـ بەتكىچە بولغان مەزمۇنلىرى ئاساسىدا، شۈنداقلا ياقۇپ، جاك خەيجوۋەنلەر تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن «ئۇيغۇرشۇناسلىق تەرجىمە ئەسەرلەر توپلىمى» (گەنسۇ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012ـ يىلى 8ـ ئاي نەشرى) دىكى 104~114ـ بەتكىچە بولغان ماقالىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى.

[①] روس ئۆزۈنلۈق بىرلىكى بولۇپ، بىر ساژىن 2.1366 مېتىرغا تەڭ (تەرجىماندىن)

[②] روس ئۆزۈنلۈق بىرلىكى بولۇپ، 15ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا پەيدا بولغان، بىر ئارشىن 71.12 سانتىمېتىرغا تەڭ ( تەرجىماندىن).

## ئىزاھاتلار:

1). روبوروۋىسكىي : «شەرقى تەڭرىتاغ ۋە جەنۇبى تاغ سەپىرى»، موسكۋا، 1949 ـ يىلى (رۇسچە نەشرى)، 13ـ بەت

2). روكىس: « تامرلان»، موسكۋا، 2007ـ يىلى، 12ـ بەت

3). روبوروۋىسكىينىڭ يۇقىردا تىلغا ئېلىنغان كىتابى، 392~393ـ بەت

4). ۋ. رادلوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، لېنىنگراد، 1928ـ يىلى، 82~112ـ بەتلەر.

5). ۋ. ئى ۋىسلوۋىسكىي، د. ئا كىلىمىز، س. ئو ئولدېنبۇرگ: « تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارخېلوگىيەلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، «روسىيە ئارخېلوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى شەرقشۇناسلىق شۆبىسى يىغىن خاتىرىسى» 13ـ جىلد، 1ـ سان، سانتپېتېربۇرگ، 1901ـ يىلى 9~18ـ بەتلەر.

www.kitaphumar.net

6). س. ئى مالوف: «ئولدىنبۇرگ توپلىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازمىلار»، «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى خاتىرىسى»، 1 ـ جىلد، موسكۋا ـــ لېنىنگراد، 1932 ـ يىلى، 129~149 ـ بەتلەر.

8،7). ئولدىنبۇرگ: «شىنجاڭدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش»، «خەلق مائارىپ مىنىسترلىقى ژورنىلى»، 353 ـ جىلد، 6 ـ قىسىم، 2 ـ بۆلەك، 1904 ـ يىلى، 396 ـ بەت.

9). مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى»، تاشكەنت، 1996 ـ يىلى، 163 ـ بەت؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى،2 ـ توم، 561~562 ـ بەتلەر

10). رادلوف يۇقىرقى كىتابتىن كەلتۈرگەن نەقىل، 12 ـ، 19 ـ، 114 ـ، 133 ـ بەتلەر؛ نوبو يامادا: « قەدىمكى ئۇيغۇرچە توختاملار توپلىمى»، 2 ـ توم، ئوساكا، 1993 ـ يىلى، 301 ـ بەت

11). مالوف: «قەدىمكى تۈركچە ۋەسىقىلەر»، موسكۋا ـــ لېنىنگراد، 1951 ـ يىلى، 201~ 204 ـ بەتلەر.

12). مالوف: «يۇغۇر تىلى»، موسكۋا، 1967 ـ يىلى، 7 ـ بەت.

www.kitaphumar.net

# سۇفىزىمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شىنجاڭغا كىرىشى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

**جوۋ شېيفەن**

(جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دۇنيا دىن تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى)

**ئاساسلىق مەزمۇنى**: بۇ ماقالىدە، سۇفىزىمنىڭ شىنجاڭغا تارقالغان دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تارىخى قىسقىچە بايان قىلىنغان بولۇپ، 16 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى سۇفىلار ھەرىكىتىدە ئاساسلىقى ئەرشىدىن جەمەتى مۇھىم ئورۇندا قويۇلغان ئاساستا، 16 ـ ئەسىردە مەخدۇم ئەزەم قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭغا كەلگەندىن بۇيان، شىنجاڭ ئىسلام تارىخى ئىشانلارنىڭ تارقىلىش تارىخىغا ئايلىنىپ قالغىلى تاس قالغانلىقى، سۇفىلارنىڭ دائىم ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن مەنىۋى ئۇستازلىققا تەكلىپ قىلىنىش، تەرىقەت تەسىرىنى كېڭەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا سىياسىي مالىمانچىلىق تۇپەيلىدىن، ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىنىڭ قاينىمىغا كىرىپ كەتكەنلىكى، خوجىلار جەمەتىدىكى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ دىنىي مەرتىۋە تالىشىشنىڭ سىياسىي ھوقۇقنى كونترول قىلىش ئىستىكىدىكى مەزھەپلەر كۈرىشىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكى، ئاقىۋەتتە پۈتكۈل يەركەن خانلىقىغا تارقىلىپ، جۇڭغارلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە مەرتىۋە سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا سەۋەب بولغانلىقى، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ بىر تۈركۈم خوجىلارنىڭ خەلقنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر**: كۇچار دىن تارقىتىش ئۆمىكى نەقشبەندىيە تەرىقىتى ئىسھاقىيە ئافاق خوجا شىنجاڭدىكى ئىشانلار

ماتېرىيال چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن سۇفىلارنىڭ جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان كونكرېت يىل دەۋرىنى بېكىتىپ بېرىشكە ئامالسىزمىز. مەشھۇر سۇفىست، شەھىد مەنسۇر ھەللاج (852ـ922) 905ـ 912ـ يىللىرى دىن تارقىتىش ئۈچۈن ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئاتلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا دۆلىتىمىزدىكى تۇرپان (ئىدىقۇت)

www.kitaphumar.net

رايونغا يېتىپ كەلگەن. ئۇ ئۆيىدىكىلىرىگە يازغان خېتىدە، بۇ قېتىملىق سەپىرىنىڭ مەقسىتى دىنسىزلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بىراق ئۇنىڭ تۇرپانىدىكى پائالىيەتلىرى ھېچقانداق ئۇنۇم يارىتالمىغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جۇڭگو قەغىزىنى توشۇپ ساتىدىغان بىر كارۋانغا ئەگىشىپ باغدادقا قايتقاندىن كېيىن قولغا ئېلىنىپ، سەككىز يىل قامالغان ۋە 922- يىلى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. ئۇنىڭ خۇراساندىكى مۇرىدلىرىنى فارس دىناۋارى ئەتراپىغا يىغىشى، كېيىنچە يەسسەۋىي (ئەھمەد يەسسەۋىي، 1166- يىلى ۋاپات بولغان) ۋە نەسىمىي (ئىمادۇددىن نەسىمىي، 1417- يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ تۈركىي تىلىدىكى مىستىتسىزملىق شېئىرلىرىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىسلام دۇنياسىدا شەخسلەرنىڭ دىن تارقىتىشى مەيلى ئىچكى قىسىم ياكى چېگرا رايونلاردا بولسۇن، دائىملا تەسەۋۋۇپقا كىرىش ھادىسىلىرى بىلەن ئايرىلالمايدىغان باغلىنىشچانلىققا ئىگە بولۇپ كەتكەن. مەنسۇر ھەللەج ۋەقەسى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇكى، سوفىلارنىڭ دىن تارقىتىش ھەرىكىتى ئەڭ كېچىككەندىمۇ 10- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىن دۆلەتىمىزنىڭ غەربىدىكى چېگرا رايونلارغا كىرىپ بولغان بولۇپ، ھەللاج تارىخىي ئورنى يۇقىرى بولغان تۇنجى كىشىدۇر. بارتولدنىڭ دېيىشىچە: «بۇ سوفىلار ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە يايلاقلارنى ئارىلاپ تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇلارنىڭ خىزمىتى كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا زور ئۇتۇق قازانغان. ئۇلارنىڭ دىن تەشۋىقاتى كىتابقا قاراپ دىن تەرغىب قىلغۇچىلارغا قارىغاندا ئۇگۇشلۇق بولغان. تەرغىباتچى سوفىلار يايلاقلارنى ئارىلىغاندا غازات ۋە جەننەتنىڭ راھەت- پاراغەتلىرى ئۈستىدە گەپ قىلماي، بەلكى گۇناھلار ئۈچۈن دوزاختا بېرىلىدىغان ئازابلار ھەققىدە توختالغان ... مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئىسلام دىنى تۈركلەرگە ھېچقانداق يېڭى نەرسە بېرەلمىگەن. چۈنكى، تۈركلەر بۇرۇن بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە خىرىستىئان دىنى تەشۋىقاتچىلىرىدىن بۇنداق گەپ- سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلىغان. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى بۇرۇن شۇ يۇقىرىقى دىنلارنىڭ بىرەرسىدىنلا خەۋىرى بولغانلارنىڭ ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان».

ھەللاجدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان ساتۇق نىشاپۇرلۇق سوفى ئەبۇ ھەسەن مۇھەممەد كارامىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، 915- يىلى بۇغراخان دەپ ئاتىلىپ، تاكى 943- يىلىغا قەدەر خاندانلىقنىڭ خانى بولغان. ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا ئارسلانخان (بايتاش) سوفىلارنىڭ

www.kitaphumar.net

ياردىمى بىلەن ئۆز ئېلىدە ئىسلاملىشىش يۈرگۈزگەن. 960- يىلى، 200 مىڭ چېدىرلىك (ئۆيلۈك) تۈركلەر دىنىنى ئىسلام دىنىغا ئۆزگەرتكەن بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قاراخانىيلار خاندانلىقى بىر تۈرك ئىسلام خاندانلىقىغا ئايلانغان. ھەمدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇدۇن پادىشاھلىقى ۋە قوچۇ پادىشاھلىقىغا قارىتا نەچچە ئون يىلغا سوزۇلغان «غازات ئۇرۇشى» قوزغىغان.

قارا قىتانلار دەۋرىدە، يۈسۈف ھەمەدانى (1048- 1140) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەرۋىگە يېتىپ كېلىپ، تۈركىي سوفىلار مەزھىپىنىڭ شەيخىگە ئايلانغان ۋە «ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىمامى، ئەرۋاھلارنىڭ مەخپىيىتى ۋە ھەرىكەتلىرىنى پىششىق بىلىدىغان كىشى»② دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ تەلىماتىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەراگانى ۋە بىستامىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئابدۇقادىر جىلانىنى ئوچۇق- ئاشكارا ھالدا تەبلىغات قىلىشقىمۇ ئۇ رىغبەتلەندۈرگەن ئىكەن. گەرچە ئۇ تۈركىي تىلنى قىلچە چۈشەنمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ مۇرىتى تۈركىي تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئاساس سالغۇچىسىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولغان يەسسەۋى شامان دىنىدىكى مۇراسىملارنى قوللىنىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا زىكىر قىلىش (ئوقۇش) نى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن جەھرىيە (ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇغۇچىلار) نىڭ پىرى دەپ ئاتالغان. يەسسەۋى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر «دانىشمەن» بولۇپ، ئاتا يەسسەۋى دەپ ئاتالغان ۋە سوفىزىمنىڭ تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا تارقىلىشىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. كېيىنچە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى يەسسەۋى تەرىقىتىنى قۇرغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سۇلايمان باقىرغانى ـــــ ھاكىم ئاتا (1186- يىلى ۋاپات بولغان) چۈشىدە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بەھائۇددىن نەقشىبەندى (1318- 1389) گە يېتەكچىلىك قىلغان. ھەمەدانىنىڭ يەنە غىژدۋانى (ئابدۇخالىق غىژداۋانى، 1220- يىلى ۋاپات بولغان) ئىسىملىك مەشھۇر ئىنىسى بولۇپ، ئۇ تارقاتقان سوفىزىم «خوجىلار تەرىقىتى» (تەرىقەتى ئەل خوجىگان) ياكى «خوجىلار مەزھىپى» دەپ ئاتالغان. بەھائۇددىن نەقشىبەندى بابا سەمماسى (1340- يىلى ۋاپات بولغان) بىلەن ئەمىر كۇلالى (1371- يىلى ۋاپات بولغان) نى بىۋاستە ئۇستاز تۇتۇپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا زىكىر قىلىشنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، بىراق غىژداۋانىنىڭ پەقەت ئۆزىلا ئاڭلىيالىغۇدەك تۆۋەن ئاۋازدىكى ئوقۇش ئۇسۇلىغا بەكرەك مايىل بولغان. غىژداۋانى ئورناتقان بۇ سەككىز تۈرلۈك پرىنسىپ كېيىنچە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنى قۇرۇشتىكى ئاساسقا ئايلانغان.

www.kitaphumar.net

قارا قىتانلار دەۋرىدە، يەسسەۋىي تەرىقىتى ھەر قايسى تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ كۆچمەن قەبىلىلەر ئارىسىدىكى تارقىتىشتا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. بەلكىم، «خوجىلار تەرىقىتى» نىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى ئەڭ بالدۇر بولسا كېرەك. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەشقەرنىڭ بىر ھۆكۈمرانىمۇ غىزداۋاننىڭ مۇرىتى بولغان. 1220 - يىلى، چىڭگىزخان بۇخارا شەھىرىنى ئىشغال قىلغان چاغدا، ئىمام ھافىزۇددىننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان، ھەمدە ئۇنىڭ ئىنىسى شۇجائىددىن مەھمۇدنى قاراقورۇمغا سۈرگۈن قىلغان. 1256 - يىلىدىن كېيىن، بۇ جەمەتتىكىلەر شىنجاڭنىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى لوپ كېتىك بازىرىغا كېلىپ، مۇشۇ جايدىكى ئىسلام دىنىنىڭ شەيخۇلئىسلامىغا ئايلانغان. شەيخۇلئىسلام جامالىددىن ئىمالىق قىلىۋاتقان چاغلاردا كېتىك بازىرى قۇمنىڭ ئاستىدا قالغاچقا، جالالىددىن جەمەتىدىكىلەر ئاقسۇنىڭ ئايكۆلگە كۆچۈپ كەتكەن، ھەمدە ئاشۇ يەردە شىكار قىلىۋاتقان تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. 1347 - يىلى، تۇغلۇق تۆمۈر چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خانلىق ئورنىغا رەسمىي ئولتۇرغاندىن كېيىن، جالالىددىننىڭ ئوغلى مەۋلانە ئەرشىددىن ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئالمالىققا بېرىپ تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان. 1354 - يىلى، تۇغلۇق تۆمۈرخانغا قاراشلىق قەبىلىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. «تارىخى رەشىدىي» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شۇ كۈنلا 160 مىڭ كىشى ئىسلام دىنىغا كىرگەن. شىنجاڭنىڭ كۇچاردىكى مەۋلانە ئەرشىددىن مازىرىدىكى تىلاۋەتخانا ئىچىدە ھازىرمۇ «ئىسلام ئەنبىيالىرى» نامىدىكى ياغاچ تاختا بار بولۇپ، ئۇنىڭغا يېزىلغان بېغىشلىمىدا مۇنداق دېيىلگەن: «سۆڭ لىزۇڭ دەۋرىدە، مەۋلانە ئەرشىددىن ئىسىملىك ئەۋلىيا كىشى ئىسلام تەلىماتلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن، غەربىي يۇرتتىن نەچچە ئون مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ قەدىمكى كۇسەن دۆلىتىگە كېلىپ، تۇغلۇق تۆمۈرگە قاراشلىق موڭغۇل قەبىلىلىرىدىكى نەچچە ئون مىڭ ئادەمنى ئىسلاھ قىلغان بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئەھمىيىتى ئاجايىپ زور بولغان». بۇنىڭ ئىچىدىكى «موڭغۇل قەبىلىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش» يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارىخىي پاكىتقا قارىتىلغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى «土胡鲁库» بىلەن «秃黑鲁» ئەمەلىيەتتە بىر ئىسىمنىڭ ئوخشىمىغان تەرجىمىلىرى بولۇپ، مەۋلانە بولسا داموللا دېگەن مەنىدە. خەلق رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، كۇچارغا ئەڭ بۇرۇن دىن تارقاتقىلى كەلگەن كىشى ھىندىستانلىق سوفىست، دەرۋىش شەيخ نىزامىددىن دېھلىۋى بولۇپ، تەخمىنەن 1267 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە يېتىپ كەلگەن، كۇچاردا ھازىرمۇ ئۇنىڭ مازىرى بار. مەۋلانە ئەرشىددىن نەۋرە قىزىنى ئەمرىگە

www.kitaphumar.net

ئالغان ۋە كۆچار خەلقنىڭ دىنىنى بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا ئۆزگەرتىشكە باشچىلىق قىلغان. شۇڭلاشقا، «سۈك لىزۈك دەۋرى» نى نىزامىدىن دىن تارقاتقان يىللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ھېسابلاپ باقساق، تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى ۋە خاتالىقلار كېلىپ چىققانلىقىنى بىلەلەيمىز.

مەۋلانە ئەرشىدىن «موغۇل قەبىلىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش» نى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئەۋلادمۇ- ئەۋلاد مىراس قالدۇرغان (سۈيۈرغاللىق) شەيخۇلئىسلاملىق ئالاھىدە مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ، خانلىقتىكى ئورنى موغۇللارنىڭ دىنى مۆتىۋەرلىرى ۋە ئىشەنچلىك ئەمىرلىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان. شەكىل جەھەتتە، يېڭى خان تەختكە چىققاندىن كېيىن مۇھىم مەنسەپ ئورۇنلىرىنى ئۇلارنىڭ خالىغىنىچە بېرىپ، ھەممە ئىشلارنى مەۋلانە ئەرشىدىننىڭ دىنىي جەھەتتىكى ئىجازىتىدىن ئۆتكۈزۈپ، شەكسىز ھالدىكى دىنىي مەرتىۋىگە مۇيەسسەر قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قوللىشى ئاستىدا، مەۋلانە ئەرشىدىن ئۆز جەمەتىدىكىلەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان موللا، شەيخلەر ئاساسىدا كۆچار دىن تارقىتىش ئۆمىكىنى قۇرۇپ چىقىپ، كەڭ كۆلەمدىكى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغان.

كۆچار مىلادىدىن بۇرۇن كۇسەن دەپ ئاتالغان. بۇددا دىنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھىندىستاندىن شىنجاڭغا كىرگەندىن تارتىپ، تاكى تاڭ سۇلالىسىغا قەدەر مىسلىسىز گۈللىنىپ، كۇسەن بۇددا دىنى، ئۇدۇن بۇددا دىنى ۋە قوچۇ بۇددا دىنى غەربىي يۇرتتىكى ئۈچ بۇددا دىنى مەركىزى دەپ ئاتالغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى بۇددا دىنى گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەن بولسىمۇ، بىراق بۇددا دىنى مەدەنىيىتى يەنىلا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى يوقىتىپ قويمىغان. 10- ئەسىرلەردە، قاراخانىيلار خاندانلىقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، سۇفىلار كاشغەرنى مەركەز قىلغان ئاساستا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇب، شىمال ئىككى بۆلىكىدىكى سودا يولىنى بويلاپ ئۈزۈكسىز شەرققە قاراپ مېڭىپ ئىسلام دىنىنى تارقاتقان. تاكى 11- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر، ئىسلام دىنى ئالدى بىلەن جەنۇپتا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، 40 يىلغا سوزۇلغان «غازات ئۇرۇشى» ئارقىلىق قاراخانىيلار خاندانلىقى ئۇدۇندىكى بۇددا دىنى ھاكىمىيىتىنى ئىستېلا قىلغان. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا تارقىلىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، «غازات ئۇرۇشى» دولقۇنى شىمالىي بۆلەكنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان كۆچارغا تېخى تەسىر يەتكۈزمىگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ شەرقىي چېگرىسى ئاقسۇ بىلەن باي ئارىلىقىدا بولۇپ،

www.kitaphumar.net

قاقاس تاغ ۋە دەشتى چۆل ئارقىلىق چېگرالىناتتى ۋە كۆچار بىلەن بولغان ئارىلىقى 200 كىلومېتىردىن ئاشاتتى. قاراخانىيلار خاندانلىقى بىلەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىركىشىشى 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر داۋاملاشقانىدى. بارتولد مۇنداق دېگەن: «ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى نىسبەتەن قىيىن بولۇپ، ئۇ يەردىكى مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇرلار خۇددى بىر سېپىلدەك بۇ دىننىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ تۇراتتى». كۆچار قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ كېڭىيىشىگە قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقان مۇستەھكەم توساق ئىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، قوچو ئۇيغۇرلىرى چىڭگىزخانغا قاراشلىق بولغاچقا، ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان زېمىنلارنىمۇ مۇھاپىزەت قىلاتتى. بىراق، 1284 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ يەر «قايدۇ ـ دۇۋا توپىلىڭى» دا چاغاتاي خانلىقى زېمىنىغا قوشۇۋېتىلگەنىدى. موڭغۇل ئىستېلاچىلىرى ھەرخىل دىنلارنىڭ ھەممىسىگە نىسبەتەن ئوخشاش قاراپ، دىنى ئۆرۈش قىلىش ياكى دىنغا كىرىشكە زورلاشنى چەكلىگەنىدى. شۇڭلاشقا، بۇددا دىنى، نېستورى دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قارشى تەرەپلەرنىڭ زېمىنى ئىچىدىمۇ تارقىلىۋەرگەن. ئىسلام دىنى شەرققە قاراپ سىڭىپ كىرىپ، يىراقتا قومۇلغىچە يېتىپ بارغان بولسىمۇ، بىراق دائىرىسى چەكلىك بولۇپ قالغان. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن ئىلگىرى بۇددا دىنى كۆچار ۋە شەرق تەرەپلەردە يەنىلا ئەڭ مۇھىم دىنى تەسىرگە ئىگە بولغان. تۇغلۇق تۆمۈر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تەۋەسىدىكى مۇھىم بۇددا دىنى ئورۇنلىرى ئۇيلىغاندىنمۇ تېز قولدىن كەتكەن بولغاچقا، كۆچار تەبىئىيلا ئەڭ ئالدىدا ھۇجۇم قىلىنىدىغان نىشان بولۇپ قالغان. مەۋلانە ئەرشىدىنىڭ كۆچاردىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكى مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا قۇرۇلغان.

مەۋلانە ئەرشىدىن خاننىڭ قوللىشى ئاستىدا، كۆچاردا ئۆز جەمەتىدىكىلەر ئۈچۈن «خانىقا»، مەدرىس ۋە مەسچىت سالدۇرۇپ، قازى ئاخۇنۇملارنى بېكىتىپ، «قۇرئان كەرىم»، «سەھىھۇلبۇخارى» ۋە باشقا سۈفىزىمنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتابلارنى تارقاتقان، ھەممە كۆچارنى مەركەز قىلغان ھالدا ئاقسۇ، شايار، چالىش، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇغلۇق تۆمۈرخان يارلىق چىقىرىپ، ئاممىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا چاقىرغان ئىدى. سىياسىي كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئاستىدا، بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى مەجبۇرى چېقىپ تاشلىنىپ، بۇددا دىنى قەدىمكى ۋەسىقىلىرىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ۋە راھىبلارمۇ ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانىدى. 1359 ـ يىلىدىن 1361 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئىسلام دىنىنى مەجبۇرى ئومۇملاشتۇرۇشقا قارشى ئەمىر

www.kitaphumar.net

بەگلەر تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا لەشكەر تارتىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئالمالىقتا ئەسكەر توپلاپ خاندىن يۈز ئۆرۈدى. بۇ خەۋەر كۈچار، شايارغا تارقالغاندىن كېيىن، 10 مىڭدىن كۆپرەك بۇددىست دەرھال بۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، كۈچار دىن تارقىتىش ئۆمىكىنى تۈيۈق يولغا كىرگۈزۈپ قويدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تېزدىن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قايتىپ كېلىپ، ئىككى جايدىكى ئىسيانچىلارنى تازىلاپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ، ئافغانىستاننىڭ شىمالىي چېگرىسى ۋە دۇنخۇاڭنىڭ شەرقىگە پالىدى ۋە كۈچارنىڭ بۇددا دىنى كۈچى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، يەرلىك ئاھالىلەر ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كۈچار ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ دىنىي خوجىلىق زېمىنى ۋە دىن تارقىتىش سورۇنىغا ئايلىنىپ، بۇ رايوندىن يىغىلىدىغان بارلىق زاكات مۇشۇ جەمەتتىكىلەرگە تەۋە بولۇپ، خانلىق ھۆكۈمرانلىرى يەنە ھەر يىلى دىنىي تەشۋىقات خىراجىتى قىلىشى ئۈچۈن دۆلەت خەزىنىسىدىن مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرخىل شەكىللەردىكى ۋەخپىلەر ئارقىلىق بۇ جەمەتتىكىلەرگە يەنە تېرىلغۇ يەر، ئېرىق، دۇكان قاتارلىقلارمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغاندى.

1389 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئوغلى خىزىر خوجا تەختكە چىقتى. «تارىخى رەشىدىي» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «خان ئۆزى جىھاد ئېلىپ بېرىپ، خىتايلار (قىتانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) غا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ ئۆزى يۈرۈش قىلىپ، خىتايلارنىڭ ئىككى مۇھىم بازىرى قارا خوجا بىلەن تۇرپاننى ئىشغال قىلىپ، يەرلىك ئاھالىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىدى». مەۋلانە ئەرشىدىننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەبۇ ناسىر خىزىر خوجىنىڭ «جىھاد ئۇرۇشى» غا بىۋاستە قاتنىشىپ، قارا خوجىدىكى مۇسۇلمانلارنى مەخپىي ھالدا قوزغىلاڭ قىلىشقا تەشكىللەپ، خىزىر خوجىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا ماسلاشتى. كېيىن تۇرپاندا شېھىد بولۇپ، شۇ يەردە مازىرى قالدى. كۈچار دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ماسلىشىشى ئاستىدا، خىزىر خوجا قوچۇدىكى بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ قورالىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، مەجبۇرى ھالدا ئىسلاملىشىشنى يولغا قويدى. بۇددا دىنىنىڭ تەسىر كۈچى مۇشۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىنتايىن تېز زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق داۋاملاشتى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە: «يۇڭلېنىڭ ئالتىنچى يىلى (1408)، بۇ ئەلدىكى غەربىي يۇرت راھىبلىرىدىن چىڭلەي ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرى فاچۈەن قاتارلىقلارنى باشلاپ كېلىپ ئولپان تاپشۇردى. پادىشاھ ئۇنى غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە يېتەكچىلىك

www.kitaphumar.net

قىلىشنى بۇيرۇدى ۋە چىڭلەينى دۆلەت ئۇستازى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇنىڭ يەتتە شاگىرتى تۇرپان راھىبكالان مەھكىمىسىنىڭ بېگى بولدى».② 1420 ـ يىلى، شاھرۇخنىڭ ئەلچىلىرى تۇرپاندىن ئۆتكەن ۋاقتىدا مۇنداق دېگەن: «ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئىبادەتخانا بەك كۆپ، شۇنداقلا ھەممىسى دېگۈدەك ئاجايىپ ھەشەمەتلىك». بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، گەرچە خىزىر خوجا بىر مەھەل بۇ رايونلارنى بويسۇندۇرغاندىن بولسىمۇ، بىراق يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزەلمىگەن. تەخمىنەن 70 يىلدىن كېيىن، «چىڭخۇاڭنىڭ تۇنجى يىلى (1465)، بۇ قەبىلىدىكى ئەلى (كېبەك) ئۆزىنى سۇلتان دەپ جاكارلىغان. ئەلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ سۇلتان بولغان».② شۇڭا، بۇ چاغدا تۇرپان ئاللىبۇرۇن ئىسلاملىشىپ بولغان ھەمدە شەرقى چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ بولغان دەپ قارايمىز.

ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەر تارىختا «خوجىگان» دەپ ئاتالغان بولۇپ، غىژداۋانى قۇرغان سوفىلار تەرىقىتىدۇر. ئىلگىرى بەھائۇددىن نەقشىبەندى ئۆزىنى غىژداۋانىنىڭ شەخسەن ئىنىسى ھېسابلىغان، ھەم بۇخارا خوجىگانلىرى ئىچىدىكى بىر مۇھىم شەخسكە ئايلانغان. شۇنداقلا، غىژداۋانى بىلەن ھەمەدانى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ نەسەبىدە يۇكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. شۇڭلاشقا، 16 ـ ئەسىرلەردە نەقشىبەندىيە تەرىقىتى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، كۇچار دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ تەرىقىتىگە ئۆزىنى ئاتىشىنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق.

مەۋلانە ئەرشىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ فاتىخ، ئەھمەد، فەخرىدىن، سەدرىدىن قاتارلىق ھەر قايسى ئەۋلادلار، جۈملىدىن بۇ خوجىلار جەمەتى ئىزچىل خانلىقنىڭ دىنى ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلگەن. 16 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدا يېڭىدىن شەكىللەنگەن چوڭ تەرىقەتلەر تېخى تەسىر شەكىللەندۈرمىگەچكە، سوفىلارنىڭ ھەرىكىتى ئاساسلىقى ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ تەرىقىتى ئاساسىدا بولغان. بۇ خوجىلار جەمەتى كۇچار، ئاقسۇنى مەركەز قىلغان ھالدا ھەر قايسى جايلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىدا، بولۇپمۇ شەرقىي قىسمىغا تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

II

www.kitaphumar.net

14 ـ ئەسىرلەردە قۇرۇلغان نەقشىبەندىيە تەرىقىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېمۇرىيلەر سۇلالىسىدا يۈكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ئەمەلىيەتتە بۇ تەرىقەت تەرەققىتىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلادى، ئىمام خوجا ئەھرار (نەسىرىدىن خوجا ئۇبەيدۇللاھ ئەل ئەھرار، 1404 ـ 1490) دىن ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئىگە بولۇپ بولغان. خوجا ئەھرار تۆمۈر سۇلتان ھۆسەيىن بىلەن ئۆزبېك شەيبانىخانىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي ئۇرۇشلاردا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى. ئۇ «بۇ دۇنيا ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا سىياسىي كۈچلەردىن پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈر» بولىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى؛ ھۆكۈمرانلارنى كونترول قىلغاندىلا تۇرمۇشنىڭ پۈتكۈل ساھەلىرىدە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئومۇملاشتۇرغىلى بولاتتى. ئۇ ئىلگىرى يەنە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىچكى ماجىرالىرىغا قول تىقىپ، شىنجاڭدىكى دىنىي تەسىرىنى كېڭەيتكەنىدى. ئۇۋەيسخان (1418ـ1428ـ يىللار ئارىلىقىدا تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە چىققاندىن كېيىن، كونا قائىدە بويىچە ئەرشىدىن جەمەتىدىكى خوجىلارنى ئۇستاز تۇتماستىن، بەلكى نەقشىبەندىيەنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد مۇرىتى، بۇخارالىق داموللا مەۋلانە مۇھەممەد كاسانىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. مەۋلانە ئەرشىدىننىڭ نەۋرىسى ئەھمەد خوجا مۇرىتلىرىنى باشلاپ ئۇدۇن، كاشغەرلەرگە بېرىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدا تايانچ پونكىت قۇرۇش غەرىزىدە بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك فېئودال كۈچلەر ۋە دىنىي تۆرىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغاچقا، ھېچقانداق نەتىجە يارىتالمىدى. ئۇۋەيسخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شەرقى چاغاتاي خانلىقى پارچىلىنىش پاتقىقا پېتىپ قېلىپ، ئىككىنچى ئوغلى ئېسەن بۇقا خانلىق تەختىنى (1429ـ 1462ـ يىللىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاقسۇدىن مۇغۇلىستاننىڭ شەرقىي قىسمى تۇرپانغىچە بولغان رايونلىرىنى ئىگىلىدى. چوڭ ئوغلى ئۇۋەيسخان ئۆز ئالدىغا خان (1456ـ1487ـ يىللىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) بولۇپ، ئىلى دەريا ۋادىسىدىن تارتىپ موغۇلىستاننىڭ غەربىي قىسمى تاشكەنتكىچە بولغان جايلارنى ئىشغال قىلدى. 1468ـ يىلى، كاشغەرنىڭ بەگلىك ۋارىسلىرى بولمىش دوغلات قەبىلىسى ئەمىرلىرىدىن مىرزا ئابابەكرى بۆلۈنۈپ تۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئالدىغا خان بولۇۋالدى. لېكىن، فەخرىدىن خوجا مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىشىغا قارشى تۇرغاچقا، مىرزا ئابەكرى ئەرشىدىن جەمەتىنى پارچىلاپ بىتچىت قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىپ ئىشلەتكۈزمەكچى ۋە خوجا ئەھرارغا قول بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئابرويىدىن پايدىلىنىپ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل

www.kitaphumar.net

قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرمەكچى بولدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ خوجا ئەھرارنىڭ ئابرۇيىدىن پايدىلىنىپ، يەكەن رايونىدىكى تەسىر كۈچىنى كېڭەيتمەكچى بولغاندا توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان. يەكەنلىكلەر ئۇنىڭغا: «بۇ دۆلەت ئىلاھ ۋەلى (خوجا ئەھرار) غا قارىمايدۇ، خوجا مۇھەممەد فەخرىدىنگە قارايدۇ، يەكەن نەزەر مىرزا خوجا مۇھەممەد فەخرىدىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن قۇرۇلغان ۋە گۈللەنگەن شەھەر» دېگەن. كېيىنچە، يۇنۇسخان ۋە مەھمۇدخان ئاتا ـ بالا ئىككەيلەنمۇ خوجا ئەھرارغا قول بېرىپ، ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئاقسۇ، كۇچارنىڭ شەرقىگە چېكىنىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا تايىنىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا فەخرىدىنىنىڭ نەۋرىسى تاجىدىنمۇ نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە كىرىپ، ئۇزاق مەزگىلگىچە «خوجىلار سەردارى» خوجا ئەھرارنىڭ ھوزۇرىدا تەلىم ئالغان. كېيىنچە، تۇرپاننىڭ سۇلتانى ئەھمەدخان (1485 ـ 1504 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ۋە مەنسۇرخان (1502 ـ 1544 ـ يىللىرى تۇرپاندا تەختتە ئولتۇرغان، موغۇلىستاننىڭ شەرقىي قىسمىنى باشقۇرغان) نىڭ 50 يىلغا يېقىن دىنى ئۇستازى بولۇشتىن سىرت، يەنە مەنسۇرخان بىلەن سەئىدخان (1514 ـ 1533 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان، موغۇلىستاننىڭ مەركىزى قىسمىدا ئۆز ئالدىغا خانلىق «يەركەن خانلىقى» نى قۇرغان) ئوتتۇرىسىدا مۇرەسسەچى بولغان. ئۇ قومۇلغا يۈرگۈزۈلگەن «غازات ئۇرۇشى» دا ئاۋانگارتلىق رول ئوينىغان بولۇپ، «مىلك سۇلالىسى تارىخى» دىمۇ ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. 1513 ـ يىلى، «مەنسۇر (قومۇل) سۇلتانى بايياجى ھوزۇرىدا مەخپىي تەربىيە ئېلىپ، خانلىق تەختىنى قايتا قولغا ئالغاندىن كېيىن خوجا تاجىدىننى بۇ دۆلەتنى ھمايە قىلىشقا قويۇپ، ئىلگىر ـ ئاخىر بولۇپ 40 يىلدىن ئارتۇق بۇ يەرنى زىيانغا ئۇچراتتى. بىراق خوجا تاجىدىن تەكرار ئىنئام تەلەم قىلىپ تولىمۇ ھەددىدىن ئاشتى».② كېيىنچە، «ئۇ خىتاي (قىتان) ئۇرۇشىدا مەنسۇرخاننىڭ كۆز ئالدىدا شېھىت بولدى».③ 1514 ـ يىلى، سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، يەركەننى مەركەز قىلىپ ئۆز ھالدىغا خانلىق قۇردى. بۇ يېڭى خان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ سۇفىلىرىنى ئۇستازلىققا تەكلىپ قىلىپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ تەسىر كۈچىگە زەربە بەردى. يېڭى سۇفىلارنىڭ تەسىرى شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغاندىن ئېتىبارەن، ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ يالغۇز كۇچاردىن ئىبارەت بىرلا شەھەردە يەرلىك تەسىر كۈچى ساقلىنىپ قېلىپ، ھېسابتا شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنىدىكى تەرەققىياتىدا ئۆز تەسىرىنى يوقىتىپ قويدى.

www.kitaphumar.net

15 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسەتلىرىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان نەقشىبەندىيە تەرىقىتى شىنجاڭغا بولغان تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىشكە باشلىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، خوجا ئەھرارنىڭ نەۋرىلىرىدىن مەخدۇم نۇرى ۋە مۇھەممەد يۇسۇپنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۇرپان ۋە يەركەنگە كەلگەن بولۇپ، مەخدۇم نۇرى مەنسۇرخاننىڭ ھۆرمەتلىشىگە سازاۋەر بولدى، مۇھەممەد يۇسۇپنى بولسا سەئىدخان تەكلىپ قىلىپ ئەكەتتى. مەخدۇم نۇرى تۇرپاندا ئۈچ يىل دىن تارقىتىپ، مۇھەممەد يۇسۇپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن يەركەنگە يېتىپ كېلىپ، سەئىدخاننىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدىكى مەنىۋى ئۇستازىغا ئايلاندى. 1533 ـ يىلى، ئابدۇرەشىدخان (1533 ـ 1566 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) سەئىدخاننىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سەمەرقەندتىن كەلگەن مۇھەممەد شېرىفنى تېخىمۇ ھۆرمەتلىگەن بولغاچقا، بۇ جەمەت ناھايىتى تېزلا يەركەن خانلىقىدىكى مۇھىم خوجىلار جەمەتىگە ئايلاندى. بۇ ئارىلىقتا، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد داھىيسى مەخدۇم ئەزەم «ئەۋلىيا» لىق سالاھىيىتىدە كاشغەرگە يېتىپ كېلىپ، يەركەن خانلىقى بىلەن ئۆزبېك ــ قازاق قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ياراشتۇرۇپ قويغان. ئۇ كاشغەر ھۆكۈمرانىنىڭ ھۆرمەتلىشىگە سازاۋەر بولۇپ، كەڭ زېمىن ھەدىيە قىلىنغان ۋە تۇرمۇشلۇق بولغان. گەرچە ئۇ ياراشتۇرۇپ قويۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى كېيىنچە شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ دىنىي كۈچلەرگە ئايلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىككى ئەسىرلىك دىنىي تۇرمۇشى ۋە سىياسىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەھمەد كاسانى بولۇپ، 1461 ـ يىلى سەمەرقەندنىڭ ئەتراپىدىكى دىبھىد كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد داھىيسىغا ئايلانغان مەۋلانە مۇھەممەد غازىنىڭ ئىنىسى بولغان ۋە 1516 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇ تەرىقەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ تەركىدۇنىياچىلىق ۋە يەككە ـ يېگانە زاھىدلىقنى قارشى تۇرسىمۇ، بىراق سوپىلار دائىم خانىقادىلا تۇرىشى، تالا ـ تۈزلەرگە ئىستىقامەت قىلىش ۋە دىنىي ئەھكاملارنى تارقىتىش ئۈچۈن چىقىش كېرەك دەپ قارىغان. ئىستىقامەت شەكلى جەھەتتە، ئۇ يېچىرلاپ ئوقۇيدىغان ئەنئەنىۋى شەكلنى قوۋۋەتلىگەن، ئۈنلۈك زىكىر قىلىشقا ۋە نەغمە ـ ساماغىمۇ يول قويغان.ئۇنىڭ بۇ خىل ئەھلى سۈننەتتە چەك تۇرىدىغان، لېكىن ئادەتتىكى ئېتىقادقىمۇ يول قويىدىغان مۆتىدىل پوزىتسىيەسى بۇ تەرىقەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر

www.kitaphumar.net

قايىسى مىللەتلەر ئارىسىدا زور ئۈتۈق قازىنىشىغا تۈرتكە بولغان. 1542 - يىلى مەخدۇم ئەزەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغۇللىرى تەرىقەتنىڭ داھىيلىقىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىپ كەسكىن رىقابەتلىشىپ، تەرىقەتنىڭ بىر قىسىم تارماق سۇلۇكلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا سەۋەبچى بولغان. «تەزكىرەئى خوجگان» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مەخدۇم ئەزەم تۇنجى ئايالىدىن بولغان تۆت ئوغلىغا ئوخشاش ۋەدىلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، بىراق ئىككىنچى ئوغلى خوجا دوست «باش خەلىپىلىك» نى ئۆزىگە ئالغان. «چوك خوجىلار تەزكىرىسى»② ۋە «ئافاق خوجا تەزكىرىسى»③ دا دېيىلىشىچە، ئۇ ۋاپات بولۇشتىن بىر يىل ئىلگىرىلا ئورنىنى ئۆزىنىڭ چوك ئوغلى، يەنى «چوك خوجا» دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەممەد ئىمىن ئىشان كالانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلغان، ھەمدە رەسمىي شەكىلدىكى دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئۈچ تارماق نەسەب ئەۋلادلىرى 16-، 17 - ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭغا كىرىپ، تارىخ كىتابلىرىدىكى ئاتالمىش «كاشغەر خوجىلار جەمەتى» نى شەكىللەندۈردى.

III

ئەڭ بۇرۇن شىنجاڭغا كىرگەنلەر بولسا مەخدۇم ئەزەم بىلەن ئۇنىڭ كاشغەرلىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئىسھاقتۇر. «ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا دىنىي سىستېمىنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى بەرمىگەن» ، بىراق ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى مەۋلانە لۇتفۇللا ئۇنىڭغا ئىجازە ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈغرىسىدىكى «رۇخسەت ۋە تاپشۇرۇق» قا ئېرىشكەن. ئىسھاقنىڭ تارماق تەرىقىتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى سەمەرقەنتلىك قاسىم شەيخ «بىدئەت» دەپ ئەيىبلىگەن، ھەمدە يەرلىك ھۆكۈمران ئابدۇللاخان تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان. 1580 - يىلى، ئۇ يەركەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇكېرىمخاننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئانىسىنىڭ يۇرتىغا كەلگەن ۋە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كاشغەر، يەركەن، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا 12 يىل پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1592 - يىلى ئۇ چۈشىدە ئابدۇكېرىمخانغا ئابدۇللاخاننىڭ كاشغەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزگەنمىش. بۇ ئىشتىن كېيىن، كاشغەر ئۇنىڭ تەرغىبات ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن دىنىي زېمىن قىلىپ بۆلۈپ بېرىلگەن، ھەمدە يېكەنسار، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلارغا تەرىقەت يولباشچىلىرىنى تەيىنلەش ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇۋالغان. ئىسھاق نەقشبەندىيە تەرىقىتىدىكى پىچىرلاپ ئوقۇيدىغان ئەنئەنىدىن ۋاز

www.kitaphumar.net

كېچىپ، تۈركىيلەرنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۆنلۈك زىكىر قىلىدىغان ۋە نەغمە- ساما سالىدىغان ئەنئەننى قوللانغان. ئۇ بۇرۇنقى خوجىلار جەمەتىدىكىلەرنىڭ دىنى مۇراسىملارغا ئېتىبارسىز قارىغانلىقى ۋە دەھرىي ئەمەلدارلارغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالغا زىت ھالدا، دىنىي ئېتىقادىنى پاكلاش، چىن ئېتىقاد ۋە ئىستىقامەت قىلىش كۆز قارىشىنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، بىراق كوچا كېزىپ يۈزۈش ۋە ئاشلىق تىلەشتەك چېكىدىن ئاشقان قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇپ، يېڭىلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئىسھاقىيە سۇلۇكىنى قۇرغان. «جالالىدىن كېتىكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئىسھاق ۋەلى ئاقسۇغا كېلىپ، ئايكۆلدە مەۋلانە جالالىددىننىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىپ، چۈشىدە جالالىددىندىن بىشارەت تاپتى. جالالىدىن: ‹ئەي ئىسھاق، ئاقسۇ، كۇچار، چالىش، تۇرپاننىڭ خوجىلىقىنى سىزگە بەردىم. بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز ئىشانلىقنى تاشلاپ ئەمەل تۇتۇشنى، بەگلىكنى ئارزۇ قىلدى. بەگلىك ئۇلارغا بولسۇن› دېدى. ئۇ يەنە بۇ جەمەتتىكىلەرنىڭ ۋەكىلى، ئاقسۇنىڭ شەيخۇلئىسلامى ئابدۇرەھمىنى يوقلىدى. كېيىن قازى ئابدۇرەھىم ئىسھاق خوجىغا بەيئەت قىلىپ، خەلقنى مۇرىت بولۇشقا ئۈندىدى. خەلق قوبۇل قىلمىغاندا قازى ئابدۇرەھىم: ‹ئىشانلىق يولىنى قازلىق- بەگلىك بىلەن ئالماشتۇرۇپ، بۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالماس بولدۇق، بۇۋام جالالىددىننىڭ تەلپى شۇنداق. ئەمدى خوجىلىق تەرىقىتىگە پىرلىق بىزدىن بۇ ئەزىزگە قالدى›». ②

بۇ رىۋايەت شۇنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇكى، ئىسھاق يالغۇز يەركەن خانلىقى ھۆكۈمرانىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئەرشىدىن جەمەتى قاتارلىق دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئەل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يەركەن خانلىقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدىكى دىنىي تايانچىقا ئايلانغان. 16- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 17- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ئىسھاقنىڭ مۇرىتى ئۇشتۇر خەلىپە ۋە ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى خوجا شادى ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، خانلىق ئوردىسىنىڭ دىنىي ئۇستازلىقىنى ئۈستىگە ئالغان، ھەمدە كاشغەرنىڭ ئەتراپىدىكى فەيزىئاباد (ھازىرقى پەيزاۋات)، يەركەننىڭ توققۇز كەنت، خوتەننىڭ ئاقسارايى، ئاقسۇنىڭ ئاقيار (ھازىر ئۇچتۇرپانغا قاراشلىق) قاتارلىق زېمىنلارغا ئىگە بولۇپ، يېتەرلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، كاشغەر خوجىلار جەمەتىدىكى ئۈچ چوڭ تارماق نەسەبلەر ئىچىدە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان.

www.kitaphumar.net

مۇھەممەد ئىمىن تەخمىنەن 1570 - يىلى ۋاپات بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ تۆت ئوغلى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسىنى بۆلۈشكەن. بۇ ھەقتە شۇ سۇڭنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى دەريا - ئېقىنلار خاتىرىسى» دە مۇنداق قىممەتلىك مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان: «ھەزرىتى ئەلىنىڭ 25 - ئەۋلادى مۇھەممەد ئىمىن ئىدى. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى قاسىم بۇخاراغا كەتكەن؛ 2 - ئوغلى مۇسا بەلخقا كەتكەن؛ 3 - ئوغلى مۆمىن ئۆز يۇرتىدا قالغان؛ 4 - ئوغلى مۇھەممەد يۈسۈپ كاشغەرگە كەتكەن».③ مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسى موغۇلىستان بولغاچقا، ئۇ 1605 - يىلى قومۇلغا يېتىپ كېلىپ، شۇ يەردىكى سۇفىلار يولباشچىسى، كاشغەرلىك مىرسەئىد جېلىلنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭدىن ھىدايىتۇللا (ئاپاق خوجامۇ دېيىلىدۇ) ئىسىملىك ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. 1617 - يىلىدىن كېيىن، مۇھەممەد يۈسۈپ كاشغەرگە كەلگەندىن كېيىن، «سىرلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، يوشۇرۇن ئىستىقامەت قىلدى ۋە مىرسەئىد جېلىل قالدۇرۇپ كەتكەن تۇرار جاي قاراساقالدا ئولتۇراقلاشتى. ئۇ داۋاملىق جۈمە كۈنى شەھەرگە كىرىپ جۇمەئى نامىزى ئوقۇيتتى». ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «قوقەندتىكى بەزى تەسىرى بار خوجىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغان، ھەمدە بۇ ئىتتىپاقداشلار يەتكۈزۈپ بەرگەن قورال كۈچىنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبىلىك ھالدا كاشغەرنى ئىشغال قىلغان»، بىراق شۇئانلا ئابدۇلېتىفخاننىڭ قايتۇرما زەربىسىگە ۋە قوغلاپ چىقىرىشىغا دۇچ كەلگەن، ھەمدە 1622 - يىلى يەركەن بىلەن كاشغەر ئارىلىقىدىكى توخۇلۇقتا ۋاپات بولغان. «ئاپاق خوجا تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، «ئەينى چاغدا سەئىد ئاپاق ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن بولۇپ»،② قومۇل، تۇرپان، لەنجۇ ۋە «سالار شەھىرى» قاتارلىق جايلاردا قېچىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. 1638 - يىلى، ئۇ ئابدۇلېتىفخاننىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن كاشغەرگە قايتىپ، 20 نەچچە يىللىق جاپا - مۇشەققەتنى باشتىن كەچۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا «ئىشقىيە» سۇلۇكىنىڭ تارماق تەرىقىتىنى قۇرۇپ چىققان. ئۇ يەركەن خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللاخاننىڭ چوڭ ئوغلى يولۋاسخان (كاشغەر ھاكىمى) بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئىسھاقىيە بىلەن دىنىي زېمىن تالىشىشنى سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ئىمتىيازىنى كونترول قىلىشقا راۋاجلاندۇرغان. 1662 -يىلى، ئۇ خانلىقنىڭ چىك سۇلالىسى ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇرۇشىغا قارشى تۇرۇشقا باشلىغان، ھەمدە 1669 - يىلى ئابدۇللاخاننى تەختنى يولۋاسخانغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كېلىشكە مەجبۇرلىغان ۋە ھوقۇقنى كونترول قىلىۋېلىپ، ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىغا بولغان زۇلۇمنى كۈچەيتكەن. 1670 - يىلى، يولۋاسخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسى

www.kitaphumar.net

ئىسمايىلخان تەختكە چىقىپ، ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا ئافاق خوجىنى تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبى رايونىغا قوغلاپ چىقارغان. ئافاق خوجا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، كەشمىر، شىمالىي شىنجاڭ رايونى، گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا سەرسان ھالدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، سىرتقى مۇھاربىيە كۈچلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقان. بۇ ئارىلىقتا (تەخمىنەن 1671 ـ 1673 ـ يىللار) ئۇ چىڭخەي شىنىڭ ۋە خۇاڭجۇڭدا سۇفىزم تەرىقىتىنى تارقاتقان. «ئافاق خوجا تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «سالارلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلماندۇر. ئۇ سالار شەھىرىدە ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن كىشىلەرگە مەدرىسە سالدۇرۇپ، مەخسۇس تىلاۋەت ۋە دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللاندى. سالارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ قول بېرىپ، بەزى كىشىلەر سۇفىزمچىلارنىڭ ۋاستىسى (تەرىقىتى) بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئارقىلىق ئالىي مەرتىۋىلىك كىشىلەرگە، يەنە بەزى كىشىلەر بەگكە ئايلاندى. ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئادەم تەيىنلەپ خەلىپە قىلدى، بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ۋىقايىتۇللا بولۇپ، لەقىمى ئالتۇنباش ئاخۇن ئىدى».

بۇ ئىش توغرىسىدا «چوڭ خوجىلار تەزكىرىسى» دىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەلۇماتلار بار بولۇپ، ھەر قايسى تەرىقەتلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىمۇ ئىسپاتقا ئېرىشكەن. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇ شىزاڭغا بېرىپ دالاي V (بەزىلەر دىباساڭ جى جياسۇ دەپ قارايدۇ) نىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جۇڭغار قىسىملىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جەنۇبى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى ۋە 1678 ـ يىلى يەركەن خانلىقىنى يوقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئافاق خوجا شىمالدىكى جۇڭغار قىسىملىرىغا قۇللۇق بىلدۈرۈپ جەنۇبى شىنجاڭدىكى ۋاكالەتەن باشقۇرغۇچى ھۆكۈمرانغا ئايلاندى ۋە ئۇلارغا ئولپان تاپشۇرۇش شەرتى ئاستىدا ئىشانلارنىڭ دىنىي فېئوداللىق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى. تاكى 1695 ـ يىلى ئافاق خوجا كېسەل بولۇپ ئۆلگەنگە قەدەر، بۇ تارماق تەرىقەتنىڭ تەسىر كۈچى گۈللىنىش باسقۇچىغا بېرىپ يەتتى.

ئافاق خوجىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرقى مەزگىللەرگە كەلگەندە، ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنى تايانچ دەپ بىلىدىغان ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ، ھەر قايسى نەسەبتىكى خوجىلارنىڭ تەسىر كۈچى ۋە يەرلىك فېئوداللار ئاساسلىقى سىياسىي ھوقۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەڭ كۆلەمدە قوراللىق ئېلىشىش ئېلىپ بېرىپ، ئاقتۇەتە ئىككى مەزھەپنىڭ بۆلۈپ تىزگىنلەش (1696 ـ 1713) ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. بۇ خىل بۆلۈنۈپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شىمالدىكى قىسىملارغا

www.kitaphumar.net

تاپشۇرىدىغان سىلىقنى ئۈزۈپ قويغاچقا، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتتى. 1713 ـ يىلى، جۇڭغار قىسىملىرى قايتىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ، ئىككى جەمەتتىكى خوجىلارنى ئىلىغا نەزەربەنت قىلدى. لېكىن، جەنۇبىي شىنجاڭدا «كىشىلەر قايتىدىن سەردار تىكلەپ، ئىككى خوجا دەپ ئاتىدى»، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇلار جۇڭغار مەنسەپدارلىرىنىڭ بىۋاستە كونتروللۇقى ئاستىدىكى قورچاق ھاكىمىيەت ئىدى. ئىككى خوجا مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى دوست خوجا جەمەتىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىدۇر. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، دوست خوجا ئەسلىدە دىنىي ھوقۇقنىڭ ھەققى مىراسخورى بولۇپ، كېيىنچە ئاكا ـ ئۇكىلىرى بىلەن بۆلۈنۈپ كەتكەچكە، خەلىپىلىك مەرتىۋىسى نامدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالغان. كېيىنچە، ئۇنىڭ ھەر قايسى ئەۋلادلىرى بولمىش جەمەتلەر يەككە تارقالغان بولغاچقا، شىنجاڭغا كىرگەن ۋاقتى ئىلگىرىكى ئىككى تارماقتىكىلەرگە قارىغاندا كېيىنرەك بولغان. ئىككى خوجا يەنە ئۈش خوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، ئادەتتە «بۇرھانىددىن خوجا» دېگەن ناممۇ بار بولۇپ، سىياسىي كۆرەشلەر جەريانىدا ئىلگىرىكى ئىككى تارماقنىڭ سىرتىغا چەتنەپ كەتكەن ۋە تەرىقەت ئىستىقامەتلىرىدە روشەن بولغان ئەھلى رىيازەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى بار بولغاچقا داۋانىيە سۈلكى دەپ ئاتالغان، شۇنداقلا قادىرىيەنىڭ ئىستىقامەت شەكلىگە ئەمەل قىلىپ كەلگەن. ئىككى خوجىدىن ئىبارەت بۇ تارماقنىڭ تەسىر كۈچى بەكلا ئاجىز بولۇپ، مۇقىم ھالەتتىكى ئالۋان ـ ياساقلارغا كاپالەتلىك قىلالمىغاچقا، 1720 ـ يىلى جۇڭغار قىسىملىرى تەرىپىدىن ئىمتىيازى بىكار قىلىنىپ، ھوقۇقنى ئىسھاقىيە گۇرۇھىدىكىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ جەمەتتىكى خوجىلار جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى 35 يىلغا يېقىن (1720 ـ 1755) چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى، دىنىي فېئوداللارنىڭ ئاساسلىق مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان سىياسىي قورال ۋە دىنىي تايانچقا ئايلانغاندى. چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن پەيتلەردە (1722 ـ 1759)، ئىسھاقىيە خوجىلار جەمەتىدىكىلەر بۇرھانىددىن باشچىلىقىدىكى ئىشقىيە گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ قىرغىن قىلىشىغا دۇچار بولۇپ، ھايات قالغانلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەرغىلانغا بېرىپ پاناھلاندى. ئىككى خوجا چوڭ ـ كىچىك خوجىلار تۈپىلىكىغا قارشى تۇرغاچقا، بۇرھانىددىننىڭ ئىنىسى خوجا جاھان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ئۇرۇشتا ھالاك بولۇپ ئۆلگەندىن كېيىن، بۇرھانىددىننىڭ كەنجى ئوغلى ئابدۇخالىق بېيجىڭدا تۇرغاق قىلىنغاچقا، چوڭ ئوغلى سامساق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىقىغا قېچىپ كەتكەن. ئافاق خوجىنىڭ ئىنىسى كارامەت خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى چىڭ

www.kitaphumar.net

سۇلالىسىغا ئەل بولغاندىن كېيىن ئىززەت- ئىكراملارغا نائىل بولغان. ئىككى خوجىنىڭ نەۋرىسى ئابدۇراخمانمۇ تۇپىلاڭچى قوشۇن تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قۇتقۇزىۋالغاندىن كېيىن بېيجىڭغا ئاپىرىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكىلەرنىڭ ئېتىبارىغا مۇيەسسەر بولغان.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىككى جەمەتتىكىلەرنىڭ كۈرىشى توختاپ قالماستىن زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، ھەر قايسى قاتلام ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرگە كېڭىيىپ، «قارا تەقىيەلىكلەر»، «ئاق تەقىيەلىكلەر»، «قارا تۇغلۇقلار»، «ئاق تۇغلۇقلار»، «قارا تاللىقلار»، «ئاق تاللىقلار» قاتارلىق ناملارنى شەكىللەندۈرگەن. ئىككى تەرەپ پەقەت ئۆزلىرىلا ئەتىۋارلايدىغان قىرغىزلارنىڭ ئوخشىمىغان رايونلىرىغا قاراپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى «قارا تاغلىق»، «ئاق تاغلىق» دەپ ئاتاشقان. ئاق تاغلىق (ئافاق خوجا نەسەبىدىكىلەر) خوجىلار ئۆز تەسىر كۈچى بىلەن جاھىللارچە دىنىي ھوقۇقچىلىق ۋە بۆلۈنۈش مەيدانىنى ساقلاپ، قوقەندنىڭ دىنىي ۋە ھەربىي كۈچىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، جاھانگىر توپىلىڭى (1820- 1828)، كۆرۈنۈشتە يۈسۈپ باشچىلىق قىلغان قوقەند تاجاۋۇزچىلىقى (1830)، يەتتە خوجا توپىلىڭى (1847)، ۋەلىخان تۆرە توپىلىڭى (1852- 1857)، بۇزرۇك خوجا دەۋەتچىلىكىدىكى ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىقى (1865) قاتارلىقلارنى قوزغىشى ئۆزۈكسىز ھالدا جەنۇبى شىنجاڭدا جەمئىيەت قالايمىقانچىلىقى ۋە ئىقتىسادىي بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىپ، خەلقنى زور كۈلپەتكە دۇچار قىلدى. ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، قارا تاغلىقلار بىلەن باشقا دىنىي مۆتىۋەر زاتلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ توپىلاڭنى تىنچىتىشى ئويىيكتىپ جەھەتتە يەنىلا ۋەتەننىڭ بىرلىككە پايدا ئېلىپ كەلدى.

## IV

16- ئەسىردە مەخدۇم ئەزەم قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭغا كىرگەندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى ئاساسلىقى ئىشانلار، جۈملىدىن سۇفىلار تەرىقىتىنىڭ تارقىلىش تارىخى بولۇپ قالغان. «ئىشان» پارسچە ئۈچىنچى شەخس كىشىلىك ئالماش، يەنى «ئۇلار» دېگەن سۆز بولۇپ، ئاستا- ئاستا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئارىسىدىكى سۇفىلار تەرىقىتى يولباشچىسىنىڭ ھۆرمەت نامىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن. نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ يولباشچىسىمۇ ئىزچىل ھالدا ئىشان دەپ ئاتالغان، شۇنداقلا بۇ تەرىقەت 15-

www.kitaphumar.net

ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن بولۇپ، بارلىق جايلارغا تەسىر كۆرسەتكەن، ھەممە شىنجاڭغا كىرگەن سۇفىلار تەرىقىتىنىڭ پىرلىرىنىڭمۇ ئىشان دەپ نامى بولغان. كېيىنچە، ئاق تاغلىقلار ياكى قارا تاغلىقلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يولباشچىلىرى ئىشان دەپ ئاتىلىپ، شىنجاڭدىكى باشقا سۇفىلار تەرىقىتىنىڭ يولباشچىلىرىمۇ ئىشان دەپ ئاتالغان. ئىشان سۇفىلارنىڭ دەرىجىسى يۇقىرىراق پىرلىرى ياكى تارماق سۇلۇكلەرنىڭ تارقاتقۇچىلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ، شىنجاڭدىكى سۇفىلار كۆپىنچە ئىشانلار دەپمۇ ئاتالغان. 17 ـ ئەسىرلەردە، شىنجاڭدىكى ئىشانلار تۆت سۇلۇك شەكىللەندۇرگەن. سۇلۇكنىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى «يول» دېگەنلىك بولۇپ، سۇفىلار تەرىقىتىنىڭ ئىستىقامەتلىرىدىكى مەستىتىسىزىملىق جەريانىدۇر. سۇفىلار چوقۇم بىر مەنىۋى ئۇستاز، جۈملىدىن سۇلۇك يولباشچىلىرىنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا، ئاللاھقا يېقىنلىشىش يولىغا كىرىشكە باشلاپ بىر قاتار «داۋالغۇش» ۋە «روھىي ھالەت» لەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىلا، ئاندىن ئۇ ئۆزىنى مۇكەممەل ۋە يۇقىرى دەرىجىگە يەتتىم دەپ ھېس قىلالايدۇ، شۇنداقلا ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بارالايدۇ. ئىستىقامەت ئۇسۇلى ۋە شەكىللىرى جەھەتتە بولسا ھەر قايسى سۇلۇكلەردە ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت. بۇلار سۇفىلارنىڭ تەرىقەت تەلىماتلىرىدىكى كونكرېت ۋە ئەمەلىي كەچۈرمىشلەر جەريانىدا پەيدا بولغان پەرقلەر بولۇپ، شىنجاڭدىكى سىياسىي ـ دىنىي كۈرەشلەر جەريانىدا «مەزھەپلەر» دە يەنىلا ئۆزگىچە ساھەلەرنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشى بىلەن سۇفىلار تەرىقىتى تارماقلىرىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى قالغان. تۆت سۇلۇكنىڭ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە: ئىنەكىيە بولسا ئاساسلىقى تەرىقەتنىڭ خاتىرە كۈنلىرى ياكى پۈتۈشكەن چاغلىرىدا، «مۇرىتلار كېچىدە ئىبادەت سورۇنلىرى (ئادەتتە سۇفى، خەلىپەلەرنىڭ ئۆيىدە) غا يىغىلىپ، ئاۋازىنى چىقارماستىن دىمىغىدا كەلىمە سانا ئوقۇپ، ئەھلى فەجر (تاڭ سەھەر) گە قەدەر ئىبادەت ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ. ئىسھاقىيە، ئاساسلىقى «سۇفىلار كۈندۈزى ھەلقە تۈزۈپ ئولتۇرۇپ ‹قۇرئان› ئوقۇيدۇ، ئاندىن مۇناجات ئوقۇيدۇ، شۇنىڭغا ئۇلاپ ساماغا چۈشۈپ، ئاي ـ ھاي ... دەپ يىغلاپ، ئۆتكەن مازايى ـ ماشايىقلارغا ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ». داۋانىيە بولسا ئاساسلىقى «ھەر جۈمە كۈنى كېچىدە بۈيۈك مازايى ـ ماشايىقلارغا يىغىلىپ، تاكى ئەتىسى سۈبھىگىچە توختىماستىن ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە ئىبادەت ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ. ئىسكىيە «مۇرىت قوبۇل قىلغاندا، ئاۋۋال قول بەرگۈچىلەرگە تۆۋەنامە يازدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ شەرتسىز ئۆزلىرىگە بويسۇنۇشىنى، ھەر ۋاقىت پىر ـ ئۇستازلارنى ئويلاپ تۇرۇش تەرىقەت يولى دېگەن قائىدىنى ئۆگىتىدۇ. تەرىقەت ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ياخشىراق

www.kitaphumar.net

ئىبادەت قىلغانلارنى ئۆزلىرىگە ئىزباسار قىلىپ ئۆستۈرۈپ، جايلاردا مۇرىت تويلاپ، تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن قايتۇرىدۇ».

بۇ سۇلۇكلەرنىڭ ھەممىسى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىدىن بۆلۈنۈپ چىققان تارماق تەرىقەتلەر بولۇپ، ئىستىقامەت شەكلى ۋە مۇراسىم ئالاھىدىلىكلىرىدە پەرق بولۇپلا قالماستىن، پىرىنسىپلىرىدىمۇ ئىختىلاپ مەۋجۇت. ھەر قايسى سۇلۇكلەر ئارىسىدا، ھەتتا نەقشىبەندىيە تەرىقىتى بىلەن باشقا تەرىقەتلەر ئارىسىدىمۇ ئۆزئارا قوبۇل قىلىش، سىغىشىش خاھىشى بار بولۇپ، زادىلا چىقىشالمايدىغان ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار پەقەت قۇرئاننى تۆۋەن ئاۋازدا ئوقۇش ياكى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇشتىن ئىبارەت ئوخشىماسلىقى، سىياسىي ھوقۇق تالىشىشى تۈپەيلىدىن، ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدا ئوت بىلەن سۇدەك سىغىشالمايدىغان دىنى ئۇرۇشلارغا ئۆزگىرىپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خوجىلار جەمەتىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ سىياسىي كۈرەشلىرىمۇ يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىپ، ئىككى مەزھەپتىكىلەرنىڭ ئادەتتىكى ناملىرى ۋە سۇلۇك ناملىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا قىممەتلىرىنى يوقىتىپ، جەھرىيە، قادىرىيە، خۇفىيە قاتارلىقلارنىڭ دىنى مۇراسىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بەلگە ناملىرىغا ئورۇن بوشاتقان. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ھىندىستان نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەيخى ئەھمەد سىرھىندى (1564 ـ 1642) جەمەتىدىكى ئىشان غالى ئاخۇن (تولۇق ئىسمى ھەزرىتى قۇتۇب ئەلفىل ئوسۇرى ۋەلىيۇل ئىشان مۇھەممەد غالى ئاخۇن شەيخ رەخمىتۇل ئەلى) شىنجاڭغا كىرىپ، ئاقسۇدا ئايكۆل خانىقاسىنى قۇرغان. كېيىنچە، شەيخ ئەۋلىيا دېگەن كىشى بەدەخشان ئارقىلىق جەنۇبى شىنجاڭغا كىرىپ، يەركەن خانىقاسىنى قۇرغان. 19 ـ ئەسىرلەردە، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فەرغانە، نەمەنگان ۋە سەمەرقەند قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئابدۇراخمان، مىيانى مەھمۇدخان، قايانى ناسىرخان ۋە قەمىرخان قاتارلىق ئىشانلار ئۆزلىرىنى ئىمام رەببانىنىڭ ئەۋلادى دېيىشىپ، قاغىلىق، يەركەن قاتارلىق جايلاردا ئىمام رەببانىنىڭ دىنىي ئەھكاملىرىنى تارقىتىپ، ئىشانلار پائالىيەتلىرىنى يولغا قويغان».② سىرھىندى جەنۇبى ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇلۇقىدا موغۇل پادىشاھى ئەكبەرنىڭ ئېتىقادنى كېلىشتۈرۈش ئىدىيەسىگە قارشى تۇرۇشقا باشچىلىق قىلىپ، سۇفىلارنىڭ سەۋدايىلىق بىلەن ۋاپات بولۇشى ۋە پان ئىلاھچىلىق خاھىشىنى تەنقىدلەپ، چىن ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلىشنى ۋە مۇستەقىللىقنى قەتئىي قوغدىغاچقا، «مۇجەددىدى ئەلف سانى» (ئىككىنچى ئىرانىڭ ئىسلاھاتچىسى) ۋە «بۇ قۇرۇقلۇقنىڭ مەنىۋىي ھامىيسى» دەپ تەرىپلەنگەن. جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلار ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئىمام

www.kitaphumar.net

رەببانى (ۋەھىيگە مۇيەسسەر بولغان ئىمام) دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئىسلاھ قىلغان تەرىقەت تەلىماتلىرى ۋە سۇفىلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەۋقەسى ئاق تاغلىقلارنىڭ كۆپ قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ، ئابرويى يەر بىلەن يەكسان بولغان شارائىتتىمۇ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن، ھەممىدە غەربىي شىمالدىكى بەزى رايونلارغىمۇ تارقالغان.

شىنجاڭدىكى ئىشانلار بولسا سۇفىلار تەرىقىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگەندىن كېيىنكى نام بولۇپ، كۈنىمىزدىكى شىنجاڭ سۇفىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەرىقەت يولباشچىلىرىنى پىرىم دەپ ئاتايدۇ، لېكىن باشقىلار يەنىلا ئىشان دەپ ئاتىشىدۇ. ئىشانلارنىڭ ھەر قايسى سۇلۇكلىرىنىڭ ھەممىسى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ تارماق سۇلۇكلىرىدىن ئىبارەت. بىر تەرەپتىن تەرىقەت مۇراسىملىرىدا مۆتىدىل، ئاددىي- ساددا ۋە كەڭ قورساق بولۇش خاھىشىغا ئىگە بولۇپ، باشقا تەرىقەتلەرنىڭ مۇراسىملىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ھەر قايسى سۇلۇكلەرنىڭ خىلمۇخىل يۆنىلىشلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭىلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ئىسھاقىيەنى بارلىققا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئىشقىيە قاتارلىقلارغىمۇ بىر قاتار ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلەرنى قوشتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇزاق مەزگىللىك سىياسىي قالايمىقانچىلىقى ۋە بۆلۈنمە ھالىتى، سۇفىلار رەھبەرلىرىنىڭ دائىملا سىياسىي قايناملارغا شۇڭغۇپ كىرىشى نەتىجىسىدە، نەقشىبەندىيە تەرىقىتى سىياسىي ھوقۇق ۋە تەسىر كۈچىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ھەر قايسى ئىشانلار، يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنىۋى ئۇستازى ھېسابلاپ، ھوقۇق كۈرەشلىرىگە كىرىشىپ دىنىي تەسىرىنى كېڭەيتىشكە بېرىلگەن. «كاشغەر خوجىلار جەمەتى» دىكى ھەر قايسى نەسەبلەر دىنىي ھوقۇق تالىشىشنى ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى كونترول قىلىشقا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاخىرى يەركەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭغار قىسمىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە سىياسىي- دىنىي ھوقۇققا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئىشانلار گۈللەنگەن مەزگىللەردە ھەر قايسى تارماقلار كۈچلۈك سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى كونترول قىلىۋالغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلغان بۇ بىر قىسىم ئىشانلار ئەڭ ئاخىرىدا خەلقنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان.

www.kitaphumar.net

شىنجاڭ ئىشانلىرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە سىڭىپ كىرىشىدە گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى تەرىقەت نەسەبىدىكىلەر تارقىلىش مەنبەسى بولغان بولۇپ، تۆت تەرىقەت ئىچىدىكى ئۇچ چوڭ تەرىقەت بىلەن ھەر قايسى سۇلۇكىلەر ئوتتۇرىسىدا نەسەبكە ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. خۇفىيە مەزھىپىگە مەنسۇپ مۇفتى، بىجياچاڭ، شىيەنمېن قاتارلىق سۇلۇكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز سۇلۇكلىرىنى بىۋاستە ئافاق خوجا تەرىپىدىن تارقىتىلغان دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ. خۇاسى سۇلۇكىدىكى مالەيچى جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئافاق خوجىنىڭ دۇئاسى بىلەن تۇغۇلغان پەرزەنتى تايىبابا باللىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ئافاق خوجىدىن تەرىقەت ئۆگىنىپ، ھەتتاكى «كىيىم كىيىش» قا قەدەر ئۆگىنىپ، ئون يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، ئاخىرىدا مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان ۋە ياقا يۇرتلاردا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئاساسلىقى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ خۇفىيە مەزھىپىنى ئۆگەنگەن. كېيىنچە قۇرۇلغان بېيجۇاڭ، دىڭمېن، خۇڭمېن قاتارلىق سۇلۇكىلەرمۇ شىنجاڭ ئىشانلىرى ئىچىدىكى ئىمام رەببانى قان سېستىمىسىدىكىلەر تەرىپىدىن تارقىتىلغان. جەھرىيەنىڭ قۇرغۇچىسى مامىڭشىن «ئۆزگە قايتىپ سىرت بىلەن ئالاقىنى ئۈزگەن» ۋە «يېڭى دىن قۇرۇشقا باشلامچىلىق قىلغان». جەھرىيەنىڭ نىسبەھ (شەجەرە) سى ۋە ئىستىقامەت شەكلىگە ئاساسلانغىنىمىزدا، ما مىڭشىن يەمەنگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ھەج قىلىش سەپىرىدە بۇخارا، يەركەن، كاشغەر قاتارلىق جايلاردىمۇ ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، تەرىقەت دەپ ئاتىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسھاقىيە يەنى قارا تاغلىق ئىشانلار تەرىپىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلگەن. قادىرىيە مەزھىپىگە مەنسۇپ شياگېۋەنتاڭنى ئىككى خوجىنىڭ نەۋرىسى ئابدۇراخمان بېيجىڭغا ئاپىرىلىش يولىدا لەنجۇنىڭ گاۋلەن ناھىيەسىدىكى گۇندىپاي خەي كوغا ئۆگەتكەن. لىڭ مىڭتاڭ سۇلۇكىمۇ شىنجاڭدىكى داشياڭ (مۇشۇ مەزھەپ مۆتىۋەرلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ، پىرىم بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىكى نامدۇر) بابا ھەببۇللا تارقاتقان قادىرىيەنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، نەسەبى ۋە دىن تارقىتىش ئىسپاتلىرىنىڭ ھەممىسى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە مەنسۇپ. مۇشۇنىڭدىن پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭدىكى ئىشانلارنىڭ تارقاتقىنى يالغۇز يىغىلىپ قۇرئان ئوقۇش ۋە ئىستىقامەت شەكىللىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە تۈزۈملەشكەن تەشكىلىي شەكىللەر ۋە پىرىم ئىلاھلاشقان تەرىقەت يولباشچىلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەرىقەت قۇرۇشنىڭ ئاساسىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن سوفىلار

www.kitaphumar.net

تەرىقەتنىڭ تارماق تەرىقەتلىرىدىمۇ جۇڭگولىشىش ۋە مىللىيلىشىشتەك بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇپ، ئىشانلارنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈردى.

## ئىزاھاتلار:

① Annemarie Schimmel, Mystical Dimensions of Islam, The University of North Carolina Prees, 1975, pp.62-77

① ۋ.ۋ. بارتولد، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە»، 72-، 73- بەتلەر، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984- يىل

① Annemarie Schimmel, Mystical Dimensions of Islam, pp.339, 364

① J.Spencer Trimingham, The Sufi Orders in Islam, Oxford, 1974, pp.66-65

① خۇاڭ ۋېنبى، «تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك خاتىرىسى»،31- بەت، ئىلىم- پەن نەشرىياتى، 1958- يىل

① ۋ.ۋ. بارتولد، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە»، 87- بەت

① مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كۆرەگان، «تارىخى رەشىدىي»، 225- بەت، 1- توم، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرجىمە قىلغان، ۋاڭ جىلەي تەكشۈرۈپ بېكىتكەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983- يىل

② خوجا غىياسىددىن، «شاھرۇخ ئەلچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، خې گاۋجى تەرجىمىسى، «ھايتۇن ساياھەتنامىسى ئودورىكنىڭ شەرققە قىلغان ساياھىتىدىن خاتىرىلەر» گە بىرىكتۈرۈلگەن (قوشما سان)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 2002- يىل

① «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى تۈزگەن، 5597- بەت

② «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 329- جىلد، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى تۈزگەن، 4894- بەت

① لىيۇ زىشاۋ، «ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985- يىل، 415- بەتتىن ۋاستىلىك ئېلىنغان نەقىل

www.kitaphumar.net

② «ملك شۆھنزۇك دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 122ـ جىلد، تەيۋەن تارىخ ـ تىل مەكتىپى باستۇرغان نۇسخا، 7ـ بەت؛ يەن سوڭجيەن، «ياقا يۇرت خاتىرىلىرى»، 14ـ جىلد، «تۇرپان»، گۇگوڭ مۇزىيى كۇتۇپخانىسى باستۇرغان نۇسخا

③ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان، «تارىخى رەشىدىي»، 1ـ توم، 347ـ بەت، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرجىمە قىلغان، ۋاڭ جىلەي تەكشۈرۈپ بېكىتكەن

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرى، «تەزكىرەئى خوجىگان»، چېن جۇنمۇ، جوڭ مېيجۇ تەرجىمىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمە ماقالىلار توپلىمى»، 8ـ توپلام ، 1980ـ يىل؛ چېن خۇيشېڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، «جۇڭگو شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، 1ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000ـ يىل، 326ـ بەتكە قارالسۇن

② «چوڭ خوجىلار تەزكىرىسى»، سوۋ ۋېيجۇن تەرجىمىسى، ۋاڭ شوۋلىي، باۋ ۋېنئەن تەكشۈرۈپ بېكىتكەن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى، «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 12ـ توپلام، 5ـ، 6ـ بەتلەر، 1986ـ يىل

③ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى، «ئافاق خوجا تەزكىرىسى»، ئاپتورى نامەلۇم، شافىگراف نۇسخا؛ خەن جوڭيى، «غەربىي يۇرت سۇفىزمى ئۈستىدە تەتقىقات»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2006ـ يىل، 98ـ بەتكە قارالسۇن

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرى، «تەزكىرەئى خوجىگان»، چېن جۇنمۇ، جوڭ مېيجۇ تەرجىمىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمە ماقالىلار توپلىمى»، 8ـ توپلام، 97ـ بەت

① شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى، «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 16ـ توپلام، 1988ـ يىل؛ ۋېي لياڭتاۋ، ليۇ جېڭيەن، «خوجىلار جەمەتى ھەققىدە»، 120ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1998ـ يىل

www.kitaphumar.net

② شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنىستىتۇتى، «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 16 ـ توپلام ؛ ۋېي لياڭتاۋ، ليۇ جېڭيەن، «خوجىلار جەمەتى ھەققىدە»، 120 ـ بەت

③[چىلىك سۇلالىسى]، شۇسۇڭ، «غەربىي يۇرتتىكى دەريا ـ ئېقىنلار خاتىرىسى»، 1 ـ جىلد، قەشقەر ماددىسى، گۇاڭ شۇ مىخ مەتبەئە نۇسخىسى

① «چوڭ خوجىلار تەزكىرىسى»، سۈي ۋېيجۈن تەرجىمىسى، ۋاڭ شوۋلىي، باۋ ۋېنئەن تەكشۈرۈپ بېكىتكەن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنىستىتۇتى، «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 12 ـ توپلام

② ماتوڭ، «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ مەنبەسى»، 63 ـ بەت، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل

① ماتوڭ، «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ مەنبەسى»، 66 ـ بەت

① ھاجى نۇرھاجى، «ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق (سۇفىزىم) نىڭ شەكىللىنىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1983 ـ يىللىق 7 ـ سان

① ھاجى نۇرھاجى، «ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق (سۇفىزىم) نىڭ شەكىللىنىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1983 ـ يىللىق 7 ـ سان

② ھاجى نۇرھاجى، «ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق (سۇفىزىم) نىڭ شەكىللىنىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا»، ماتوڭ، «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ مەنبەسى» دىن ۋاستىلىك ئېلىنغان نەقىل، 25 ـ بەت

«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2013 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن مۇھەممەدئەلى ئەنۋەر تەرجىمىسى

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 2013 ـ يىللىق 4 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.

www.kitaphumar.net

# ئۇيغۇرلاردىكى تەگئات مەسلىسى

## پەرھات مەمتىلى جىلان

ئۇيغۇرلاردىكى تەگئات مەسلىسى ئىلمى جاۋاپ بېرىشكە ، نەزەرىيەۋى يەكۈن چىقىرىشقا ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. ھازىر بىزدە كىشى ئىسمىغا قوشۇلغان ئاتىسىنىڭ ياكى بوۋىسىنىڭ ئىسمى تەگئات ( فامىلە ) دەپ ئاتالماقتا. بۇ تار مەنىدىكى ئۇقۇم بولۇپ تەگئات ( فامىلە ) ئەۋلاتتىن ـئەۋلاتقا كۆچۈپ داۋاملىشىدىغان ئەسلىدىكى تولۇق مەنىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. تەگئات ( فامىلە ) ئۇقۇمىدىكى بۇنداق ئېنىقسىزلىق بىرقاتار تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇلار ئۇيغۇرچە ئىسىم-تەگئات ( فامىلە ) مەسىلىسى ئۈستىدە كۆڭۈل قويۇپ ئىزدەندى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىلمى قاراشلىرىنى، پىكىر-تەكلىپلىرىنى، تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەنۋەر سەمەت غەربىينىڭ « ئۇيغۇرلاردا تەگئات ( فامىلە ) » سەرلەۋھىلىك مەخسۇس ئەسىرىدە تەگئات ( فامىلە ) توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىلگەن. ۋەلى كېرىم كۆكئالىپ يازغان قوللانما خاراكتېرلىق كىتاب «ئۇيغۇر ئىسىم-فامىلىلىرى » ئەسلىي مەنىسىدىكى تۇراقلىق تەگئات ( فامىلە) قوللىنىشنى ئويلىشىۋاتقان ۋە ئىزدىنىۋاتقانلار ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ. ئۇيغۇرچە ئىسىم-فامىلىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا يەنە بىر قاتار ئىجتىھاتلىق قەلەم ساھىبلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى گېزىت-ژۇرناللار دا ئېلان قىلىندى . دېمەك ، بۇجەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ، ئىزدىنىشلەرنى ئازدىگىلى بولمايدۇ . تەتقىقتچىلار شۇنداق دەپ قارايدۇكى، ئەجداتلىرىمىز يىراق ئۆتمۈش زامانلاردا تەگئات ( فامىلە) قوللىنىشنى بىلگەن ۋە ھەرقايسى دەۋرلەردە تۈرلۈك تەگئات ( فامىلە ) ئۆرنەك لىرىنى قوللانغان . تارىخى يازما ماتېرىياللىرىمىزغا قارايدىغان بولساق، ھەرقايسى دەۋرلەردە توتېم ناملىرى، ئۇرۇق-قەبىلە ناملىرى ، ئۇنۋان-مەنسەپ ناملىرىنىڭ تەگئات ( فامىلە) مەنىدە قوللىنىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەينى زامانلاردىكى ئىسىم-فامىلىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ياكى ئومومىي تۈركىي تىللارنىڭ لېكسىكا قاتلاملىرىدىن تاللاپ ئېلىنغان . مەسىلەن ، بىلگە قاغان ، قۇتلۇق تارقان، ئىنال تېكىن ۋە باشقىلار.

www.kitaphumar.net

10 ـئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن ئەرەبچە ۋە پارسچە ئىسىم-تەگئات ( فاملە ) ئۆزنەكلىرى تەدرىجى ئۆزلەشتۈرۈلدى. خۇسۇسەن ، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى خان جەمەتى ئىچىدە ئۇيغۇرچە ۋە ئەرەبچە ئىسىم-تەگئات ( فاملە ) تۈرلىرى ئارىلاش قوللىنىلدى. مەسلەن، مەھمۇد ئىبنى ھۇسەيىن مۇھەممەد كاشغەري، نىزامىدىن ئىسراپىل توغان تېكىن، يۇسۇپ بالساغۇن ، سۇلايمان ئىبنى قادىرخان ۋە باشقىلار. ئەرەبچە -پارىسچە ئىسىم-تەگئات ( فاملە ) ۋە تەخەللۇس شەكىللىرى كېيىنكى چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋەكىللىرى ئارىسىدا ئالاھىدە كەڭ تارقالدى. مەسلەن، ئەلشىرنەۋايى، ئابدۇرېھىم نىزاري ، ئەھمەد يەسەۋى...

19 ـئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ ، بولۇپمۇ 20 ـئەسىر كىرگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا رۇسچە تەگئات ( فاملە ) شەكىللىرى پەيدا بولدى. بۇنداق فامىلىلەر ئاتىسىنىڭ ياكى بوۋىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا رۇسچە تەگئات ( فاملە ) ياسىغۇچىلارنىڭ قوشۇلىشى بىلەن ياسالغان بولۇپ، ئاساسەن غۇلجا، چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردىكى بىر قىسىم زىيالىيلار ۋە ئۇقۇمۇشلۇق زاتلار ئارىسىدا تارقالدى. مەسلەن، ئابدۇكېرىم ئاباسوف، زاھىر ساۋدانوف، ئابدۇللا زاكىروف، مىرسۇلتان ئوسمانوف ۋە باشقىلار. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتار كىشى ئىسىملىرىنىڭ كەينىگە « ى » قوشۇمچىسى ئۇلىنىدىغان ئەرەبچە-پارىسچە تەگئات ( فاملە ) شەكىلمۇ خېلى ئومۇملاشقان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەسلەن، ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئىبراھىم مۇتىئى، مەھمۇد زەيدى ۋە باشقىلار.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى ، مەيلى رۇسچە تەگئات ( فاملە ) شەكىللىرى بولسۇن ۋە ياكى ئەرەبچە-پارىسچە تەگئات ( فاملە ) ئۆزنەكلىرى بولسۇن ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كېتەلمىدى. بىر ئائىلىنىڭ ياكى پۈتۈن بىر جەمەتىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ھەقىقى تەگئات ( فاملە ) پەقەت ئازسانلىقى ئۇقۇمۇشلۇق كىشلەر ئارىسىدىلا قوللىنىلدى ۋە ھازىرمۇ شۇنداق بولماقتا.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 -يىللىرىدىن باشلاپ تەگئات ( فاملە ) قىزغىنلىقى قايتىدىن قوزغالدى، ئۇيغۇرچە كىشى ئىسىملىرى سىستىمىسىدا تەگئات (فاملە) قوللىنىش ئارزۇسى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ تەلىپى سۈپىتىدە ئوتتۇرغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار ۋە پىكىر-تەكلىپلەر مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلىندى. ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا بايان قىلىندى. 1986 -يىلى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ۋە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنىدىكى بىر قىسىم

www.kitaphumar.net

ئىلمىي خادىملار بىرلىكتە بۇ ئىشنى رەسمىي تەتقىقات تېمىسى قىلىپ تۇتۇشقا بەل باغلىدى ھەمدە ئىبراھىم مۇتىئى ، ئېلى ئابىت، مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئامىنە غاپپار، غەنىزات غەيۇرانى، ئابلىز ياقۇپ، ئابدۇرشىت سابىت، پەرھات جىلان قاتارلىقلاردىن تەركىپ تاپقان بىر گۇرۇپپا تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى 5ـ،6ـئايلاردا گۇرۇپپا ئەزالىرى بىر نەچچە قېتىم تەگئات (فامىلە) مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. ئىلمىي خادىملار ئۇيغۇرلاردا تەگئات (فامىلە) قوللىنىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى قەيت قىلىشتى. گۇرۇپپا ئەزالىرى بىردەك مۇنداق قارارغا كەلدى: تۇراقلىق تەگئات ( فامىلە ) قوللىنىش مەدەنىيلىكنىڭ ئىپادىسى، دەۋرنىڭ تەلىپى، ئىچكى ۋە خەلقارالىق ئالاقە ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى. تۇراقلىق تەگئات ( فامىلە ) قوللانغاندا ھەربىر جەمەتنىڭ ئۆز نەسەبنامىسى تۇرغۇزۇلۇشىغا ، ئۆز نەسەبىنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىكىگە ئىمكانىيەت ھازىرلىنىدۇ. گۇرۇپپا ئەزالىرى يەنە مۇنداق پىكىردە بىرلىككە كەلدى: نۆۋەتتە تەگئات ( فامىلە ) تەتقىقاتىنى باشلاپ ، كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش زۆرۈر. لېكىن، بۇنداق تەتقىقات ۋە تەشۋىقات بىلەن تەگئات ( فامىلە ) تۈزۈمىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەس، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكىمىتىنىڭ مەمۇرىي پەرمانى ئاساسىدا يۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكىمىتىنىڭ شۇ چاغدىكى رەئىسى تۆمۈر داۋامەت بىلەن كۆرۈشتى. رەئىس تۆمۈر داۋامەت بۇ ئىشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئالدى بىلەن بىزنىڭ فامىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدا بىر لاھىيە تۈزۈپ چىقىشىمىزنى ، ئاندىن شۇ لاھىيە ئاساسىدا ھۆكۈمەت نامىدىن ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تۆۋەنگە چۈشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. گۇرۇپپا ئەزالىرى رەئىسنىڭ قوللىغانلىقىدىن ئىلھاملىنىپ ، لاھىيە تۈزۈش ئىشىنى مۇزاكىرىلەشتى. بۇ ئىشتا كەڭ خەلققە تۇراقلىق فامىلىنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈشكە ھەم ئىختىيارلىق بىلەن تەگئات ( فامىلە ) تاللاش ئۈچۈن تەگئات ( فامىلە ) مەنبەلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ مەسىلىدىمۇ گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ پىكرى بىردەك بولۇپ، تەگئات ( فامىلە ) تاللاشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرلۈك مەنبە كۆرسىتىلدى:

1. كىشى ئىسىملىرى. ئاتىسىنىڭ ، بوۋىسىنىڭ، ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ ياكى ئۆز جەمەتى ئىچىدىكى ئۆزى خالىغان بىر زاتنىڭ ئىسمىنى فامىلە قىلىپ تۇراقلاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

www.kitaphumar.net

بۇنىڭدىكى شەرت شۇكى ، تەگئات ( فاملە ) قىلىپ تاللانغان ئىسىم ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا ئۆزگەرمەي داۋاملىشىشى كېرەك.

2. قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىسىملار ۋە ئەمەل ناملىرى. مەسىلەن، ئىلتەمۇر، قۇتادمىش، بارمان، تارخان، سانغۇن، قاراخان، ئىلىكخان، ئىدىقۇت دېگەندەكلەرنى تەگئات ( فاملە ) قىلىشقا بولىدۇ.

3. ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن قەدىمكى ئۇرۇق-قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى. مەسىلەن، قارلۇق، ياغما، ياغلاقار، چارۇق، ئادىز، باسمىل،ئوغۇز دېگەندەكلەرنى تەگئات ( فاملە ) قىلىشقا بولىدۇ.

4. قەدىمكى ۋە هازىرقى جۇغراپىيەلىك ناملارنى، يەرناملىرى، مەسىلەن، دەريا، كۆل، تاغ، تەڭرىتاغ، خانتەڭرى، تارىم، تەكلىماكان، ئۇدۇن، كۇسەن، چانبالىق دېگەندەكلەرنى تەگئات ( فاملە ) قىلىشقا بولىدۇ.

5. دەل-دەرەخ ۋە تۈرلۈك ئۈسۈملۈكلەرنىڭ ناملىرى. مەسىلەن، چىنار، سۆۋادان، قارىغاي، ئارچا، توغراق، يۇلغۇن دېگەندەكلەرنى تەگئات ( فاملە ) قىلىلىشقا بولىدۇ.

6. لەقەم. ئۇيغۇرچە نام-ئاتاق سىستېمىسى ئىچىدە لەقەملەر خېلى كەڭ تارقالغان. بولۇپمۇ خوتەن، قۇمۇل قاتارلىق يۇرتلاردا جەمەت لەقىمى ئومۇملاشقان بولۇپ، مۇئەييەن جەمەتنىڭ ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق لەقىمى بىلەن ئاتىلىدۇ. مانا بۇ بىز دەۋاتقان تۇراقلىق فاملىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا ، مۇۋاپىق لەقەمنى تەگئات قىلىپ بېكىتىشكە بولىدۇ.

7. تەخەللۇسلار . تەخەللۇس قوللانغانلار ئۆزلىرىنىڭ ياكى ئاتا بوۋىلىرىنىڭ تەخەللۇسىنى تەگئات ( فاملە ) قىلىپ بېكىتىشكە بولىدۇ.

8. يىڭىچە ياسالما فامىلىلەر. ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت فوندىدىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ يىڭىچە تەگئات ( فاملە ) ياساپ قوللىنىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئەلقۇت، قۇتيار، بۆرەيار، ئەركال (ئەرك+ئال)، پاكزات...

9. سۈپەت سۆزلەرنى تەگئات ( فاملە ) قىلىسقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئۆتكۈر، سۈزۈك، يارقىن، تاسقىن، ئاقىل، قابىل...

گۇرۇپپا ئەزالىرى يۇقىرقىلاردىن لەقەملەر مەسىلىسىگە ئالاهىدە ئېتىبار بىلەن قارىدى. ئۇيغۇرچە لەقەملەر ھەقىقەتەنمۇ تەگئات ( فاملە ) تاللاشتا ئۇنۇملۇك مەنبە بولالايدۇ. شۇڭا، ئىشنى جەمەت لەقەملىرىنى تەكشۈرۈشتىن باشلاش كېرەك، دېگەن قارار قوبۇل قىلىندى. شۇ قارار بويىچە مەن 1986-يىلى 7-ئايدا لەقەم تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئېلىپ، تىل تەتقىقات مەركىزىمىزدىكى نىجات قاسىم بىلەن بىرلىكتە قۇمۇلغا

www.kitaphumar.net

باردۇق. قۇمۇل پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇرەقىپ تۆمۈر جۇبەيرى ئاكا بىزگە يېقىندىن ياردەمدە بولدى. ئۈچىمىز بىرلىكتە شەھەر ئىچى يېزىسى، راھەتباغ ۋە پالۋانتۇر يېزىلىرىدا تەشۋىقات  ۋە تەكشۈرۈشتە بولدۇق. ئالدى بىلەن شۇجايلاردىكى ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈردۇق ھەمدە ئۆزىمىز تەييارلاپ كەلگەن جەدۋەللەرنى ئۇلارغا تارقىتىپ بەردۇق. بۇ جەدۋەلگە كىشىلەرنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، يېشى، يۇرتى، جەمەت لەقىمى يېزىلىش كېرەك ئىدى. كۆپچىلىك بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىزغىن قوللىدى ۋە جەدۋەلنى ئەستايىدىل تولدۇردى. ئاندىن ھەممەيلەن باشقە جەدۋەللەرنى بۆلۈشتۈرۈپ ئۆز دائىرىسىدىكى چۈشەندۈرۈپ تارقىتىشقا ۋە تولدۇرۇلغان جەدۋەللەرنى يىغىپ كېلىشكە مەسئۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ ، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تولدۇرۇلغان جەدۋەللەرنى ئېلىپ، بىزنى قىزغىن قوللىغان بىزگە سەممىي ياردەمدە بولغان خۇش كۆڭۈل كىشىلەر بىلەن خوشلىشىپ ئۈرۈمچىگە قايتتۇق. قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەن تەگئات ( فامىلە ) تەتقىقات گورۇپپىسىنىڭ يىغىنىدا قۇمۇلدا ئىشلىگەن خىزمەتلەر توغرىسىدا دوكلات بەردىم. يىغىندا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك مەسىلىدە پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىندى.

1.  مۇشۇ تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئۇيغۇرچە تەگئات ( فامىلە ) تۈزۈمى تۇرغۇزۇشنىڭ ئەھمىيىتى، تەگئات ( فامىلە ) مەنبەسى ۋە شەكلى مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ كونكرېت يوللىرىنى كۆرسىتىپ بىر دوكلات ياكى تەشەببۇسنامە يېزىپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىغا سۇنۇش؛

2.تەگئات ( فامىلە ) مەنبەسى توغرىسىدا پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش ، ئەمما بۇنى قائىدىلەشتۈرۈپ بېكىتمەسلىك، تەگئات ( فامىلە ) تاللاشنى ھەربىر شەخسنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇش.

تەگئات ( فامىلە ) شەكلى توغرىسىدا شۇنى ئېيتىش كېرەككى ، ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئۆز فامىلىسىدە ئەرەبچە ياكى رۇسچە گىرامماتىكىلىق شەكىللەرنى قوللانغان. مەسىلەن، بىرىنچىسى، فامىلىگە ئەرەبچە (ى) قوشۇمچىسىنى ئۇلاش، يەنى «ئەزىزى، ئەھمەدى» دېگەندەك؛ ئىككىنچىسى ، رۇسچە «-وف،-يېف-ىن» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاش. يەنى ، «ئاباسوف، ئېلىيېف، ئابدۇلىن » دېگەندەك. بىز بۇ مەسىلىدە ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالغا ئاساسەن بۇنىڭدىن كېيىن فامىلىگە ھېچقانداق قوشۇمچە قوشماسلىق پىرىنسىپىنى تەشەببۇس قىلدۇق.

www.kitaphumar.net

قۇمۇلدىكى تەكشۈرۈش تاماملانغاندىن كېيىن ،يەنە خوتەن دىيارىنى تەكشۈرۈش بېكىتىلدى ۋە بۇ ۋەزىپىمۇ ماڭا تاپشۇرۇلدى .بۇ تەكشۈرۈشلەر ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتكە سۇنۇلىدىغان دوكلاتنى تەييارلاش قارار قىلىندى. دوكلاتنى مەن يازىدىغان بولدۇم.

ئەپسۇسكى ، مەن خوتەنگە بارمىدىم، تەگئات ( فاملە ) تەتقىقاتى ئۈستىدىكى شۇنچە ئىجتىھات بىلەن باشلانغان خىزمەتلىرىمىز مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالدى ، تەتقىقات گۇرۇپپىمىز جىمجىتلا تارقىلىپ كەتتى، ئىزدىنىشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى چىقمىدى.

ۋاھالەنكى، جەمئىيەتتە تەگئات ( فاملە ) قىزغىنلىقى بېسىقىپ قالمىدى، كىشىلەر يەنىلا بۇ جەھەتتە ئىزدەندى. بولۇپمۇ،مەتبۇئات يۈزىدە قەلەم ساھىبلىرىنىڭ ئۆز ئىسمى ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ۋە فامىلىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبلىك سالاھىيەت نامى ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ دەل بىز تەشەببۇس قىلغان ئۈچ تەركىبلىك ئىسىم-تەگئات ( فاملە ) قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈلگىسى بولالايدۇ. شۇ جەرياندا تەگئات ( فاملە ) تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئىلمى ماقالىلەر ئۈزلۈكسىز ئېلان قىلىندى. بەزىدە غەيرى رەسمىي سورۇنلاردىمۇ تەگئات ( فاملە ) ھەققىدە تالاش-تارتىشلار ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشلار بولۇپ تۇردى. شۇ تەرىقىدە تەگئات ( فاملە ) قىزغىنلىقى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ بەلگىلىك ئۇنۇمىگە ئىگە بولغان ئاممىۋى ئاساسىنى ياراتتى. بولۇپمۇ، بىرقىسىم ئىجتىھاتلىق زىيالىلار بۇ جەھەتتە ئەسەر يېزىش ۋە تەرغىباتچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىي ھەرىكەتكە قەدەم قويدى. مەسىلەن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى غەيرەت ئابدۇللا كالدىر 2000-يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەرگە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم خەت يېزىپ ، ئۇيغۇرلاردا تەگئات ( فاملە ) تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ ئىلمىي ۋە قانۇنى ئاساسلىرىنى تۇرغۇزۇش ھەققىدە ئۆزىنىڭ تەكلىپ-پىكىرلىرىنى ئوتتۇرغا قويدى. تۆمۈر داۋامەت بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىدى ھەمدە بېيجىڭدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىلارنى يىغىپ بۇھەقتە پىكىر ئالدى. يىغىن ئاخىرىدا ئۇيغۇرچە تەگئات ( فاملە ) مەسىلىسى شىنجاڭدا تەتقىقات قىلىنسا ، دېگەن پىكىردەبىرلىككە كەلدى. 2000-يىلى 12-ئايدا تۆمۈر داۋامەت ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق تەگئات ( فاملە ) تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئىشىنى ش ئۇ ئا ر نىڭ شۇ چاغدىكى رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتكە تاپشۇردى . 2001-يىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى رەئىس ئابلەت

www.kitaphumar.net

ئابدۇرېشىت ئۆرۈمچىدىكى بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدا يىغىن ئاچتى. يىغىندا ئىككى تۈرلۈك مەسىلە مۇزاكىرە قىلىندى . بۇنىڭ بىرى ، ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆزگەرتمەسلىك مەسىلىسى، يەنە بىرى ، تەگئات ( فامىلە ) مەسىلىسى . شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى ، 1982-يىلى لاتىن ھەرپى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئەرەپ يېزىقى ئاساسىدىكى ھازىرقى ئىستېمال قىلىنىۋاتقان كونا يېزىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئىلىم ئەھلى ئىچىدە بۇ ھەقتىكى ئوخشىمىغان  كۆزقاراشلار داۋاملىق ساقلىنىپ كەلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ، بولۇپمۇ كومپيۇتېر تېخنىكىسى جەمئىيەتتە ئومۇملىشىشقا باشلىغاندىن كېيىن لاتىن يېزىقىغا بولغان مايىللىق يەنىمۇ ئۇلغىيىشقا باشلىدى، بۇھەقتە ئىلمىي ماقالىلەرمۇ يېزىلىپ ئېلان قىلىندى، لاتىن يېزىقىنى قوللىنىش توغرىسىدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ۋە رەھبەرلەرگە پىكىر-تەكلىپلەرمۇ سۇنۇلدى. رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان شۇ يىغىندا ئالدى بىلەن يېزىق مەسىلىسى مۇزاكىرىگە قويۇلدى. ئىسلاھاتچىلىق تەرەپدارلىرى لاتىن يېزىقىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا كەڭ دائىرىلىك مۇلاھىزە يۈرگۈزدى . كونا يېزىق تەرەپدارلىرى ھازىرقى ۋەزىيەتتە يېزىق ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقى ، يېزىق ئۈستىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ ھازىرقى پەن-مەدەنىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرىغا كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى توغرىسىدا كەسكىن ئىبارىلەر بىلەن پىكىر بايان قىلدى. ئاخىرىدا، رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت بۇ مۇنازىرىنى يەكۈنلەپ  يېزىق ئۆزگەرتىشنى  كۈن تەرتىپتىن قالدۇردى ۋە داۋاملىق ھازىرقى كونا  يېزىقنى ئىشلىتىش توغرىسىدا پەرمان قىلدى. ئاندىن يىغىن ئىشتىراكچىلىرى تەگئات ( فامىلە ) مەسىلىسىگە كۆچتى. كۆپچىلىك بىردەك تەگئات ( فامىلە ) قوللىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى قەيت قىلىشتى . بۇ مەسىلىدە ھەممەيلەننىڭ كۆزقارىشى بىردەك بولدى .

شۇ يىلى 2-ئايدا « ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق تەگئات ( فامىلە ) قوللىنىشنى تەتقىق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن گۇرۇپپا باشلىقى ، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەد ئەلى ئابدۇرېھىم بىلەن سابىق مۇدىرى ئېلى زاھىت مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.گۇرۇپپا ئەزالىرى ئىمىن تۇرسۇن ، نۇر مۇھەممەت دۆلەتى، ئابلىز ياقۇپ، ئەنسەردىن مۇسا ، سابىت روزى، غەيرەتجان ئابدۇللا كالدىر ، پەرھات مەمتىلى جىلانلار دىن تەركىپ تاپتى. گۇرۇپپا ئەزالىرى بىرنەچچە قېتىم

www.kitaphumar.net

يىغلىپ تەگئات ( فاملە ) مەسلىسىنى ھەر تەرەپلىمە مۇھاكىمە قىلدى ۋە «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تەگئات (فاملە) قوللىنىش تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش پىلانى» نى تۈزۈپ چىقتى. تۈزۈلگەن پىلان بويىچە شۇ يىلى يازدا گۇرۇپپا ئەزالىرى ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تەگئات (فاملە) قوللىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ھەرقايسى يۇرتلارغا باردى يەنى ، مۇھەممەت ئەلى ئابدۇرېھىم بىلەن غەيرەت ئابدۇللا كالدىر خوتەن ۋە قەشقەرگە ، ئابلىزياقۇپ بىلەن نۇر مۇھەممەت دۆلەتى غۇلجىغا ، ئېلى زاھىت بىلەن پەرھات مەمتىلى جىلان تۇرپانغا (كېيىن ئېلى زاھىت ئۆزى يالغۇز يەنە قۇمۇلغا) باردى. گۇرۇپپا ئەزالىرى ئۆزلىرى بارغان جايلاردا ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىپ، «يىتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى» نىڭ ۋەزىپىسى ۋە نۆۋەتتىكى خىزمەتلىرىنى تونۇشتۇردى ، پىكىر ئالدى. ھەرقايسى جايلاردىكى سۆھبەتكە ئىشتىراك قىلغان زاتلار تەگئات ( فاملە ) مەسلىسىگە يىقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى بەردى ۋە ئۇيغۇرلار دىكى ئىسىم -تەگئات ( فاملە ) مەسلىسىنى چۆرىدەپ ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزدى. گۇرۇپپا ئەزالىرى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تۇراقلىق تەگئات ( فاملە ) قوللىنىش توغرىسىدىكى لاھىيەنى ئىشلەپ چىقتى. مەزكۇر لاھىيە تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى:

1.تەگئات ( فاملە ) ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە؛

2.ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامانىدىكى تەگئات ( فاملە ) قوللىنىش ئەھۋالى؛

3.بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق تەگئات ( فاملە ) قوللىنىش توغرىسىدا تەكلىپ.

شۇ يىلى 10- ئايدا گۇرۇپپا ئەزالىرى قايتا -قايتا مۇزاكىرلىشىپ، لاھىيەنىڭ تۈزىتىلگەن ئاخىرقى نۇسخىسىنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىتقا يوللىدۇق. رەئىس لاھىيەنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىپ تەستىقلىدى ۋە «ۋاقتىنى سوزماي، مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىپ ، تىزرەك ئەمەلگە ئاشۇرساق ، ئورۇنلاشتۇرساق »دىگەن مەزمۇندا يولىيورۇق بەردى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىتنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمايىل تىلىۋالدى ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەدئەلى ئابدۇرېھىم بىيجىڭغا باردى ھەمدە 2001-يىلى 12-ئاينىڭ 27-

www.kitaphumar.net

28، ـ كۈنلىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت بىلەن دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمايىل ئەھمەدكە ئۇيغۇرلاردىكى تۇراقلىق تەگئات ( فامىلە ) قوللىنىش توغرىسىدىكى لاھىيە ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى خەنزۇچە يېزىش قائىدىسى ۋە «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» نىڭ ئىشلىنىشى توغرىسىدا دوكىلات بەردى. رەھبەرلەر بۇ دوكىلاتقا زور ئەھمىيەت بەردى.

تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دېدى: « ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق تەگئات ( فامىلە ) قوللىنىش ناھايىتى مۇھىم ئىش. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتىدا بىر قېتىملىق سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇلتۇر مەن رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىتقا شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ، بىر لاھىيە تۈزۈپ چىقىش پىكرىنى بەرگەنىدىم. ئەمدى سىلەر بۇ ئىشنى ئورۇنداپسىلەر ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. بۇ ئۇيغۇر خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ، دەۋرنىڭ ئىلگىرلىشىگە ماسلىشىشتىكى چوڭ ئىش. بۇ ئىشنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك . قەتئىي نىيەتكە كەلسەكلا كۆزلىگەن نىشانغا چوقۇم يېتەلەيمىز.

بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن چوقۇم ئالدى بىلەن تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ھەممە ئادەم تۇراقلىق تەگئات ( فامىلە ) قوللىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنسۇن. ھەرقايسى ۋىلايەتلىك ، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە بىردىن رەھبىرى خادىم مۇشۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولسۇن . جايلاردا رەھبەرلىك گورۇپپىسى قۇرۇلسۇن . بۇ خىزمەت رەھبەرلىكى بولغان ئاساستا پىلانلىق ، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ئىشلەنسۇن. دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ تۇراقلىق تەگئات ( فامىلە ) تاللىشىغا ياردەملىشىش كېرەك. بۇ خىزمەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشتىن بۇرۇن ھەر مىللەت زىيالىلارنىڭ ، بولۇپمۇ مىللىي كادىرلارنىڭ پىكرىنى كۆپرەك ئاڭلاپ بېقىڭلار. تۇراقلىق تەگئات ( فامىلە ) قوللىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇلار ئۆزلىرى سۆزلىسۇن. بۇ ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولۇش كېرەك. كېيىن تەشۋىقاتنى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشىنى باشلاڭلار . سىلەرگە ئۇتۇق تىلەيمەن !».

ئىسمايىل ئەھمەد مۇنداق دېدى: «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق تەگئات ( فامىلە ) قوللىنىش ياخشى تەكلىپ ئىكەن. مەن بۇ تەكلىپكە قوشۇلىمەن ۋە ئۇنى قوللايمەن. ئۇيغۇرلار قەدىمكى زامانلاردا تەگئات ( فامىلە ) قوللانغان، لېكىن ئومۇملاشمىغانىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا تەگئات ( فامىلە ) پۈتۈنلەي قوللىنىلمايدىغان بولۇپ كەتتى . يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندا دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىر قىسىم

www.kitaphumar.net

كىشىلەر تۇراقلىق تەگئات ( فامىلە ) قوللاندى. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق تەگئات ( فامىلە ) قوللىنىشنىڭ بەلگىلىك ئاممىۋى ئاساسى بار، شۇنداقلا خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تەگئات ( فامىلە ) قوللىنىش تەجرىبىسىمۇ بار . سىلەر ئەمەلىيلەشتۇرۇش چارىسىنى ئوبدان ئويلىشىڭلار، سۆھبەت يىغىنلىرىنى كۆپرەك ئېچىڭلار، تىلشۇناسلار ، ئالىملار تېلىۋىزوردا ئۆزلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى سۆزلىسۇن ، مەتبۇئاتتا سالمىقى بار ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلسۇن،كەڭ ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرسۇن. بۇ خىزمەتنى ئەمىلىلەشتۈرۈشتە ھەركەت ئېلىپ بىرىشقا بولمايدۇ، ۋاقىت ئۇزاقراق بولسۇن ، ھۆكۈمەت ھۆججەت چۈشۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئىشى قىلىپ تۇتسۇن ».

2001-يىلى 12-ئاينىڭ 29-كۈنى ش ئۇ ئا ر مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن مەركىزى مىللەتلەر ئونىۋېرستېتىدا دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتتى، مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى ، مەركىزى تەرجىمانلار ئىدارىسى ، مەركىزى خەلق رادىئو ئىستانسىسى ، مىللەتلەر نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ئوقۇتۇش ۋە تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قىسىم مۇتەخەسىس-ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى بىردەك مۇنداق تونۇشاق كەلدى: ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق تەگئات ( فامىلە ) قوللىنىش ئىنتايىن مۇھىم. تەگئات ( فامىلە ) قوللىنىشتا نەچچە مىڭ يىللىق ئادەتكە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. كىشى ئىسمى ئالدىدا، تەگئات ( فامىلە ) كەينىدە بولۇش، بىر جەمەتتە بىرلا تۇراقلىق تەگئات ( فامىلە ) بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش ، « شەخسىنىڭ ئىسمى + ئاتىسىنىڭ ئىسمى + تەگئات ( فامىلە ) » شەكلىنى قوللىنىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، فامىلىنىڭ تەكرارلىنىش ھادىسىسىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى تەكلىپ بىرىپ يەنە مۇنداق دېدى: بۇ ئىشنى ھۆكۈمەت چىڭ تۇتىشى، قانۇن تۈزۈپ، شۇ قانۇن بويىچە ئەمەلىلەشتۈرۈشى كېرەك. 2002 -يىلى 3-،4- ئايلاردا «يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى»نىڭ ئەزالىرى ئۈرۈمچىدىكى بىر نەچچە نۇقتىغا بۆلۈنۈپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادىمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزدى. شۇ جەرياندا يېتەكچىلىك قىلىش گورۇپپىسى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىلەر مەخسۇس تىلىۋىزىيە پروگىراممىسىدا تەگئات ( فامىلە ) ھەققىدە ئىككى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

2002-يىلى 5-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ فىلولوگىيە ئىنىستىتوتى ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى مۇتەخەسسىلەرنى تەكلىپ قىلىپ يىغىن ئاچتى ۋە تەگئات ( فامىلە )

www.kitaphumar.net

مەسلىسىنى ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات تېمىسى قىلىپ تۇتقانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇ يىلى 10- ئايدا ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئاپتورلۇقىدا «ئۇيغۇر تەگئات ( فامىلە ) تەتقىقاتى» سەرلەۋھىلىك بىر كىتاب نەشىردىن چىقتى. بۇ كىتاب ئۇيغۇرچە تەگئات ( فامىلە ) تەتقىقاتىدا ھازىرغا قەدەر ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنىڭ ئىلمىي يەكۈنى بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، تەگئات ( فامىلە ) مەسلىسىنى تۇتۇپ ئىشلەيدىغان مەخسۇس تەشكىل بىردىن ئىككىگە كۆپەيدى.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىمكى، بىزدىكى تەگئات ( فامىلە ) تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ مۇھىم نوقتىسى كىشلەرگە تەگئات ( فامىلە ) مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ گۇرپىمىز تۈزگەن لاھىيەدە كۆرسىتىلگەن تەگئات ( فامىلە ) مەنبەلىرى بىلەن شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتېتىنىڭ يۇقىرىدىكى كىتابىدا كۆرسىتىلگەن مەنبەلەر مەزمۇن جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ. ھەرقايسى ئىلمىي سورۇنلاردىكى مۇھاكىمىلەردە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە نوقتىدا بىر قەدەر كۆپرەك مۇنازىرە بولدى:

1. بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر ئىسىم- تەگئات ( فامىلە )نىڭ ئىخچام بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەخسىنىڭ ئىسىمدىن كېيىنلا تەگئات ( فامىلە ) كېلىش قۇرۇلمىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋاھالەنكى، بۇنداق بولغاندا، ئاتا ئىسمى قاتاردىن چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنداق قۇرۇلمىنى كۆپچىلىك قوبۇل قىلالمايدۇ. چۈنكى بۇ بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىمىزگە ئۇيغۇن ئەمەس. بىزنىڭ ئىسىم-تەگئات ( فامىلە ) قوللىنىش ئەنئەنىمىزدە ئاتا ئىسمى كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر تەركىب ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا،« شەخسىنىڭ ئىسمى+ئاتا ئىسمى+تەگئات ( فامىلە ) » قۇرۇلمىسى بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق شەكىلدۇر. زۆرۈر بولغاندا بۇخىل تولۇق شەكىلنى قىسقارتىپ يېزىشقىمۇ بولىدۇ. مەسلەن، «غەيرەت ئابدۇللا كالدىر» دېگەن ئۈچ تەركىبلىك شەكىلنى «غەيرەت كالدىر» ياكى«غ.ئا. كالدىر» دەپ يېزىشقىمۇ بولىدۇ.

2. يەنە بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر ئايال كىشى ئېرىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىش كېرەك، دېگەن پىكرنى تەشەببۇس قىلدى. لېكىن، مۇھاكىمىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ تولىسى بولۇپمۇ ئايال مۇتەخەسسىسلەر بۇ تەشەببۇسنى قوبۇل قىلمىدى. ئاخىرى، تەگئات ( فامىلە ) قوللىنىشتا ئەر-ئايال باراۋەربولۇش پىرىنسىپى قوبۇل قىلىندى. يىگىت-قىز توي قىلىپ بىر ئائىلە قۇرغاندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز جەمەتىنىڭ فامىلىسىگە ۋارىسلىق قىلسا بولىدۇ. شۇنداقلا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن ئايال ئەر

www.kitaphumar.net

تەرەپنىڭ، ئەر ئايال تەرەپنىڭ فاملىسىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئاتا ياكى ئانا تەرەپنىڭ فاملىسىنى تاللاپ قوللىنىش ئەركىنلىكىگە ئىگە؛

3. بەزىلەر تەگئات ( فاملە ) چوقۇم ئۆزىگە خاس شەكىلگە ئىگە بولۇشى كېرەك، دەپ قارىدى ۋە پارىسچە-ئەرەبچە تەگئات ( فاملە ) قوشۇمچىسى «ى» نى قوللىنىشنى (ئەزىزى، ئەھمەدى دېگەندەك) تەۋسىيە قىلدى. بىز فاملىگە ھېچقانداق قوشۇمچە قوشماسلىقنى تەشەببۇس قىلغان بولساقمۇ، يەنىلا بۇنى تەگئات ( فاملە ) ئىگىلىرىنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قالدۇرۇشنى لايىق تاپتۇق.

نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق تەگئات ( فاملە ) قوللىنىش تۈزۈمىنى قانۇنلاشتۇرۇپ، پات ئارىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاسان ئەمەس. ئالدى بىلەن زىيالىيلار ئارىسىدا تۇراقلىق تەگئات ( فاملە ) قوللىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، تەگئات ( فاملە ) قوللىنىشتا زىيالىيلار باشلامچىلاردىن بولۇشى زۆرۈر، ئەلۋەتتە!

<< تىل ۋە تەرجىمە >> ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ئېلىندى.

www.kitaphumar.net

# ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئىجادىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتى

(بۈيۈك شائىر، يازغۇچى، ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقى،ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ74 يىللىقى، ۋاپاتىنىڭ 14 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

**پولات غەنىزات غەيۇرانى**

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتتىكى تۆھپىلىرى بىلەن مەڭگۈ ھەيكىلىنى شاۋقۇن-سۈرەنسىز تىكلەپ قويۇپ ئالەمدىن كەتكىنىگە مانا كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە 14 يىل بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىدىن شۇنداق قارىسام كىتاب جازامدا «قەشقەر كېچىسى» (شېئىرىي داستان).« ئۆمۈر مەنزىللىرى»، «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» قاتارلىق شېئىرىي توپلاملىرى، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق رومانلىرى، «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا» ناملىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا، ئۇيغۇر رۇبائىيچىلىقىغا، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئائىت يېزىلغان تەتقىقات ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى قاتارلىقلار جۇلالىنىپ تۇرۇپتۇ.

ئۇ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ئىجادىيەت ھاياتىدا ئەدەبىياتنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ بىرمۇنچە نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ ئېلان قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۆزىگە تەۋە بولغان خاسلىقىنى يارىتىپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن تۆھپىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكىدەك گۈللەپ ياشنىغان تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان بۈيۈك شائىر، ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرسىدۇر. بۇ بۈيۈك زاتنىڭ «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى شۇنداق ۋاراقلايدىغان بولساق، ئىلگىرى يازغان لىرىك شېئىرلىرىدىن «تاڭ شامالى»، «تەلكە ھەققىدە قوشاق»، «خەجلە، خائىنلار خەجلە» قاتارلىق جەڭگىۋار شېئىرلار دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. بۇنىڭدىن شائىر ئىجادىيىتىنىڭ 1940 ـ يىللاردا باشلىنىپ بىرتۈركۈم نادىر شېئىرلارنى يېزىپ، شۇ

www.kitaphumar.net

زامانلاردىكى ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە قاراتقان يىتۇك شائىرلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلماق ئانچە تەس بولمىسا كېرەك.

شائىر بۇ مەزگىللەردە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي رېئاللىقىنى ناھايىتى ئىنچىكە كۆزىتىپ، «تاڭ شامالىرى»، «مۇزلىغان شەھەر»، «باھار چىللايمەن»، «جەنۇبقا خەت»، «خەجلە، خائىنلار خەجلە» قاتارلىق بىر تۈركۈم نادىر شېئىرلارنى يېزىپ، نادانلىقتا قالغان ئاجىز خەلقنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئويغىتىش ئۈچۈن خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، خەلق كۈلسە تەڭ كۈلۈپ، يىغلىسا تەڭ يىغلاپ، نۇرغۇن نادىر شېئىرلارنى يېزىپ ئېلان قىلغان مەردانە شائىردۇر. مەسىلەن، «خەجلە، خائىنلار خەجلە» ناملىق شېئىرنى پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە كۆرۈپ باقايلى:

خەجلە، خائىنلار خەجلە، ئەلنىڭ مالىنى خەجلە،
يېتىشمەي قالسىلەر ئۇ ھەم ئېلىپ سەن ھەم جانىنى خەجلە.

خېنىمغا ئوسما دەپ خەجلە، بىگىمگە تاسما دەپ خەجلە،
تالان ـ تاراجدىن قالغان پارچە نانىنى دەپ خەجلە.

دېھقانغا ئاچقۇزۇپ بوزنى، دۇكانغا تۇتقۇزۇپ بوزنى،
سېلىپ ئالۋاننى يۈز قاتلام، ئېچىپ سەن قانىنى خەجلە.

كۆلدە بېلىقى كۆپ دەپ، يەر ئاستى بايلىقى كۆپ دەپ،
قەدەمدە مىڭ تېپىپ ھىيلە، ئېچىپ سەن كانىنى خەجلە.

پالانى ئاقچىدۇر ـ كۆكچى، بۇ ئۆتكۈرمۇ يامان دوقچى،
دەپ پارچىلاپ بۇ مىللەتنى سېتىپ ۋىجدانىنى خەجلە.

1949 ـ يىلى 8 يانۋار ئۈرۈمچى

(«ئۆمۈر مەنزىرلىرى» توپلىمىدىن ئېلىندى. )

www.kitaphumar.net

شائىر بۇ شېئىردا تارىخىي نۇقتىئىنەزەرلىك مەيداندا تۇرۇپ، ئاۋامنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، جەمئىيەتنىڭ زىللىقىنى بىلىپ، پۈتۈن دۇنيا ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، جۈملىدىن كۆز ئالدىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايى ئاپەتلىرىنى پاش قىلىپ ۋە تەنقىد قىلىپ، بىر ئۇچۇم جان باقتى كىشىلەرنىڭ مىللەتنىڭ نامىنى بۇلغاپ خائىنلىق قىلغان رەزىل ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، بىر قىسىم مىللىي مۇناپىقلارنىڭ مىللەتنىڭ بەختىگە ئۆلتۈرگان كەچۈرگۈسىز گۇناھىنى قاتتىق سۆكىدۇ. خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپ، ھەققانىي كۈرەشلەرنى قوللاپ، خەلقنى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلغىلى قويىدىغان بىر ئادالەتلىك جەمئىيەتنىڭ، ھاكىمىيەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتەك ئارزۇنى گەۋدىلەندۈرۈپ، خەلقنىڭ ئىسيانكار ئىنقىلابىي روھىنى مەدھىيىلەيدۇ.

شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، 1940-يىللاردىكى شارائىتتا قاتمۇ-قات جەبرى-زۇلۇم ئاستىدا ئىنسانىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنغان جاھالەت ھەم خۇراپات قۇربانى بولۇۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىقى، تەڭلىك، ۋە كىشىلىك ئىنسانىي ھوقۇق ئۈچۈن، قالاقلىق، قاشاقلىقتىن قۇتۇلۇپ، يەر شارىدىكى باشقا ئازاد، ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدا دۇنيا يېڭىلىقلىرىدىن تەڭ خەۋەردار بولۇپ، مەدەنىي ھاياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن، جان كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ خائىنلىق قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، مىلەتنىڭ روناق تېپىشى، يۇرتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بىردەك ھەمكارلىشىپ، تۈركىي تىللىق قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشنى تەشەببۇس قىلىپ، مىللەتنىڭ جۈملىدىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بىلىپ قايغۇرىدۇ. شائىر 1940-يىللىرىدىلا شېئىرىيەتتە نېمىنى يېزىش، نېمىنى يازماسلىق ھەققىدە ناھايىتى ئىنچىكە ئويلىنىپ قەلەم تەۋرەتكەچكە، ھەرقانداق بىر تۈردىكى شېئىرلىرىنىڭ تېمىلىرىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەينەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى ھەر بىر شېئىردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ھالقىلىق بىر مەزگىلدە شائىرنىڭ ھەقىقىي شائىرلىقى چىن ۋىجدانىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. خەلقنى تونىغان، ئۆزىنى خەلق تەقدىرى بىلەن چەمبەر چاس باغلىيالىغان شائىرلا قانداق تېمىنى تاللاپ، ئۇنى ئىجادىيىتىدە قانداق ھەل قىلىشنى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتتىكى تۈپ مەقسىتىگە، مەيدان ۋە دۇنيا قارىشىغا باغلىق بولىدۇ. شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆز دەۋرىنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق كۆزەتكەنلىكى ئۈچۈن،

www.kitaphumar.net

شۇ دەۋردىكى تۇرمۇشنىڭ جىددىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان رېئال تېمىلارنى تاللىۋالغان ۋە ئۇنى ھاياتنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، شائىرلىق بۇرچى بىلەن مەردانىلەرچە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، يۇقىرىقى بەدىئىي ماھەرەت بىلەن بىر تۈركۈم ئۆلمەس نادىر شېئىرلارنى يازغان. شۇڭا، بۇ شېئىرلار يېزىلغىلى 60 نەچچە يىل بولسىمۇ ئوقۇرمەنلەرگە بېرىدىغان ئېستېتىك قىممىتىنى يوقاتمىغان.

مېنىڭچە، شائىرنىڭ قىممىتى ياخشى يېزىلغان نادىر شېئىردا، شېئىرنىڭ قىممىتى بولسا ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر پىكىر، تويۇنغان ئېستېتىك ئامىللاردا ئىپادىلىنىدۇ. شائىر ئەزەلدىنلا ھازىرقى بىر قىسىم تۆت پەسىلگە قاراپ مەدىيە شېئىرلىرىنى يېزىپ شائىر ئاتىلىدىغان تەمەسسىدە شېئىر يازىدىغانلاردىن تۈپتىن پەرقلىنىپ، ھەرقانداق ئىجادىيىتى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ يىتۈك شائىر، تالانتلىق يازغۇچى، ئىقتىدارلىق ئەدەبىياتشۇناس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شېئىرلىرىدىكى ھاياتىي كۈچىنىڭ بىرى شۇكى، شېئىرلىرىدا مۇستەقىل پىكىر، ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە ھەرزامان چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ پىكىر-مۇلاھىزىلەر تومتاق، ئۇدۇللا ئوتتۇرىغا قويۇلماي، پەلسەپىۋى نوقتىنەزەرلەرگە تويۇنغان پىكىرلەر بىلەن يۇكسەك بەدىئىي ماھارەت سۈت بىلەن سۇدەك بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن بولۇپ، يەنى مەنتىقىي تەپەككۇر ئوبرازلىق تەپەككۇرغا، پىكىر تىلى تەسەۋۋۇر تىلىغا يۇكسىلىدۇ. شېئىردىكى مەنە ھەقىقەت مەجازئارقىلىق جىلۋىگە كىرىپ، سەنئەت دۇردانىلىرىگە ئايلىنىدۇ. ھەتتا قوشاق شەكلىدە يېزىلغان شېئىرلىرىدىمۇ چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغان، يۈرەكنىڭ قات-قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان بىر خىل ساددا مۇزىكىلىك ئاھاڭ ياڭراپ تۇرۇدۇكى،ئوقۇرمەنلار قانداق ۋاقىتتا بۇ قوشاق شەكلىدىكى شېئىرلارنى ئوقۇسا ئۇنىڭدىن بىر يالقۇنلۇق نىدانى ئاڭلىغاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن لەرزىگە كېلىدۇ. مەسىلەن: «تاڭ شامالىرى»، «تەلكە ھەققىدە قوشاق»، «مۇزلىغان شەھەر»، «خەجلە، خائىنكلار خەجلە» قاتارلىق شېئىرلار بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

شائىر شېئىرلىرىدىكى ئۇسلۇبىدىكى مىللىيلىق، تىلىدىكى خەلقچىللىق، شائىر ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەتلىرىدە ئوقۇرمەنلەرگە بېرىدىغان چوڭقۇر تەسىرى خەلقنى ئويغىتىش، تەربىيەلەش، خوراپاتلىقتىن، بىكىنمىچىلىكتىن، كونا ئىدىيەدىن ئازاد بولۇپ، خەلقنى ئىنقىلاپ قىلىش ئارقىلىق قۇتقۇزۇش بولغاچقا،ھەرقانداق بىر شېئىر ئىجادىيىتىدە تىل ۋە ئۇسلۇبتا خەلق تىلىنى ئۆزىگە ئەڭگۈشتەر قىلىپ ، پۈتۈن شېئىر ئىجادىيىتىدە ئوقۇرمەنلەر چۈشەنمەيدىغان بىرەر

www.kitaphumar.net

سۆزنى تاپقىلى بولمايدۇ، ناۋادا شېئىر قاپيىسى ئېھتىياج تۇپەيلىدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەتكەن سۆزنى قوللىنىپ قالسا، ئىزاھات بېرىپ ھازىرقى تىل بويىچە يەشمىسىنى بېرىپ كەلدى. بۇشائىرنىڭ ئىجادىيەتتىكى پەزىلىتىدۇر. يەنە كېلىپ ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت ژانىرى شائىردىن ئۆزىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى لۇغەتتىن تېپىلغان سۆزلەر بىلەن خاتىرلەپ قويۇشنى ئەمەس، ئوبرازلىق تىل بىلەن ئوبراز يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

شائىرنىڭ تىل ئۇسلۇبىنى قانچىكى ئاددى ۋە خەلقچىل بولسا ،ئۇنىڭ ھېس تۇيغۇلىرى خەلققە شۇنچە ئاسان تەسىر قىلىپ ،تېز ئۆزلىشىدۇ.

شائىرنىڭ «ئۆمۈر مەنزىللىرى» توپلىمىنىڭ ئۇيغۇرچە ،خەنزۇچە ،نەچچە قېتىم قايتا نەشىر قىلىنىشى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.چۈنكى، خەلق تىلى كۆپ قوللىنىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئوقۇرمەنلەر چۈشىنەلمەيدىغان سىرلىق سۆزلەردىن خالىي، ھەرقانداق چوڭقۇر پىكىر ۋە ئاجايىپ لىرىك ھېسيات بىلەن پەلسەپىۋى نۇقتىنەزەرلەر يورىتىلغان شېئىرلىرىدىمۇ خەلق تىلى ئۇنچە- مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.بۇ شائىرنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە نەقەدەر سەممىي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، شائىرنىڭ ئۇيغۇر مىللىي شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىن بولغان بارماق ۋە ئارۇز ۋەزنىدىن ئۇستىلىق بىلەن ئىجادىي پايدىلانغانلىقى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى مۇزىكىلىق ئاھاڭدارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، كۆپلىگەن شېئىرلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن شائىر شېئىرلىرىدا ۋەزىن جەھەتتىكى ماھارىتى ۋە تۆھپىسى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلارنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشتى. ھەم <<قەشقەر كېچىسى>> داستانىنىمۇ ئارۇز ۋەزنىدە يېزىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئارۇز ۋەزنىدە ياخشى شېئىر يازماق تەس دېيدىغان قاراشلىرىغا خاتىمە بەردى.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، دۇنيا كومپيوتېرلىشىۋاتقان، ئىنسانىيەت دۇنياسى ئاجايىپ مۆجىزىلەر ئالەمگە كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە ھېچكىم كونا ئەنئەنىلەرگە ئېسىلىۋالالمايدۇ،جەمئىيەت تەرەققىياتىدا كونا شەيئىنىڭ ئورنىنى يېڭى شەيئىنىڭ ئىگىلىشى مۇقەررەرلىك بولۇپ،ھېچكىم بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، شۇنداق ئىكەن ئەنئەنىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭغا تىل تەگكۈزگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چوقۇنىدىكەنمىز، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى پەقەت

www.kitaphumar.net

تەرەققىي قىلمىغان بولاتتى. بۇنى ئاللىبۇرۇن تارىخ ئىسپاتلىغان ھەقىقەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەنئەنىگە شاكىلىنى ئايرىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، يېڭىلىق يارىتىشىمىز كېرەك. بۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەدەبىياتنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىغا يېقىنلىشىشىدىكى تەقەززاسى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، مەملىكىتىمىزدە بارلىق مىللەتلەر ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى ئەركىن داۋاملاشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ۋە بۇ ھوقۇق قانۇن بىلەن كاپالەتلەندۇرۇلگەن بولغىنى ئۈچۈن، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى مىللىي ئەنئەنىلەرگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا كەڭ-كۇشادە يېڭىلاش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇ كەڭ زېمىن يارىتىلدى. بۇ ھېچقاچان دۇنيا يېڭىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىشنى چەتكە قاقمايدۇ، بەلكى تەقەززا قىلىدۇ.

شائىر ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرىي ئىجادىيەتتە بولسۇن، ياكى رومان ئىجادىيىتىدە بولسۇن، ئەنئەنىلەرگە قارىغۇلارچە چوقۇنمىدى، بەلكى ئۇنىڭغا ئىجادىي ئاساستا ۋارىسلىق قىلىپ، بىر مۇنچە يېڭىلىقلارنى يارىتىپ، ئۆز شېئىرلىرىنى خەلققە يېقىن ئۇسلۇبقا ئىگە قىلدى. شېئىرلىرىدىكى تېما مەزمۇن يېڭىلىقلىرى بىلەن قويۇق تۇرمۇش چىنلىقىدىن تاشقىرى شېئىرىي شەكىللىرى، ۋەزىن ئۆلچەملىرى، قاپىيە، تۇراق ۋە باشقا جەھەتلەردە ياراتقان يېڭىلىقلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ.

شائىرنىڭ ئىجادىيەت مېتودى ھېچقانداق شائىرغا ئوخشىمىغان ھالەتتە ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئىنچىكە تەھلىل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

شائىرنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا كۆننى ـ كۈنگە ئۇلاپ ئىشلەش جەريانىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، شاكىلىنى تاشلاش جەريانىدا شەكىللەندۇرگەن ئىجادىيەتتىكى خاسلىقى، مۇستەقىللىقى، ئىجادىيلىقى، زامان-ماكاندا باربولغان شەيئىلەرنى ياكى يولۇققۇۋاتقان شەيئىلەرنى، ياكى بارلىققا كېلىۋاتقان شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە تاللىۋالغان مېتال چوقۇم پۈتكۈل شۇ مەۋجۇداتنىڭ گەۋدىسى، سىمۋولى بولۇشنى ئاساس قىلىپ يازغاچقا، ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى تېما ۋە ئىپادىلەشتىكى ئەمەل قىلىدىغان تۈپ پرىنسىپى ۋە مېتودى شائىرنىڭ ئىجادىيەت مېتودى دېيىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە رېئالىزم ۋە رومانتىزم مېتودىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كۆرەلەيمىز. چۈنكى، ئۇ ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئوبيېكتىپ ھالدا كۆزىتىپ، ئۇنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن رېئالىستىك شائىر بولسا، ئاشۇ رېئاللىقنى غايىۋى ئىستەك ـ ئارزۇلار ۋە قايىنام تاشقىنلىق لىرىك تەسەۋۋۇر

www.kitaphumar.net

تىلى بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ئىپادىلىگەنلىكى جەھەتتىن رومانتىك شائىر ئىدى. شائىرنىڭ ئۆزى شۇ دەۋردىكى تىپىك شارائىتتا يېتىشكەن تىپىك قەھرىمان بولغانلىقتىن، شائىرنىڭ لىرىك تەسەۋۋۇرلىرى يۇقىرى غايىۋىلىككە كۆتۈرۈلگەن. نەتىجىدە، شائىر رومانتىزمى ئىنقىلابىي رومانتىزم پەللىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئەينى جەمئىيەتنى پاش قىلىشلا ئەمەس، ئۆزگەرتىش، يەنى ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋاستىگە ئايلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىدە تەنقىدىي رېئالىزم ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

مەسىلەن:

<< تاڭ شامالىرى>>

يەلپۈنۈپ ئۆتكەن تاڭ شامالىرى،
بىردەم قېشىمدا توختاپ ئۆتۈڭلار .
يۈرەك زارىنى ۋە ئاھ ۋە دەردىنى
مەرھەمەت ئەيلەپ ئاڭلاپ ئۆتۈڭلار.

ئېشىپ تاغلاردىن بېرىپ يەتكەندە،
تەڭرى تېغىنىڭ ئېتەكلىرىگە .
يېپەك رومالدەك قولۇڭلار تەگسۇن،
دەرت يېتمى تەگكەن ئېڭەكلىرىگە .

تەسەللى ئوقۇپ دەردىگە دەرمان،
غەيرەت قوشۇڭلار غەيرەتلىرىگە.
مۇڭلۇق سالاملار بېرىپ ئېيتىڭلار،
دەرتمەن گۈللەرنىڭ چېچەكلىرىگە.

تاڭ ئاتىدۇ دەڭ، چېلىش قاينىغاچ،
ئىلى سۇلىرى دولقۇن ياسىغاچ،
دولقۇنغا ئېيتىڭ ، توختىماي تۇرسۇن،

www.kitaphumar.net

دولقۇننىڭ ۋاقتى قاراپ تۇرمسۇن!

يىللاردىن بېرى،تەۋرىگەن دېڭىز،
ئەمدى ۋاقتىدا ئويدان ئېيتتىڭىز،
قۇربانسىز دەۋا بولمىغان ھېچ چاغ،
بىز دەۋا قىلىپ قانمىغان ھېچ چاغ.

مەنمۇ ياسايمەن تىلەكلىك دولقۇن،
ئۆزۈمگە لايىق سالىمەن شاۋقۇن،
شېئىر تىلەيدۇ شۇنداق تىلەكنى،
خىيالىدىكى ئۇ بىر كېلەچەكنى.

يەلپۈنۈپ ئۆتتۇڭ تاغلار باشىدىن،
تاغلاردىن ئۆتكەچ جەڭچى قېشىدىن،
مەنمۇ راستىلىدىم ئۆتكۈر قىلىچىم،
ئۆتەشكە تەييار ئۇلۇغ بۇرچىم.

1945-يىل 15-ئىيۇن لەنجۇ.

شائىر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تەلپۈنۈپ <<ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا، ئونبەشى يورۇق بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئىنقىلابنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، خەلق زۇلۇم، ئېغىر ھاشا ـ سېلىقلاردىن قۇتۇلۇپ، ھۆر ياشايدىغان زاماننىڭ كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ، خەلقنى ئۈمىدلىك تىرىكچىلىك قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ شېئىر يېزىلغىلى 70 نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، ئوقۇرمەنلەرگە بېرىدىغان ئېستېتىك قىممىتىنى يوقاتمىغان، بۇ نۇقتىدىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدىي رېئالىزم مېتودى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرقاتارلىق شائىرلار بىلەن باشلانغان دېسەك، ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. ئەمما شېئىرلىرىدا گاھ ھەسرەت، گاھ ئازاب ـ ئوقۇبەت، كىنايە، ئاچچىق غەزەپ ۋە كۈچلۈك نەپرەتلەر بىلەن گاھ قاتتىق نىدا ۋە ئوتلۇق خىتاب بىلەن تولغان لىرىكىلىرى، ئۇنىڭ ئۆزى ياشاپ تۇرغان

www.kitaphumar.net

رېئال جەمئىيەتنىڭ ۋۇجۇدۇدىكى ئەجەللىك ئىللەتلەر ۋە بۇ ئىللەتلەرنى پەيدا قىلغان بۇ ئامىللارنى رەھىمسىز پاش قىلغان ئۆتكۈر شېئىرلىرى بۇ پىكرىنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشى بويىچە تەنقىدىي رېئالىزىم مېتودىنى قوللىنىش نەتىجىسىدە زۇلۇم، ئېزىلىشكە قارشى قەلەم قورالىنى نەشتەر قىلىپ، مىللەتنى ماددىي كىشەنلەردىن قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىپلا قالماي ئۆز خەلقىنىڭ ۋۇجۇدۇدىكى ئاتا-بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان،كونا كېسەللىكلىرنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاپ،خەلقنى مەنىۋى جەھەتتىن ئازاد قىلىشقا تىرىشقان ،نىيىتى دۇرۇس، يېڭى ئىدىيە بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە،<<چىلىلاڭ خورىزىم چىلىلاڭ>>، <<تاڭ زىباسى يوقمىدۇر>>، <<كەل -كەل سابا>>قاتارلىق شېئىرلىرىغا نەزەر سالساق شېئىرلىرىمىزنى ئاغدۇردىغان بولساق، شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر پەقەت بىر شائىر بولۇپلا قالماي، ئۆز زامانىسىدىلا مىللەتنى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىنى تورىغا ئورۇنۇۋالغان ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، دىنىي خۇراپاتلىق ئاسارەت كىشەنلىرىدىن خالاس قىلىشنىڭ تېخى يېتەرلىك ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، خەلقنى مەنىۋى كىشەنلەردىن قۇتۇلدۇرۇش لازىملىقىنى يەنە ئىللەت تۈزەلسە،مىللەت تۈزۈلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، بارلىق جاھالەت، خۇراپات، نادانلىق، قالاقلىقلارغا ،مىللەتنىڭ يېسخىك جەھەتتىكى بۇزۇلۇشلىرىغا ۋە مۇنداق چۈشكۈنلۈكلەرگە سەۋەب بولغان ئامىللارغا قارشى رەھىمسىزلىك بىلەن شىددەتلىك ئوت ئاچقان. بۇ مىللەتنى سۆيگەنلىكىنىڭ، تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ،ئۆزىنىڭ يېتۈك شائىر بولۇپ قالماستىن ،ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتلىرى بىلەن بارلىقىنى خەلق مەنپەئەتىگە بېغىشلىغان خەلقپەرۋەر،ۋەتەنپەرۋەر زات ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان مەردانە يىگىت ئىدى.قايسى بىر كىتابتا: <<كىمنىڭ قەلبى ھەممە ئۈچۈن سوقۇۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەم ھەقىقەتەن بۈيۈكتۇر، ۋ.س.لېنىن.>>دېيىلگەن.(كۈندىلىك خاتىرەمدىن).

دېمەك. شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا تېخىمۇ يېڭىلىنىپ، بېيىپ گۈللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان نامايەندە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ رومانلىرى بولسۇن، داستانلىرى بولسۇن، چۆچەكلىرى بولسۇن، <<خەزىنىلەر بوسۇغۇسىدا>> ناملىق ئىلمىي تەتقىقات قىممىتى يۇقىرىقى ئەدەبىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلىرى بولسۇن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسىي سۈپىتىدە، ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

www.kitaphumar.net

شائىرنىڭ ئۆزى بولسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بايراقدارى ۋە مۇھىم ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ياشاۋېرىدۇ.

شائىر ئىجادىيىتىنى دەۋر ئالاھىدىلىكىگە قاراپ مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ. 1940 ـ يىللار بولۇپ، بۇ مەزگىللەردە شائىر« تاڭ شاماللىرى»، «باھار چىللايدۇ»، «جەنۇبقا خەت»، «تاڭ زىباسى يوقمىدۇر» قاتارلىق بىر تۈركۈم جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىپ، خەلقنى ئادالەتنى ياقلاپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايى ئاپەتلىرىنى پاش ۋە تەنقىد قىلىپ، خەلقنىڭ تەقدىرىگە ھېسداشلىق قىلىش، ھەققانىي كۈرەشلەرنى قوللاپ، يېڭى تاڭغا بولغان تەشنالىقنى ئاپادىلەشتەك ئىلغار ئىدىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقنى زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

ئىككىنچى باسقۇچ. 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە بۇگۈنكى زامان باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىللەردە «ۋىژدان دەۋتى» گە ئوخشاش شېئىرلارنى يازغان بولسىمۇ، ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي يۇز بەرگەن بىر قاتار قالايمىقانچىلىقلار ئىجادىيەت مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاققان بولسىمۇ، قەلىمنى توختىتىپ قويماي، «سەجدىگاھىمغا»، «توۋا دەپ تۇتتۇم ياقا»، «كۆز كېچىسى»، «نەۋايى غەزىلىگە مۇخەممەس» قاتارلىق بىر تۈركۈم نادىر شېئىرلارنى يازغان.مۇشۇ يەردە ئەڭ مۇھىم بىر ئەسلىمىنى قىتۇرۇپ قوياي، مەرھۇم دادام غەنىزات غەيۇراننىڭ 1987 ـ يىلى9 ـ ئايدا ماڭا دەپ بېرىشىچە: ئۆتكۈر ئەپەندى 1966 ـ يىلدىن 1977 ـ يىلغىچە «ئىز ناملىق رومانىنى ئۈچ توم قىلىپ يېزىپ بولغان ئەمما قانداقتۇر بىر سەۋەب بىلەن ئۇرۇمچىدىكى بىر ئاغىنىسىغا ساقلاپ بېرىشكە بەرگەن. ئەمما بۇ ئۆي ئىگىسى بۇ ئارگىنالنى ئۆي كۆچۈش جەريانىدا يوقۇتۇپ قويغان. 1980 ـ يىلى ئۆتكۈر ئەپەندى ئەمدى رومانىنى قايتا بىر پىششىقلاپ نەشر قىلدۇرا دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۇ ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئۇ كىشى بۇ پاجىئەنى ئۆتكۈر ئەپەندىگە دېگەن. ئۆتكۈر ئەپەندى قاتتىق ئازابلىنىپ بىر جۈپ كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئېقىپ كەتكەن، ھەم بۇنىڭ بىلەن بەل قويۇۋەتمەي «ئىز»، ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىنى قايتا يېزىپ چىققان. بۇنى ئۆتكۈر ئەپەندى دادامغا سۆزلەپ بەرگەن. مەن كۈندىلىك خاتىرەمگە يېزىپ قويغانىدىم، شۇ خاتىرىدىن ئېلىندى).

www.kitaphumar.net

ئۇچىنچى باسقۇچ. 1970 ـ يىللاردىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ شائىر ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى دەۋر باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا شائىر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، ھەرقايسى ژانىرلار بويىچە غايەت زور ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشكەن. يەنى بۇ باسقۇچ شائىر ئىجادىيىتىدە ئالتۇن دەۋرى بولۇپ، زور بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى مۇشۇ مەزگىلدە يازدى. يەنە كېلىپ <<ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس >> ، <<مەن ئاق بايراق ئەمەس>>،قاتارلىق نادىر شېئىرلار مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلغان.داستانلاردىن بولسا:<<ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك >>، <<گۈل ۋە ئازغان >>قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى.،<<قەشقەر كېچىسى >> داستانىنى قايتا يازدى.

1950 ـ يىللاردىن باشلاپ تارىخىمىزدا، ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى، خەلق كونا جەمئىيەتتىكى زۇلۇم زورلۇقلاردىن قۇتۇلۇپ، يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشتى،جۇملىدىن خەلقىمىزدە ئەمدىكى تۇرمۇشتا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئىشلەش مېلودىيەسى ياڭرىدى.<<ۋىژدان دەۋىتى >> ناملىق شېئىردا مۇنداق يېڭىچە ھايات مۇنداق ئىپادىلەندى:

باھار يامغۇرى ياغدى، سۈلىرى تاش،
كۆڭۈل كىرلىرىنى يۇيايلى كەل-كەل.
يۈرۈپ پەرياد بىلەن تاشلار ئىزىپ بىز،
ۋەتەننىڭ شەنىگە تىكلەيلى ھەيكەل.

شائىر بۇ شېئىردا خەلقنى ئۇزاق زارىقىپ ئاخىرى ئېرىشكەن بۇ يېڭى دەۋراندا مېھنەت بىلەن ،ئىجاد بىلەن ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا چاقىردى.

1960 ـ ـيىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە بولسا شائىر <<كۈز كېچىسى>>قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، ئاشۇ يىللاردىكى ھايات كۆرۈنۈشلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئىزتىراپلىق ھېسسىياتىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن.

ئاندا قىقاس، مۇندا ئۇر-چاپ، قول سۇندى، باش-كۆز يارا،
نى يىگىت ـ قىزلار ياتۇر،جان تالىشىپ مەيدان ئارا.

تۈنۈگۈن يولداش دېيىشكەن جان بۇرادەرلەر بۈگۈن،

www.kitaphumar.net

بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشتە بەسلىشەر كۆن ۋە تۈن.

بولدى مەكتەپ زاللىرى قىرغىنچىلىق مەيدانلىرى،
تەجرىبە ئەسۋابلىرى - بومبا ياساش سايمانلىرى.

ئاقتى قانلار،كوچىلاردا، ئاقتى زاۋۇت سېخىدا ،
ئېسىلىپ قالدى جەسەتلەر گاھ دەرەخلەر شېخىدا.

شائىر بۇشېئىردا <<مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى>>دا يۈز بەرگەن ئاجايىپ پاجىئەلىك، ئېچىنىشلىق بولغان سانسىز ئىشلارنى، مانا مۇشۇنداق تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆزىمۇ بۇ ئىنقىلابنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تارتقان جەبىرۇ-جاپالىرىنى خۇددى كىنو كۆرۈنۈشلىرىدەك كۆز ئالدىمىزدا نامايەن قىلىپ،ئوقۇرمەنلەرگە سەلبى دەرس بېرىدۇ.
<<كۆز كېچىسى >>ناملىق بۇ شېئىردا يەنە <<ئىنقىلابچىلار >> نىڭ گۇناھسىز، بەختلىك ئائىلىدە، سەۋەبسىز تۇتقۇنلۇق قىلىپ، پۈتۈن بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ھالاكەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويغانلىقىدىن ئىبارەت كونكرېت بىر مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، شېئىرنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، شائىر بۇ مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ قويۇش، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپلا قىلماستىن، تېخىمۇ مۇنداق بىر مۇھىم جەڭگىۋار خىتابنىمۇ ئوتتۇرغا قويغان.

ئاقتى قان، ئاقتى قېرىنداش ھەم بۇرادەرلەر قېنى،
نېمە دەپ يەكۈن ياساركىن ،بۇڭا تارىخ بىر كۈنى.

توۋا دەپ تۇتتۇم ياقا،ھەركۈنلۈكى قانغا قاراپ،
شۇنچە قانغا كىم خەلقنىڭ ئالدىدا ئېيتار جاۋاب.

بۇ خىتاب شائىرنىڭ ئاشۇ نەس باسقان يىللاردىكى ئىدىيۋى ھېسسىياتىنىڭ جانلىق ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ۋىجدانلىق شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن.

www.kitaphumar.net

خەلق ئۆچۈن چۇقان سالغان، مۇشۇ يىللاردا <<يانغۇسى تاك مەشئىلى>>نامىلىق شېئىردا مەڭگۈ ئەستىن چىقماس پاراكەندىچىلىكنىڭ ئاخىرلىشىپ، يورۇق تاڭنىڭ چوقۇم يورۇپ، ياخشى كۆڭۈلەرنىڭ ئالدىمىزدا ئىكەنلىكىنى ئۈمىد بىلەن ئىپادىلىگەن. شۇنداقلا ئاشۇ يىللاردا يېزىلغان ئەڭ داڭلىق شېئىرلىرىنىڭ بىرى بولغان <<ئىز>> دېگەن شېئىرىدا ناھايىتى چوڭقۇر مەزمۇننى ئىپادىلىگەن. بۇ شېئىر يۈكسەك ھېسسىياتى ۋە بەدئىيلىك جەھەتتىكى مۇكەممەللىكى بىلەن خەلقىمىزنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى. شۇنداقلا پۈتۈن ئىجادىيىتىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. بۇنداق نادىر شېئىرلار پىكرىنىڭ يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىقى ،ھېسسىياتىنىڭ چىن ۋە قايناقلىقى، تىلىنىڭ راۋان، ئاممىباب، ئوبرازلىقلىقى، بەدئىي تەسەۋۋۇرىنىڭ مولللىقى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ قويۇقلىقى بىلەن ئاجايىپ گۈزەل،يۈكسەك سەنئەت مەنزىرىسىنى يارىتىپ، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدۇ.

شائىر بۇشېئىردا ئىپادىلىمەكچى بولغان ماھىيەتنى تۈتۈشقا،سۆزنى تاللاپ ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇپ، ئوبرازلىق سۆزنى دەل جايىدا قوللىنىپ، ئىستىكىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغاچقا، شېئىردا ئىپادىلىمەكچى بولغان بىر پۈتۈن مەزمۇننى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىگەن.

مەسىلەن:

ياش ئىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپقالدى  ئەنە نەۋرىمىز.

ئاز ئىدۇق مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق ،قالدۇرۇپ چوڭلەردە ئىز.

دېگەن مىسرالاردا بىر تەرەپتىن ئىنقىلاب باشلانغان دەسلەپكى مەزگىللەر بىلەن كېيىنكى يىللار سېلىشتۇرما قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىنقىلابنىڭ خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقى،شۇڭا خەلقنىڭ ئىنقىلابنى قوللىغانلىقى،ئىنقىلابنىڭ خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت پۇختا ئاساسقا، ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

www.kitaphumar.net

قالدى ئىز چۆللەر ئارا ،گاھى داۋانلاردا يەنە،
قالدى نىنى ئارىسلانلار دەشتى چۆلدە قەبرىسىز.

دېگەن مىسرالاردا كەسكىن ئېلىپ بېرىلغان قانلىق جەڭلەر، جەڭچىلىرىمىزنىڭ خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتىپ قۇربان بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. شائىر بۇشېئىردا يۈكسەك بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق نەچچە ئون يىل ئېلىپ بېرىلغان،نۇرغۇن قانلار تۆكۈلگەن، ئاز بولمىغان قۇربانلار بېرىلگەن شىددەتلىك ئۇرۇش مەنزىرىسىنى مانا مۇشۇ ئىككى مىسرا ئارقىلىقلا ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ مىسرالارنى ئوقۇغاندا ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەن، ناھايىتى ئىخچام ئىپادىلەنگەن شۇنچە چوڭ مەزمۇنغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايدۇ.
بۇ شېئىرنىڭ كېيىنكى مىسرالىرىدا بولسا، تىخىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىپ،بىر تەرەپتىن ئاشۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ كۈرەشلىرى گەرچە مەغلۇپ بولاغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى بېسىپ ئۆتكەن ئىزلارنى ئەۋلادلارنىڭ ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئۈمىدى ئىپادىلەنگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ،كونا دۇنيانى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ئىنقلابنىڭ توختاپ قالمايدىغانلىقى،چوقۇم مەقسەتكە يەتمىگىچە بولدى قىلمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخي مۇقەررەرلىكنى كۆرسىتىپ بەرگەن.
شائىرنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا مول مەزمۇننىڭ ئىچىگە يەنە ھاياتلىق پەلسەپىسىگە ئائىت ھېكمەتلەر سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشتا ھاياتلىق سەپىرى مۇشاقەتلىك بىر كارۋانغا ئوخشىتىلىپ، بەخت-سائادەتنىڭ جاپا-مۇشاقەتلىك كۈرەشلەر بەدىلىگە كېلىدىغانلىقىنى، ھاياتقا، كىشىلىك تۇرمۇشقا، كەلگۈسىگە بولغان زور ئۈمىدۋارلىقنى، ھاياتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەشلەرنىڭ نەۋرىلەر، چەۋرىلەر، ئەۋرىلەر ئارقىلىق مەڭگۈ داۋاملىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ياكسەك دەرىجىدىكى كەلگۈسىگە بولغان چوڭقۇر ئۈمىدنى ئىپادىلىگەن.
ئەمدى بىز شائىرنىڭ 1970- يىللاردىن كېيىنكى شېئىرىي ئىجادىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، يېقىى دەۋردىكى شېئىرىي ئىجادىيىتىدە، «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخاممەس»، ناملىق شېئىر بىلەن «مەن ئاق بايراق ئەمەس» دېگەن مەشھۇر ئىككى شېئىرى بۇ مەزگىلدىكى ئىجادىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغان نادىر شېئىرلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. شائىر «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخاممەس» ناملىق شېئىرىدا، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن

www.kitaphumar.net

يەكۈنلەپ، تىرىكچىلىك جەريانىدا كۆرگەن، ئاڭلىغان، بىلگەن، ھېس قىلغان ھايات ھەقىقەتلىرىنى دانالارچە ئۆزگىچە تەئەللۇق بولغان شېئىرىي نۇتۇق،مەردانە كىلاسسىك شائىرلارغا خاس پاساھەت بىلەن ئوبرازلىق، جانلىق ئىپادىلەپ ئۆز قەلبىنى ۋە ھېسسىياتىنى خەلققە سەممىيلىك بىلەن تۇتقان. شۇڭا، شائىرنىڭ ھايات ھەقىقىدىكى قاراشلىرى بۇ شېئىردا ئىنسانىنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشتىكى ھايات پەلسەپەسىگە كۆتۈرۈلۈپ ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتتە ئىپادىلىگەچكە، خەلقىمىز كىشىلىك ھاياتىدا بۇ شېئىرلارنى دەستۇر قىلىپ ئوقۇپ كەلمەكتە. شائىر پۈتكۈل شېئىر ئىجادىيىتىدە بولسۇن، شېئىرىي داستانلىرىدا بولسۇن، تارىخىي رومانلىرىدا بولسۇن، «خەزىنىلەر بوسىغىسىدا» ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىدا بولسۇن، بارلىق ئىجادىيەتلىرىنى، ۋەتەن، مىللەت، خەلقنى كۈيلەشكە، خەلقىمىزنىڭ خۇشاللىق-قايغۇلىرىغا جۆر بولۇشقا بېغىشلىغان خەلقچىللىقى كۈچلۈك شائىر. بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە «ئۆمۈر ھەققىدىكى مۇخەممەس» تىكى مۇنۇ مىسرالارغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى:

جاھان باقىي ئەمەس، لوقمان چېغىدا تاپمىدى دەرمان،
مىسالدۇر بۇڭا ئىسكەندەر ۋە ھەتتا ئەركە چىڭگىسخان،
كېلىپ كەتمەك بىلەن مەشغۇل جاھانغا بېھىساب كارۋان،
ئۆتەر دۇنيا، كېچەر دۇنيا، پەقەتلا خەلق سۈرەر دەۋران،
ئۆمۈر مەنزىلىدىن تاپتىم ئۇشبۇ ھەقىقەتنى.

بۇ مۇخەممەستە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك باقىۋەندە ئەمەسلىكى، ئادەملەرمۇ ھەم شۇنداق ئىكەنلىكى، پەقەت بىرلا نەرسە مەڭگۈ ياشايدىغانلىقى، ئۇ بولسىمۇ خەلق ئىكەنلىكىدەك بىر ھەقىقەتنى نامايەن قىلغان. شائىر يەنە بۇ شېئىردا «ھايات دېمەك كۈرەش دېمەكتۇر» دېگەن ھەقىقەتنى جاكارلاپ، كىشىلىك تۇرمۇشتا «ئۇۋزمە پىش ئاغىزىمغا چۈش» دەپ ياشاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى مۇنداق يازىدۇ:

خىيالىم دېڭىزى تىنماي، تېشىپ مىڭ چايقىلىپ قايناق،
كېچىلەر ئاز يۇمۇپ كۆز ۋە گاھى تۈنگىچە ئويغاق،
چىقاردىم بىر يەكۈن ئاخىر ئۆمۈر مەنزىلىدىن شۇنداق،
ئۆمۈردۇر بىر كۈرەش، ھەرگىز ئەمەس بىزگە ئاۋۇنچاق،

www.kitaphumar.net

يولاتما ئەي كۆڭۈل ئەمدى ئۆزۈڭگە زەرچە غەپلەتنى.

(«ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس»تىن).

دېمەك، شائىر ئادەم ئۆز قىممىتىنى ئەمگەك قىلىپ تاپىدۇ، شۇ ئادەمنىڭ ئەمگەك مېۋىسى ئۆز ئۆمرىگە مەنە بېرىدۇ. ئەگەردە ئادەمنىڭ نىيەت-ئىقبالى دۇرۇس بولسا روناق تاپىدۇ، كىشىلەرگىمۇ پايدا بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا ھەممە نەسە كەينىگە يانىدۇ، ئەمگىكى، مېجەز-خۇلقى، قانداق بولسا ئۇنىڭ ئادىمىيلىك سۈپىتى، قەدىر-قىممىتىمۇ ئۆمۈرنىڭ مەنىسىمۇ شۇنداق بولىدۇ دېگەن بۇ قارىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. شائىرنىڭ بۇ شېئىرنى يېزىشتىكى تۈپ مەقسىتى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھايات ھەققەتلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە بىلدۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن، زاماندىشلارغا، ئەۋلادلارغا ئۆمۈر ھەققىدىن ئادەمنى ياخشىلىققا، ئادىمىيلىككە يېتەكلەيدىغان ئىبرەتلىك مەنالارنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئىستىبىتلىك تەربىيەگە ئىگە قىلىپ، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇشقا يېتەكلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن شائىرنىڭ «مەن ئاق بايراق ئەمەس» ناملىق چاچما شېئىرىغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئىدىيەسى ئىلغار، تىلى گۈزەل، پىكرى يېڭى، قۇرۇلمىسى پۇختا، قاراتمىلىقى كۈچلۈك، ۋەزنلىرى ئەركىن، شەكلى يېڭى، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولغان تولىمۇ نادىر بىر چاچما شېئىرنى ئوقۇيمىز. بۇ شېئىر يېزىلغاندىن بۇيان ئوقۇرمەنلەرنى قايتا-قايتا پىكىر قىلىشقا ئۈندەپ كېلىۋاتقان ئەڭ ئىسىل شېئىرلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، ئىجادىيىتىدىمۇ دەۋر بۆلگۈچ خاراكتېرلىك مۇھىم ئورۇندا تەرۇپ كەلمەكتە. چۈنكى شېئىردا ناھايىتى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ مەدھىيىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىدىن، ئەزىز يۇرتىدىن ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسى، ۋەتىنىنىڭ شان-شەرىپىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ئىززەت-ھۆرمىتىنى قەيەردە بولۇشتىن قەتئىيي نەزەر مەڭگۈ قوغداش، مۇشۇ زېمىنغا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ھەر بىر كىشىنىڭ باش تارتماس بۇرچى ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان.

بۇ شېئىر تۆت بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، چاچما شېئىر شەكلىدە يېزىلغان. بىرىنچى بۆلۈكىدە، «كۆمۈش كەبى يالتىراق، مەرۋايىتتەك پاقىراق»، «بېشى ئاسمانغا مەغرۇر تاقاشقان»، «مۇقەددەس، گىگانت، گۈزەل»خانتەڭرى چوققىسىنىڭ تەرىپى قىلىنغان. شائىر بۇ چوققىنى ۋەتەنىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، تەڭداشسىزلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن بولسا، شېئىرنىڭ ئىككىنچى بۆلۈكىدە، كىملەرنىڭدۇر بۇ بۇيۈك خانتەڭرىنىڭ ئاپئاق چوققىلىرىنى «يىراقتىن قارىماققا ئەل بولغان قوشۇن تۇتقان ئاق

www.kitaphumar.net

بايراق» قا ئۇخشىتىلغانلىقى يېزىلغان. نەتىجىدە، شائىر شېئىرنىڭ بىرىنچى بۆلۈكىدىكى ئىپادىلىگەن كۆز قارىشى بىلەن ئىككىنچى بۆلۈكىدىكى ئىپادىلىگەن كۆز قاراشنى سېلىشتۇرما قىلىپ، قارمۇ قارشى پىكىر ئارقىلىق، كەسكىن دراماتىك كەيپىيات ۋە پىكىر پەيدا قىلىپ، ئۈچىنچى بۆلەكتىكى پىكىر ئۈچۈن شارائىت هازىرلىغان. شۇنىڭ بىلەن شېئىرنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈكىدە خانتەڭرىنى سۆزلىتىپ، ئۇزاق تارىخلارنى، خەلقىمىز بەرپا قىلغان شەرەپلىك ئەنئەنىلەرنى، غالىبلىق، مەردانىلىقلارنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ، خانتەڭرىنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇ مۇقەددەس زېمىن ۋە ئۇنىڭ باتۇر خەلقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە، ئەبەدىل-ئەبەد غالىب ،مەردانە قىياپەتتە تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى يازغان. تۆتىنچى بۆلىكىدە يەنە خانتەڭرىنىڭ خىتابى بولۇپ، يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى ۋە ۋەتەننى سۆيۈش هېسسىياتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىگەن. هەم بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، 1983-يىلىرىغا كەلگەندە <<تووۋا دەيمەن>>، <<تووۋا>>ناملىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ، دەۋرىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلىرىدە مەۋجۇد ناچار ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىپ، مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىغا يامراۋاتقان چېقىمچىلىق، غەيۋەتخورلۇق، يۇرتۋازلىق، مەنمەنچىلىك، تاماگەرلىك، خۇشامەتچىلىك، ئارقا ئىشىك قىلىشتەك ناچار ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىپ يازغان نادىر شېئىرلىرىمۇ خېلى بار. بۇ شېئىرلاردا ئاساسەن <<ئىللەت تۈزەلسە مىللەت تۈزىلىدۇ.>>دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن.

ئەمدى بىز شائىرنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە يازغان بىر قىسىم رۇبائىيلىرىغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرىغان بولساق، مەسىلەن:

قەلەم سۇندى، ئەلەم سۇندى دىلىمنى،
شامال دارىپ كېكەچ قىلدى دىلىمنى.
قولۇم تۇتماس، پۇتۇم باسماس پالەچمەن،
نېمە بىلەن رازى قىلاي ئېلىمنى.

دەپ يېزىپ، ئاشۇ ئاپەتلىك يىلللاردىكى مەنىسىز ئۆتكەن كۈنلىرىگە ئېچىنىش بىلەن بىرگە خەلققە بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىگە بەك ئېچىنىدۇهەم خەلقنىڭ مەنىۋى جەهەتتىكى يوقۇلۇشلىرى، شۇنداقلا هاياتتىن ئەپسۇسلىنىش هېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. بولۇپمۇ بۇ يىللاردا شائىر خەلققە پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرەلمەي ئۆمرىنىڭ مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاتتىق ئېچىنغان. شائىرنىڭ هاياتىنىڭ ئاخىرقى

www.kitaphumar.net

مەزگىللىردە يازغان بىر تۇركۇم رۇبائىيلىرىنىڭ تېما دائىرسى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، مەزمۇنى مول.كۆپىنچە ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى روبائىيلار،خەلقچىللىك تېمىسىدىكى رۇبائىيلار، هاياتلىق هېكمىتى ۋە پەلسەپەۋى پىكىرلەر ئىپادىلەنگەن رۇبائىيلار،ئادىمىيلىك ۋە ئىنسانىي پەزىلەت، ئۇلۇغلانغان رۇبائىيلار كۆپرەك يېزىلغان.

شائىر شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك، شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق، ئۇنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا يازغان <<تەلكە ھەققىدە قوشاق>>، <<بۆشۈك ئەللىيسى>>، <<كوچا يولىدا بىر تۇن>>، <<يۇرتۇم قالدى>> قاتارلىق شېئىرلىرىدا روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ شېئىرلار خەلق قوشاقلىرىدىن ئىجادىي ئەندىزە ئالغان بولۇپ، تىلىنىڭ ئاممىبابلىقى، ئاھاڭدارلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقى، ئوبرازلىرىدىكى جانلىقلىق، تىلىدىكى پاساھەت ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن قوللىنىلغان ماقال-تەمسىللەر شائىر شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئاشۇرغان. كۆپىنچە شېئىرلىرىدا خەلقنىڭ ئىدىيۋى ھېسسىياتىنى خەلق تىلى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. شۇڭا خەلققە يېقىشلىق بۇ شېئىرلار ۋاقىتنىڭ، دەۋرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغان.

2013-يىلى 11-ئايدا يېزىلدى. 12-ئايدا قىسقارتىپ تەھرىرلەندى.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993-يىلى 10-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.

<<ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئابىدىسى >> مىللەتلەر نەشرىياتى 2008-يىلى 7-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.

<< خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا >>شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996-يىلى 6-ئاي ئۇيغۇرچە تۇنجى نەشرى، ئاپتورى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر.

ئادرېسىم:شىنجاڭ گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم ئىجتىمائىي خەۋەرلەر گۇرۇپپىسىدا كاندىدات ئالىي مۇھەررىر.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ 2015- يىللىق 1- سانىدىن ئېلىندى.